# ركائز الإيمان

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى

(1 ـ قىسىم)

مۇھەممەد قۇتۇب (مىسىر)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# ركائز الإيمان

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى

(1 ـ قىسىم)

ئاپتورى: مۇھەممەد قۇتۇب

ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

# ركائز الإيمان

**محمد قطب**

**رحمه الله**


**منبر التوحيد والجهاد**

**الدّال على الخير كفاعله**

http://www.tawhed.ws
http://www.almaqdese.net
http://www.alsunnah.info
http://www.abu-qatada.com
http://www.mtj.tw

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ لاَ انفِصَامَ لَهَا وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ، اللّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُواْ يُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوُرِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ أَوْلِيَآؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُم مِّنَ النُّورِ إِلَى الظُّلُمَاتِ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«كىمكى تاغۇت (يەنى اللەدىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇ، الله ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى تاغۇتىدۇر. تاغۇت ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. [①]»

① سۈرە بەقەرە: 256ـ ئايەت.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز .................................9
بىرىنچى باب: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ...............15
ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى ........................20
دىن ۋە ئىنسان تەبىئىتى ............................26
سەزگۈنى ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ھەقىقەتىگە ئويغىتىدىغان ئامىللار.......................................28
ئىنساندىكى سەزگۈنى دۆتلەشتۈرۈۋېتىدىغان سەۋەپلەر.........36
قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەت روھىنى يېتەكلەش ۋە ئۇنى ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇقلاردىن قايتۇرۇش ئۇسۇلى.........................41
قۇرئان ۋە سەزگۈ ..............................45
1 ـ كائىناتتىكى مۆجىزىلەر ..........................46
2 ـ ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق كۆرۈنۈشلىرى.....................57
3 ـ رىزىق ....................................63
4 ـ يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر.........................73
ھاياتلىقتا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ مۆئمىنغا بولغان تەسىرى......................................73
ھاياتلىقتا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ غاپىلغا بولغان تەسىرى......................................73
5 ـ ئاللاھنىڭ غەيبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلمى............80
ئەقلىي دەلىل ....................................90

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)


ئىنسان تەبىئىتىگە مەركەزلەشكەن ئىماننىڭ قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە ئويغىنىدىغانلىقى ................................128

قۇرئان باتىل يولدىكىلەرنىڭ دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىشكە مەسئۇل...138

1 ـ شېرىك ................................142

2 ـ «اللەنىڭ بالىسى بار» دەپ بىلجىرلاش...............153

3 ـ تىرىلىشنى ئىنكار قىلىش ........................165

ئىماننى مۇستەھكەملەش..................... ......173

1. اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ۋە ئۆزىمىزدىكى قۇدرىتىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئەسلىتىش.....................175

(1) اللەنىڭ بەندىلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرىدىكى مۆجىزىلىرى......183

(2) اللەنىڭ كائىناتنى شېرىكسىز باشقۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مۆجىزىلىرى................................186

(3) اللەنىڭ مۆجىزىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرنى كۈچەيتىدىغانلىقى ھەققىدە.......................................189

2. اللەنىڭ ئىنساننى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش.....192

3. ئىنسان قەلبىنى اللەنى ئەسلەشكە يۈزلەندۈرۈش..........195

4. پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى.........................197

5. مۇئمىن ۋە كاپىرلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى.................207

اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش .................. 220

اللەنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ..............241

ئىمان ۋە تەۋھىدتىن ئېغىپ كېتىش .....................255

شېرىك، شېرىكنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار....................................265

1. ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلۇغلاش ........266

2. ھېسسىي نەرسىلەرگە ئىشىنىشكە بېرىلىپ، غەيبى نەرسىلەردىن غەپلەتتە قېلىش ................................274

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)


3. هاۋايى ـ ھەۋەس ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرى..............280
4. اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش ............284
5. ئىنسانلارنى ئۆزىگە قۇل قىلماقچى بولۇۋاتقان ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشنى رەت قىلىۋاتقان تاغۇتلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى..................................288

شېرىكنىڭ تۈرلىرى...........................295

1. يېقىنچىلىق ئىزدەشتىكى شېرىك......................299
2. اللەنىڭ غەيرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلىش شېرىكى.......300
3. ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش شېرىكى .................304
4. دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈش شېرىكى.............313
5. رىيا (ئەمەل ـ ئىبادەتنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن قىلىش) شېرىكى ..........................317

شېرىكنىڭ تەسىرلىرى............................326

1. شېرىكنىڭ بىرىنچى تەسىرى: ئىنساندىكى ساغلام تەبىئەتنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش................................326
2. شېرىكنىڭ ئىككىنچى تەسىرى: روھىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرىنى يوق قىلىش....................................328
3. شېرىكنىڭ ئۈچىنچى تەسىرى: روھتىكى ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، ئىنساننى بىچارىلەرچە قۇللۇققا چۈشۈرۈپ قويۇش.........329
4. تۆتىنچى تەسىرى: ئىنسانىيەت روھىيىتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىۋېتىش..................................331
5. بەشىنچى تەسىرى: ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىش.........336
6. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىرى: ئۆز ئىگىسىنى (شېرىك كەلتۈرگۈچىنى) دوزاختا مەڭگۈ قالدۇرۇش ...........................339

دىنسىزلىق (ئاتېيىزم).............................343

دىنسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى .........................347

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

1. ياۋروپا چىركاۋلىرىنىڭ الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان نەسرانىيەت (خرىستىئان دىنى)نى بۇزۇشتىكى رولى..................347
2. چىركاۋنىڭ ئىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيىسى..........349
3. چىركاۋ ۋە دىندارلارنىڭ زوراۋانلىقى ............. 352
4. راھىبلىق...............................354
5. «مەغپىرەت چېكى كومىدىيىسى» ............... 355
6. چىركاۋنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ روھىيىتىدىكى ئىسلامنى سەتلەشتۈرۈۋېتىشى..............................356
7. يەھۇدىيلارنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ ھاياتىنى بۇزۇشتىكى رولى....................................358
8. بۇ ئىشلارغا قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ جاۋابكارلىقى...........360
دىنسىزلىق مەسىلىسى ھېچقانداق ئەقلىي ۋە ئىلمىي دەلىلگە ئىگە ئەمەس...................................364
ئاتېئىزىم ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت رېئاللىقىدىكى تەسىرلىرى..............................370
1. روھىي قىممەت ـ قاراش ۋە يۈكسەك غايىلەرنى يوقىتىش...................................371
2. ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇش ...... 374
3. قەلبتىكى «كونترول قىلغۇچى» كۈچنى يوقىتىش ..... 376
4. خەلقئارالىق جەمئىيەتتىكى تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ تاشلاش................................379
5. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشى...................................383
دىنسىزلىق مەسىلىسىگە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەيدانى......385
ئىسلامدا راھىبلىق يوق ........................... 393
ئىككىنچى باب: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش .... 399

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)


پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ........................... 399
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى..... 423
ئۈچىنچى باب: كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش.......... 425
ساماۋى كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى .......... 431
ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى .............. 438
قۇرئــان كەرىمنــىڭ ئىلگىرىكــى بــارلىق كىتــابلارنى ئەمەلــدىن قالدۇرغانلىقى.................................. 454
الله قۇرئاننى ساقلاشقا ئىگە بولۇپ كەلدى ............... 459
مۆئمىننىڭ روھىيىتىدىكى قۇرئاننىڭ ئورنى ............... 464
1. قۇرئان كەرىم ئىسلامى تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپىدۇر. ..... 466
2. قۇرئان كەرىم شەرىئەت (قانۇن) كىتابىدۇر: ............ 467
3. بــارلىق ئەھۋالــدا اللەنــىڭ شــەرىئىتى ئىنســانلار ھاياتىغــا ھۆكــۈم قىلىدۇ.......................................... 469
4. قۇرئان كەرىم اللەنىڭ كائىنــاتتىكى مــۆجىزىلىرى ھەققــدە ئويلىنىــپ بېقىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ............................ 476
5. ئىنســان ھاياتىغــا ھۆكۈمرانلىــق قىلىــدىغان قــانۇنىيەتلەر ھەققــدە مۇلاھىزىلەر....................................... 481
6. ئەڭ زور تارىخى ھادىسىلەرنى تونۇپ چىقىش.......... 487
قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەلەپلىرى............ 492

# ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى

1. 20 ـ ئەسىردىكى جاھىلىيەت.
2. مۇسۇلمانلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى (1 ـ قىسىم).
3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى (2 ـ قىسىم).
4. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.
5. كېلىڭلار باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!
6. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھاياتنىڭ پرىنسىپى.
7. ئىماننىڭ ئاساسلىرى (1 ـ 2 ـ قىسىم).
8. كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز.
9. بوسنىيە ـ گېرسىگوۋىنا قىرغىنچىلىقى

# ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئىدىيۋى بايلىقى

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب گەرچە ئاكىسى، «يول بەلگىسى» ۋە «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، بۈيۈك ئىسلامىي مۇتەپەككۇر، ئەدىب سەييد قۇتۇبقا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر بولمىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىسلامى ھەرىكەتتىكى تەسىرىنى ھەرگىزمۇ ئاكىسى سەييد قۇتۇبنىڭ تەسىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىتابلىرى، ئەسەرلىرى، لېكسىيىلىرى، يولىيورۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن، زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئۇنىۋېرستېت رىسالىلىرى بىلەن مۇكەممەل بىر ئىدىيىۋى «مەكتەپ»نى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، شەرق ۋە غەربتە ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرى كۆنسىرى كۈچەيمەكتە.

تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش

مۇھەممەد قۇتۇب 1919- يىلى 26- ئاپرىل مىسىر تۈزلەڭلىكىدىكى ئاسيۇت ۋىلايىتىگە قاراشلىق مۇشا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى قۇتۇب ئىبراھىم شازىلى يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. قۇتۇب ئىبراھىم گەرچە ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇ يېزىدىكى ئۇمۇمنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دېھقان زىيالىيلارنىڭ قاتارىدىن سانىلاتتى.

ئانىسى پاتىمە ئوسمان خانىم دىنىي ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئىلمخۇمار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھمەد ھۇسەيىن مۇشا ئەدەبى تالانتى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئەدىب ۋە شائىر ئىدى. ئۇ مۇخبىرلىق ۋە سىياسى ئىشلار بىلەن شوغۇللىناتتى. مۇھەممەد قۇتۇب ئۇنى سەيىد قۇتۇپ ۋە ئابباس مەھمۇد ئۇقاد بىلەن بىر قاتاردىكى داڭلىق ئۈچ ئەدىبنىڭ بىرى دەپ قارايتتى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قۇتۇب ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پاتىمە خانىم ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن سەيىدنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قاھىرەگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. مۇھەممەد قېرىنداشى سەيىد، ھەمشىرىلىرى ئەمىنە ۋە ھەمىدە بىلەن بىللە قاھىرەگە كەلدى. ئۇ قاھىرەگە كېلىپ، شۇ يەردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىدا ئوقۇدى. ئۇ 1940ـ يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى ھەمدە مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئالدى.

مۇھەممەد قۇتۇب ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى تەرجىمە ئىدارىسىدە بەش يىل ئىشلىدى. كېيىن يەنە ئىككى يىل

ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىقىدا كىتاب تۈزۈش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئىككى قېرىنداشنىڭ جاپا-مۇشەققىتى

ئۇستاز سەييد قۇتۇب ئىككى يىل (1950ـ1949) ئامېرىكىدا تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇتۇب ئائىلىسى مىسىردا پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشقا باشلىدى. چۈنكى، سەييد قۇتۇب قەلەم كۈرىشىگە ئاتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ھەر ۋاقىت دۈشمەن ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولغاچقا، ئۇنىڭ قاماققا ئېلىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)



(ئۇستاز سەيىد قۇتۇب)

1952 ـ يىلى ئىيۇلدا ئىنقىلاپ پارتىلىدى. ئىنقىلاپچىلار ئىسلامى يۆزلىنىشتىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» ۋە ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپلا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان «جامائەت» مۇتەپەككۇرى سەيىد قۇتۇب بىلەن توقۇنۇشتى.

توقۇنۇش تاكى 1953 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا سەيىد قۇتۇب «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ تەشكىلي ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن چاقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئاردىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، 1954 ـ يىلى ئۆكتەبىردە يالغاندىن

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئويدۇرۇپ چىقىلغان مەشھۇر «زۇڭتۇڭغا قەست قىلىش ۋەقەسى» يۈز بەردى (چۈنكى، جامال ئابدۇناسىر «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»غا ئۆزگە سۈيقەست قىلىش جىنايىتى بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ئىدى). ۋەقە يۈز بېرىپ، ئارقىدىنلا سەييد قۇتۇپ، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ باشقا رەھبەر ۋە ئاساسلىق ئەزالىرى قاماققا ئېلىندى. ھەربى تۈرمىدە ئىككى ئاكا-ئۇكا بىر-بىرىدىن يىراق بولغان ئايرىم-ئايرىم كامىرغا قامالدى. ئۇلار بىر-بىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. بىر-بىرىنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغىنىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار ھەربى تۈرمىدە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەھشەتلىك ئازاپ ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.... ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مۇھەممەد قۇتۇب تۈرمىدىن چىقتى. ئەمما، سەييد قۇتۇپ

بولسا، جاللاتنىڭ چاڭگىلىدا ئون نەچچە يىل قېلىپ قالدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ھەربى تۈرمىدىكى ئازاپ ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەربى تۈرمىدىكى ئازاپ مېنىڭ روھى دۇنيارىمغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ تەجرىبە خاراكتېرلىك قىيىناش ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر قاباھەت ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئازاپ ئىدىكى، ئۇ ھەقتە مەن، پەقەت ‹ئۇ مېنىڭ روھى دۇنيارىمنى ھەر قايسى تەرەپتىن بىر پۈتۈن ئۆزگەرتتى› دېيەلىشىم مۇمكىن... مەن ئىلگىرى ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە مەۋھۇم ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە ياشايتتىم. چوڭقۇر بىر گاڭگىراش مېنى قىيىنىماقتا ئىدى. مەن ئۇنى ‹زالالەت› نامىلىق قەسىدەمنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدىم:

ئۆتمەكتە ھەر كېچە، ئاقماقتا راۋان،

چېچىلدى خىيالىم، يوقالدى ئامان.

كائىنات ئۈستىدە كۆرۈنسە بىر ھەق،
زالالەت ئىـــــــلكىدە ئادەملەر قايان؟.

بۇ پانى دۇنيادىن ئىزدىشەر نېمـــــــــە؟
(يەتمىدى مەقسەتكە، تاپمىدى ھايان).

مەن ۋە ھەم كۆڭلۈمنى چىرمىغان ئويلار،
بارىمىز ئاخىرقى شۇ مەنزىل تامـــــــان.

تۈگەيدۇ بىر-بىرلەپ، تۈگەيدۇ ھەممە،
قۇملۇقلار قېتىغا كۆمۈلۈپ ھامـــان.

نامەلۇم چۆللـــەردە يۈرەر ھاياتلىق،
پەرۋاسىز ئايلىنار، ئايلىنار جاھان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇ خىل گاڭگىراش ھاياتىمدا ماھىيەتلىك كىرىزىس پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىمغا بولغان كۈچلۈك تەسىرى تاكى مەن تۇرمىگە تاشلانغانغا قەدەر بىر قانچە يىل داۋاملاشتى. مەن ھەربى تۇرمىگە قامالغان ئاشۇ دەقىقىلەردىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاپ-ئوقۇبەت ئاخىرى مېنىڭ گاڭگىراشلىرىمنى تۈگىتىپ، ھاياتىمغا مەنە ئېلىپ كەلدى.... مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلدىم، بەلكى، مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تاپتىم. روھىمدىكى ‹ئويلار›نىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ھەقىقەت الله يولىدا مېڭىش، الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى. بۇ يولدا ماڭغۇچى ئازغۇن ئەمەس، بەلكى، توغرا يول تاپقۇچى ئىدى. ئۇ ئەجەل تەقدىر قىلىنغان دەقىقىلەردە ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەندە، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھەرگىزمۇ بىكارغا كەتمەيتتى. ئۇ

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھەرگىزمۇ ئۇن ـ تىنسىز يوقۇلۇپ كەتمەيتتى، بەلكى، اللهنىڭ قېشىغا باراتتى ۋە ھەممىنى شۇ يەردە تاپاتتى.

تۆت كوچا ئېغىزى دەل ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەن دەقىقىلەر ئىدى.... زالالەت كوچىسىدىكى تېگىرقاشلىرىم ئاخىرى تۈگىدى. ئۆزۈمنى قايتىدىن توغرا يول ئۈستىدە تاپتىم.

مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ يۈكى مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. ئىلگىرى ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئاكام كۆتۈرەتتى. ھەممىمىز شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ھاياتنىڭ بىر تالاي مۈشەققەتلىرى مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا خىلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئىدىم.... ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1964ـ يىلى مايدا ئاكام سەيىد ـ الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ـ كېسەللىك سەۋەبىدىن كەچۈرۈم قىلىندى دېگەن نام بىلەن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. مەن بۇنىڭدىن خۇشال

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بولۇشنىڭ ئەكسىچە ئىچ-ئىچىمدىن بىئاراملىق ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاكامنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئارقىلىق تۈرمىدىنمۇ يامانراق بىر سۇيىقەستنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. مەن ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئاكام ھەربى تۈرمىدىن ئايرىلىپ بىر يىل بولا-بولمايلا ئىشلار يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىز سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىن بىزنى قورشاپ بولغانلىقىنى بىلدۇق. 1965-يىلى تۇتقۇن قىلىش باشلىنىپ كەتتى. مەن ۋە ئاكام سەيىد يەنە تۈرمىگە تاشلاندۇق. 1966- يىلى 29- ئاۋغۇست (دۈشەنبە) تاڭ سەھەردە ئاكام سەيىد «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئالتە رەھبىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مەن تۈرمىدە (1965- يىلى 30- ئىيۇلدىن 1971- يىلى 17- ئۆكتەبىرغىچە) ئالتە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئاكام سوت قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن باشقا، چوڭ

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاچامنىڭ ئوغلى رەفىئەت سوراق جەريانىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاچام نەپىسە، ئەمىنە ۋە سىڭلىم ھەمىدەمۇ بىز بىلەن بىللە تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، سىڭلىم ھەمىدە دەھشەتلىك سوراقنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆڭۈلگە كەچمىگەن ئېغىر ئازاب ۋە قىيىن-قىستاقنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياۋى خرىستىئانلار ۋە خەلقئارالىق يەھۇدىيلارغا ۋاكالىتەن دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان ‹مۇسۇلمان› دېگەن نامنى كۆتۈرۈۋالغان مەخلۇقلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى ئىدى.

بىراق، تۈرلۈك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە تولغان بۇ ئالتە يىل شۇ قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان يىللار دۆۋىسىنى ھاسىل قىلدى».

دېمەك، قۇتۇب ئائىلىسى مىسىردا ناسىرچىلار تۈزۈمىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە يەتكۈدەك ئۇچرىدى. ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.

## سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلىش

1971- يىلى ئۆكتەبىردە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» ئەزالىرى جامال ئابدۇناسىرنىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن كوللىكتىپ ھالەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ جامائەت شەكلىدە مىسىردىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ 70- يىللارنىڭ بېشىدا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» بىلەن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستان مەملىكىتىگە سەپەر قىلىپ، ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە بۇ مۇبارەك دىياردا ياشىدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب دەسلەپتە مەككىدىكى «ئۇممۇل قۇرا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن جىددىدىكى پادىشاھ «ئابدۇلئەزىز» ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلدى. سەئۇدى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت خاراكتېرلىك ئىسلامى مەكتەپ تەسىس قىلىشتىكى بارلىق پەزىلەت ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبقا مەنسۇپ!. ئۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مەكتىپى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت قىيىنچىلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە ئورناتقان بىر قانچە ئۇنىۋېرستېت رىساللىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ رىساللەر كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەسىرى سەئۇدى ـ ئەرەب مەملىكىتىدىن ھالقىپ باشقا ئىسلام

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېتىپ باردى. دوكتۇر سەپەر ھاۋالىنىڭ «ئىلمانىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققى قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىسلامى ھاياتتىكى تەسىرلىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سەئىد قەھتانىنىڭ «دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك چېگرىسى» ناملىق ئەسىرى بۇ رىسالىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى ھېساپلىنىدۇ.... ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب 1988ـ يىلى دۇنياۋى ئىسلام تەتقىقاتچىلىرىغا تارقىتىلغان پادىشاھ فايسال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ مىسرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى يىللاردىن بىرى مەككە-مۇكەررەمىدە ياشاپ كەلدى. ئۇ 2009-يىلى 9-ئاينىڭ 1ـكۈنى مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىكى بىلەن سەئۇدى مەملىكىتى جىددە خەلقئارالىق داۋالاش مەركىزى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئاشۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ كېلىۋاتقان

ئىدى. ئاخىرى اللهنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن، هازىرقى زامان ئىسلام ئويغىنىش هەرىكىتىنىڭ غوللۇق بايراقدارلىرىنىڭ بىرى، سىلىكىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى ۋە لېكسىيەلىرى بىلەن ئىسلامىي دەۋەت ساھەسىدە زور بۆرۈلۈش ياسىغان مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ ئۇستازى، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب 2014ـيىلى 4ـئاينىڭ 4ـكۈنى جۈمە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە جىددە شەھىرىدىكى دۆلەتلىك مەركىزىي دوختۇرخانىدا 95 يېشىدا ۋاپات بولدى.

الله ئۇستازىمىزغا رەھمەت قىلسۇن، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن، جەننەتنىڭ ئالى ماقاملىرىغا ئىرىشتۈرسۇن، ئۇنىڭدىنمۇ ئالى مۇكاپات بولغان ئۆزىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلسۇن... (ئامىن)

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇستازىمىزنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە

تۆكۈلدى بىريۇلتۇز بۇگۈن، دىنىمىز ئاسمانىدىن،
ئايرىلىپ قالدى ئۇممەت، يەنە بىر يولباشچىسىدىن.
ۋادەرىخ، قەلبىم شۇئان چوغ ئۇستىدە قىل ئىرۇر،
ئەجەل ئوقى بىمەھەل سېنى نەق ئاتقانىدىن.
ئۇممىدۋار، مەغرۇرلىقىڭ ۋەزنى گويا تاغ ئىدى،
ھېچ خەۋپلەنمەس ئىدىڭ، ياۋنىڭ قېلىچ ئاسقانىدىن.
مەشئەل بوپ ئۇممەت ئۇچۈن جاھالەت تۇمانىدا،
نۇر بېرىپ كەلگەن ئىدىڭ، ئاستى-ئۈستى ھەريانىدىن.
ياشىدىڭ ھەق يولىدا، بىر ئۆمۈر دادىل تۇرۇپ،
تايمىغانتىڭ، قايمىغان، رەببىمىز پەرمانىدىن.
جاھالەت ئالەم ئارا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلىسا،
دەس تۇرۇپ «يوقال!» دېدىڭ، قورقمىدىڭ سۇر ھالىدىن.
تۆلكىلەر ھەر تەرەپتىن سالسا كۆپ رەنجۇ-ئەلەم،
سۇس كۈلۈپ قويدۇڭ ئاڭا، دىلدا يوق ئەپغانىدىن.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىمانغا قويۇپ سوئال «بىز مۇسۇلمانمۇ؟» دېــــــــدىڭ، تەئەججۈپلەر ئەيلىدىڭ، «مۇسۇلمانلار ئەھۋالى»دىــــن. «باياۋاندىن چىقايلى» دەپ، ئەجەپ ياخراق نىـــدا قىلدىڭ، قۇتۇلسۇن دەپ مۇسۇلمانلار، خارۇ-زارلىق پەگاھىـــــدىن. «مۇسۇلمانلار چۈشەنچىنى قايتىدىن تۈزەت» دېـــــــدىڭ، ئۆتكۈز دېدىڭ ھەر ئىشنى «قۇرئان، ھەدىس» گۇۋاھىدىن. بىر ئۆمۈر ئۈممەت دېدىڭ، ئۈممەت ئۈچۈن تۈتتۇڭ قــەلەم، ئۈممەت غېمى غىمىڭ ئىدى، غەم يوق پانىي نىگارىدىن. يازغانلىرىم ئەمەس يالغان، ئىش-ئىزلىرىڭ پاكىت ئاڭا، ھامان بىر كۈن بىلگەي خەلق، نەتىجە ئىزھارىـــــــدىن. كۆرمىدى پانىي ساڭا ئەركىن نەپەسنى ھېـــــــــــچ راۋا، ئىلاھىم قاندۇرغۇسى مۇبارەك دىدارىـــــــــــــــدىن. رەھمىتى كەڭ رەببىمىزنىڭ، يوق ئاڭا چېگـــــرا-توساق، بەرگۈسى ئالىي ماقام، جەننىتى رىزۋانىـــــــــــــــــدىن.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

سەيىد قۇتۇبنىڭ مۇھەممەد قۇتۇبقا كۆرسەتكەن تەسىرى:

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا جامال ئابدۇناسىر تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ مۇتەپەككۇرى ئۇستاز سەيىد قۇتۇب مۇھەممەد قۇتۇبدىن 12 ياش چوڭ ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ مۇھەممەد قۇتۇبقا نىسبەتەن ئائىلە باشلىقى، دادا ۋە دوستىنىڭ ئورنىدا ئىدى.



ئۇستاز سەيىد قۇتۇب سوتتا

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە ئەقلىي قۇرۇلمىسىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۆزىنىڭ

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۆگىنىش ۋە تەلىم تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىنىڭ ئاكىسى سەيىد قۇتۇب ئىككەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەربىيە تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەن بىلەن ئاكام ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بىر مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق بىلەن كەسكىنلىك بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇزغۇنچى يۇمشاقلىق ۋە نەپرەتلەندۇرگۈچى قاتتىقلىق ئەمەس ئىدى. ئاكام مېنى ھەر قايسى ساھەلەردە ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۆزىمۇ ئوقۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلھامى مەندە بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا دەرسلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان روھنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئىككى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى بىرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن زېھنىم ئېچىلىپ، ئاڭغا ئىگە

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بولغىنىمدىن بىرى ئاكام سەيدىنىڭ ئىدىيۋى يۈزلىنىشلىرى بىلەن ياشاپ كەلدىم. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن باشلاپ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ساھەلىرىگە قاتناشتۇراتتى. ماڭا ئوخشىمىغان تېمىلارغا قارىتا مۇنازىرە قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. شۇ سەۋەپتىن بىزنىڭ ئىدىيىلىرىمىز، پىكىرلىرىمىز ۋە روھلىرىمىز ئۆز-ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قېرىنداشلىق ۋە بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ئارىمىزدا زور دەرىجىدە يېقىنلىق ۋە ھەمكارلىقنى ھاسىل قىلدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىدىيىۋى پىرىنسىپى

بۇ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى غەرب، غەربنىڭ ماددى مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىۋى كۆز-قاراشلىرىغا قارىتا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەنقىدى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئەينى چاغدا لىبېرالىزم، كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرى ئىسلام ئەللىرىنى قاپلىغان، كۆپلىگەن ئاخبارات ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، بۇ خىل نەزەرىيىلەر 50ـ 60ـ يىللاردا ئۇنىۋېرستېت ۋە ئىلمىي ئىنىستىتۇتلاردا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنىپ ئۆگىتىلەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ خىل نەزەرىيىلەرنى تەنقىد قىلىدىغان، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ۋە مائارىپ سۈپىتىدە ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىغا تەدبىقلاشقا يارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان بىر بۆلۈك باشلامچى خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يازدى.

ئۇ غەربنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى تەنقىد قىلىش دائىرىسىدە بارلىق پەنلەرنى ۋە ئۇنى تەدبىقلاشنى ئىسلامى قىممەت ۋە ئىسلامى ئەخلاق ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان دەۋەت

مەسىلىسىنى كۆتۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ياۋروپادا ئومۇمەن ئىجتىمائى پەنلەر، خۇسۇسەن پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئاتالغان پەنلەر پرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئوبيېكتىپ ھالدا مۇسۇلمانلار مەسىلىسىنى چىقىش قىلغان پەنلەر ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەنبە «اللّٰه» ئەمەس، بەلكى، ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالمايدۇ.... بۇ پەنلەر گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ، ياۋروپادا شۇ جايدىكى يەرلىك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن دىننى دۈشمەن بىلىدىغان مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. بىز ئۇنى شۇ پېتى نەقلى قىلدۇق. بىلىپ-بىلمەي ئۇنىڭ شۇ خىل دىنغا قارشى روھى بىلەن مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدا دەرسلىك قىلدۇق».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئىدىيۋى ھۇجۇمنىڭ ئەقىل ۋە روھىمىزنى قاپلىۋالغان بىسىمىدىن قۇتۇلۇش پەيتى يېتىپ كەلدى. بىز بۇ پەنلەرنى دىن بىلەن ئىلىم، دىن بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلمايدىغان ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم».

مانا بۇ ئۇستازنىڭ ھاياتى ئۇنىڭغا باغلانغان تۈپ ئىدىيە.

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى



# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى لېكسىيە سۆزلەش، كىتاب يېزىش ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب لىۋىيىلىك دەۋەتچى شەيخ سالىم بىلەن بىللە

ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىدىيە، تەربىيە ۋە ئەدەبىيات... قاتارلىق كۆپ خىل تېمىدا بولۇپ، سانى 30 پارچىدىن ئاشىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇستاز 90 يىللىق ئۆمرىنى رىئاللىقنى ئىسلامى كۆزنەك ۋە «غەربنىڭ مائارىپ نەزىرىيىسى»گە قارشى بولغان مائارىپ قارىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئەمما، روشەن تېما خاسلىقىغا ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

1. 20ـئەسىردىكى جاھىلىيەت.

2. بىزنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىمىز (ئۆيغۇرچىغا «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان).

3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى («مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»نىڭ داۋامى).

4. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھايات پىرىنسىپى.

5. بىز ئىسلام تارىخىنى قانداق يازىمىز؟.

6. ئىلمانىيلار ۋە ئىسلام.

7. خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام.

8. ئىجتىمائى پەنلەرنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە.

9. ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتلار.

10. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىزچىللىق.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

11. ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى (1ـ2ـ قىسىم).

12. ئىسلام سەنئىتىنىڭ پرىنسىپى.

13. ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان.

14. قۇرئان تەتقىقاتى.

15. بىز مۇسۇلمانمۇ؟.

16. روھىيەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە.

17. پەيغەمبەردىن تامچىلار (تاللانمىلار).

18. ئەنئەنە كۈرىشى.

19. ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار.

20. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.

21. ئافغانىستان جىھادى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇملىرى.

22. قۇرئان كەرىمدىن ئېلىنغان تەربىيىۋى دەرسلەر.

23. ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامى نۇقتىدىن كۆزىتىش.

24. شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھەققىدە.

25. بوسىنىيە-گېرتسېگوۋىنانىڭ جاپا-مۇشەققەتلى ھەققىدە خاتىرىلەر.

26. شەرقشۇناسلار ۋە ئىسلام.

27. مۇسۇلمانلار ۋە يەر شارىلىشىش.

28. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ!.

29. ئاقارتىش مەسىلىسى.

30. ئاياللار ئازاتلىقى مەسىلىسى.

31. كېلىڭلار! باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!.

32. كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز؟.

33. ئىماننىڭ ئاساسلىرى.

34. تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە..

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى «20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

غەرب ۋە غەرب يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا ئىنسانىيىتىنىڭ تەسەۋۋۇر، ھەرىكەت، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، جىنسىيەت ۋە سەنئەت.... قاتارلىق ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە بۇزۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ ئىنسانلىرىغا ئوخشاش جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ھالىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا «ھەر قايسى ئېقىملار»غا قارىتا تەنقىدى مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ نەزىرىيىلىرىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاستا-ئاستا پارچىلىنىۋاتقانلىقىنى روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ ئەسەر ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن شەرىئەت فاكۇلتېتلىرىدا ئاساسلىق مەنبەگە ئايلانغان.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاپتورنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا مۇسۇلمان تارىخچىلارنى ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تارىخى تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يوقۇتۇش ئۇچۇن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسلامى ئەندىزە بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا چاقىرغان.

سۆھبەت جەريانىدا ئاپتورغا «سىز قايسى ئەسىرىڭىزنى ئەڭ بەك ياخشى كۆرىسىز؟» دېگەن سوئال قويۇلغاندا، ئاپتور بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئادەتتە ئاپتورلار: ‹مېنىڭ ئەسەرلىرىم گويا مېنىڭ بالىلىرىمغا ئوخشايدۇ. مەن ھەممە بالىلىرىمنى ياخشى كۆرگىنىمگە ئوخشاشلا، بارلىق ئەسەرلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن› دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما، مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم ‹ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان› بولۇپ، بۇ ئەسەر مېنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمگە قارىغاندا قەلبىمدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ ئاساسلىق يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە تەربىيە ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە يازغان بىر قانچە ئەسىرىم ئاشۇ خىل يۆنىلىش بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ‹20ـئەسىردىكى جاھىلىيەت›مۇ ئەسەرلىرىم ئىچىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ جاھىلىيەتنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ھەقىقى قارىشىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. جاھىلىيەت مۇئەييەن زامان ياكى دەۋرگە قارىتىلمايدۇ، بەلكى، ئۇ ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولىدىغان ھالەت. بۈگۈن ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيانقى ئەڭ رەزىل جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ».

ھەيران قالارلىق سۆكۈت

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئاكىسى سەييىد قۇتۇبنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن «ئىدىيىسى»نى ۋە سەييىد قۇتۇبقا يۆكلەنگەن «ھەممىنى كاپىر دەيدىغان كۆز-قاراش»لىرىنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن زور تەنقىد ۋە تاپا-تەنىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ سەييىد قۇتۇبنىڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەشىر قىلدى ۋە كىتابلارنىڭ بېسىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بىر قىسىم كىشىلەر: سەييىد قۇتۇب ۋە مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە باغلانغان جامائەتلەرنىڭ «ئوزۇق» مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جامائەتلەرنىڭ ئاشۇ ئەسەرلەر بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار گاھىدا سەييىد قۇتۇب ئاندىن كېيىن مۇھەممەد قۇتۇب جاھىلىيەت ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە ئالاقىدار

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەرەپلەردە ئىشلەتكەن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەينەن ئىشلىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، «بازا تەشكىلاتى»نىڭ داھىيسى ئۇساما بىن لادىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، مۇھەممەد قۇتۇب ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئازغىنە شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇساما بىن لادىننىڭ «بىن لادىننىڭ ئەقلى-ئىتىقادىنى قانداق شەكىللەندى؟» ناملىق تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىۋېرسىتېتتا بىن لادىننىڭ ھاياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى شەخس بولۇپ، ئۇلار ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ۋە شەيخ ئابدۇللا ئەززام ئىدى».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب 20-ئەسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك يەتتە مۇتەپەككۇر ۋە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئالىمنىڭ[①] بىرى. ئۇ دۇنيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىنى اللهنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە يەر شارىدا اللهنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش يولىدىكى كۆرەشكە بېغىشلىدى. شۇنداقتىمۇ، 50ـ60 يىلدىن بىرى ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىدا ھاكىمىيەت بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ ئادەتلەنگەن ئۆلىمالار مۇھەممەد قۇتۇبنى ئىزچىل تۈردە تەنقىدلەپ ۋە ئەيىبلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب پەرۋاسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئىسلامى مەيداندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۈرىشىنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.... مۇھەممەد قۇتۇب دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشىمىغان تىلدا

---

[①] سەئىد نۇرەسى، ھەسەنۇلبەننا، ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى، ئەبۇلھەسەن نەدەۋى، سەيىد قۇتۇب، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە ئابدۇللا ئەززام.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

سۆزلىشىدىغان ياش ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ بىر-بىرىگە يەتكۈزىدىغان ئەسەرگە ئايلاندى.

ئىسلامى ھەرىكەت يەنىمۇ بەكرەك تەربىيىگە مۇھتاج

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كامال ھەبىب بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى

كامال ھەبىبنىڭ بايانى: ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب مېنى مەككە-مۇكەررەمىدىكى ئۆيىدە كۈتۈۋالدى. بىز ئامېرىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان قاباھەتلىك ھۇجۇمىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام ھەرىكىتى دۇچ كەلگەن يېڭى قىيىنچىلىقلار ھەققىدە

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

خىلى ئۇزۇن پاراگىلاشتۇق. مۇشۇ خىل ئەھۋالدىمۇ مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ مەسىلىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاۋاتقانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر يامانلىق بىلەن بىر ياخشىلىق بىللە كېلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان ھۇجۇمدا بۇ يامانلىقتا ياندىشىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ ياخشىلىق ئامېرىكىنىڭ نىقاۋىنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشى بولۇپ، ئەمدى ئامېرىكا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن «ئادالەتنىڭ ھامىيسى» دەپ قارالمايدۇ. ھەممە نەرسە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇرۇش مەخپىي، يوشۇرۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى، گۇۋاھچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالەتتە داۋاملىشىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكىغا يەھۇدىيلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىمۇ

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يەھۇدىيلارنىڭ «ئۇيۇنى» ئىكەنلىكىنى ئىچىپ تاشلىدى. ھەمدە بۇنىڭدىن «خەلقئارالىق ئوپېرا»نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىدىغانلىقىنى، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئالڭ ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئۇستاز بىلەن ئىلىپ بارغان سۆھبىتىمىز ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى. ئەمما، ئۇ ئۆزى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدى. ھەتتا، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش تەلىۋىمىنىمۇ پۈتۈنلەي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقا تېمىلادا سۆزلەشتۇق.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب مىسىردىكى ئىسلامى جامائەت سادىر قىلغان كەمچىلىكلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يازغان ئەسەرلىرىدە يېتەرلىك كۈچ توپلاشتىن ئىلگىرى ئەرەب

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسى تۈزۈملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەر تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە اللهنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە اللهنىڭ:

{وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ}

«گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق روشەن بايان قىلىمىز[①]» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇستاز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئىسلامى جامائەت رەھبەرلىكى سىياسى تۈزۈملەر بىلەن

① سۈرە ئەنئام: 55 ـ ئايەت.

تىركىشىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرىدىغان ئالىڭ ۋە تەجرىبىنى يوقىتىپ قويغان».

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «بۇگۈن خەلقئارالىق مەيداندا ۋە پەلەستىندە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر مېنىڭ قارىشىمدا قىيامەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، بىر يەھۇدى تاش ياكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا ئاشۇ تاش ياكى دەرەخ: ئى مۇسۇلمان! ئى اللهنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدى مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر! دەيدۇ› دېگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ».

ئۇ بۇنىڭغا اللهنىڭ سۈرە ئىسرادىكى:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيراً}

«ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى) خاراب قىلىشى ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق) »[①].

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفاً}

① سۈرە ئىسرا: 7ـ ئايەت.

«ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز»[①]

دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ تەپسىرشۇناسلارنىڭ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدىكى: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن پەلەستىنگە كەلدى» دېگەن سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب غەربنىڭ ئىسلامغا تۇتقان مەيدانىنىڭ ئۈچۈقتىن-ئوچۇق ئەھلىسەلىپ مەيدانى ئىكەنلىكىنى، غەربلىكلەرنىڭ: «بىز ئىسلام بىلەن چىقىشىپ ئۆتىمىز ياكى ئىسلامغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز» دېگەن گەپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي

---

① سۈرە ئىسرا: 104ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قۇرۇق شوئار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە غەربتىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۆنسىرى ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تېخىمۇ ئېغىر خەتەر ئۈچۈن تەييارلىنىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

ئاخىرقى بىر سوئال:

بىر ئۇستازدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭرى تارقالغان: «سەييىد قۇتۇب ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى مائارىپ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغان» دېگەن گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى سورىدۇق.

مۇھەممەد قۇتۇب بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئاكامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىشى

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ساقچىلار بىلەن ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئاقىقا سوزۇلغان ئاشۇ قاباھەتلىك كۆرەشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولغان كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى. ئەمما، ئۇ بۇ يەردىكى ئاساسلىق سەۋەپ ئەمەس. چۈنكى، سەۋەپ «يول»نىڭ ئوخشىماسلىقى ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ئاكامنى بويسۇندۇرىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئاكامنىڭ ھەق ئۈستىدە ۋە اللهنىڭ دىنىدا ئىزچىل تۇرۇپ مۇستەھكەم تۇرۇشى دۈشمەننىڭ «تاما»سىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1966ـ يىلى ئاكامغا ئۆلۈم جازاسى ئىلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاكامغا جامال ئابدۇناسىردىن كەچۈرۈم سوراش ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئىلان قىلىش تەكلىۋىنى قويىدى. ئەگەر ئاكام ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلسا، ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاماقتىكى بارلىق

ئەزالارنى قاماقتىن بوشىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ئاكام بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، شەھىد قىلىنىش ئارقىلىق ئاخىرقى «پارلاق مەنزىل»گە يەتتى.

الله ئىككى ئۇستازنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي! ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلغاي! ئۇلارغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي! (ئامىن) ـ تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى

1. 20ـ ئەسىردىكى جاھىلىيەت.
2. مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى (1ـقىسىم).
3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى (2ـقىسىم).
4. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.
5. كېلىڭلار باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!
6. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھايات پرىنسىپى.
7. ئىماننىڭ ئاساسلىرى (1ـ2ـقىسىم).

8.كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز.
9.بوسنىيە ـ گېرسېگوۋىنا قىرغىنچىلىقى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

## كىرىش سۆز

ھەقىقەتەن جىمى ھەمدۇ ـ سانا اللەغا خاسدۇر، بىز اللەنى مەدھىيىلەيمىز، اللەدىن ياردەم سورايمىز، اللەدىن ھىدايەت تىلەيمىز، كۆڭۈللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

اللەغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئازغۇن كىشىنى اللەدىن باشقا ھېچ كىشى ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، اللە يالغۇز، اللەنىڭ شېرىكى يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، بىز تەرەپكە بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ كىشىنىڭ كىيىملىرى ئاپئاق، چېچى قاپقارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن سەپەرنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنمەيتتى. ئارىمىزدىن ھېچكىم ئۇ كىشىنى تونومايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا چىڭ چاپلىدى. ئىككى ئالقىنىنى ئۆزىنىڭ ئىككى يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلام ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {الإِسْلاَمُ أَنْ تَشْهَدَ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ وَتُقِيمَ الصَّلاَةَ وَتُؤْتِىَ الزَّكَاةَ وَتَصُومَ رَمَضَانَ وَتَحُجَّ الْبَيْتَ إِنِ اسْتَطَعْتَ إِلَيْهِ سَبِيلاً} (ئىسلام دېگەن بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇشۇڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ۋە يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ ھەج قىلىشىڭدۇر) دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ» دېدى. بىز ئۇنىڭ سوئال سوراپ يەنە سوئالنىڭ جاۋابىنى تەستىقلىغانلىقىدىن ئەجەپلەندۇق. ئۇ كىشى: «ماڭا ئىمان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {أن تؤمن بالله وملائكته وكتبه ورسله واليوم الآخر وتؤمن بالقدر خيره وشره} (ئىمان دېگەن اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا

ئىشىنىشىڭدۇر) دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ» دېدى، ئاندىن: «ماڭا ئېھسان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {أن تعبد الله كأنك تراه، فإن لم تكن تراه فإنه يراك} (ئېھسان دېگەن اللهغا گويا سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ھالەتتە ئىبادەت قىلىشىڭ ياكى "گەرچە مەن اللهنى كۆرمىسەممۇ، الله مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ" دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئىبادەت قىلىشىڭدۇر) دېدى[1].

مانا بۇلار، ھەر بىر مۇسۇلمان اللهغا توغرا يول بىلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم دىنى ھەقىقەتلەر بولۇپ، ھەر قايسى دەۋردىكى مۇسۇلمان ئەۋلادلار اللهغا ئىبادەت قىلىشنىڭ توغرا يولىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆگەنمەكتە. الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿وما خلقت الجن والإنس إلا ليعبدون﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[2].

ئىسلام ھەقىقەتلىرى تۇراقلىق ھەقىقەتلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغاندىن باشلاپ تاكى قىيامەتكىچە ئۇنىڭدا قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مەنبەسى اللهنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر. بىراق، ھەر قايسى دەۋردىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رېئاللىق، رېئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر، يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋاللار، چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتتە پەيدا بولغان خاتالىقلارغا قارىتا توغرا يۈنىلىش بويىچە ئىزاھلايدۇ ۋە شەرھلەيدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2]سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مەقسەت، ئىسلام ھەقىقەتلىرىنىڭ ھەر قايسى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېڭىدا ئېنىق، سۈزۈك ۋە روشەن ھالەتتە شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر.

ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا غېرىب بولۇپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى تونۇشقا تولىمۇ مۇھتاج!. بۇ خىل غېرىبلىق ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ـ اللەنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن ـ ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: {بَدَأَ الإِسْلَامُ غَرِيبًا وَسَيَعُودُ كَمَا بَدَأَ غَرِيبًا فَطُوبَى لِلْغُرَبَاءِ} (ئىسلام غېرىب ھالەتتە باشلاندى، ئۇ باشلانغىنىدەك غېرىب ھالىتىگە قايتىپ كېلىدۇ، غېرىبلارغا مۇبارەك بولسۇن!)①.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب يۇقىرىقى ھەدىستە سۆزلەنگەن اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت «ئىماننىڭ ئاساسلىرى»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەن بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا مۇمكىن قەدەر كىتابنىڭ ئىبارەتلىرىنىڭ ئاسان بولۇشىغا، ئوقۇغۇچى بىلەن دىنى ھەقىقەتلەرنىڭ تۈنجى مەنبەسى بولغان قۇرئان ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بەردىم. ھەر بىر مەسىلىدە قۇرئاندىن بىر ياكى ئىككى دەلىلنى كەلتۈردۈم ھەمدە بۇ ئىككى دەلىلنى تېخىمۇ بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان مەزمۇنلار بىلەن ئىزاھلىدىم. يەنە قۇرئاندىن بىر نەچچە ئايەتنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىدا ئىزاھلانغان ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۆزى مۇستەقىل تەپەككۇر

① بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىشقا قالدۇردۇم. شۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچى اللەنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ. چۈنكى، الله بىزنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشقا بۇيرىدى. الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَفَلاَ يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ اللهِ لَوَجَدُواْ فِيهِ اخْتِلاَفًا كَثِيرًا﴾

«ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) اللەدىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى»①.

﴿كتاب أنزلناه إليك مبارك ليدبروا آياته وليتذكر أولوا الألباب﴾

«(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»②.

ئاخىرقى سۆزۈم شۇكى، مەن بۇ كىتابنى يېزىشتىكى توغرا مەقسەتكە ئازراق يېقىنلاشقان بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن... ﴿وما توفيقي إلا بالله عليه توكلت وإليه أنيب﴾ «مەن پەقەت اللەنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) اللەغا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن»③.

ـ مۇھەممەد قۇتۇب

① سۈرە نىسا: 82 ـ ئايەت.
② سۈرە ساد: 29 ـ ئايەت.
③ سۈرە ھۇد: 88 ـ ئايەت.

# بىرىنچى بابتىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار

- ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى
- دىن ۋە ئىنسان تەبىئىتى
- قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەت روھىنى يېتەكلەش ئۇسۇلى
- ئىنسان تەبىئىتىگە مەركەزلەشكەن ئىماننىڭ قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە ئويغىنىدىغانلىقى
- قۇرئان باتىل يولدىكىلەرنىڭ دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىشكە مەسئۇل
- ئىماننى مۇستەھكەملەش
- اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش
- اللەنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش
- ئىمان ۋە تەۋھىددىن ئېغىش
- شېرىكنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەپلىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىرى
- ئاتېئىزىم ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت رېئاللىقىدىكى تەسىرلىرى

# بىرىنچى باب

## اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئىسلامنىڭ ئومۇمى مەنىسى: *ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرۇش، شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، اللەغا بىر پۈتۈن يۈزلىنىش ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تولۇق بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر.* اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾

«كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرىدىكەن (يەنى اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس اللە ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ»[1].

﴿وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لله وَهُوَ مُحْسِنٌ واتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَاتَّخَذَ اللهُ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلاً﴾

«ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرغان (يەنى اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس اللە ئۈچۈن قىلغان)،

---

[1] سۈرە بەقەرە: 112 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ اللە ئىبراھىمنى دوست تۇتتى»[1].

اللە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يالغۇز ئىدارە قىلغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئۆزىنى پۈتۈنلەي اللەغا تاپشۇرۇش» مەنىسىدىكى ئىسلامنى بارلىق ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلغان بولۇپ، بۇ ئىلاھنىڭ مەخلۇقلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. شۇنداقلا، مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆز رەببىگە ۋە ياراتقۇچىسىغا قۇلچىلىق قىلىشىنىڭمۇ ھەم تەقەززاسىدۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ دىنى «ئىسلام» ئىدى. يەنى ھەر قايسى مىللەتلەرگە نازىل بولغان شەرىئەت (قانۇن) گەرچە زامان ۋە ماكان ئېتىبارى بىلەن قىسمەن تەرەپلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، بىراق، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئەقىدە پەقەت بىرلا ئىدى. اللە قۇرئاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَن يَرْغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبْرَاهِيمَ إِلاَّ مَن سَفِهَ نَفْسَهُ وَلَقَدِ اصْطَفَيْنَاهُ فِي الدُّنْيَا وَإِنَّهُ فِي الآخِرَةِ لَمِنَ الصَّالِحِينَ﴾

«ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ[2].»

﴿رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾

---

① سۈرە نىسا: 125 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 130 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئىچىدىن ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»[①].

الله تەۋرات ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا أَنزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ أَسْلَمُواْ لِلَّذِينَ هَادُواْ﴾

«بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللهنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ»[②].

الله يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَمْ كُنتُمْ شُهَدَاء إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ الْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِن بَعْدِي قَالُواْ نَعْبُدُ إِلَـٰهَكَ وَإِلَـٰهَ آبَائِكَ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ إِلَـٰهًا وَاحِدًا وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

«يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: ‹مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟› دەپ سورىدى. ئۇلار: ‹سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر اللهغا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز› دېدى»[③].

الله يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

---

① سۈرە بەقەرە: 128 ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 44 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 133 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿رَبِّ قَدْ آتَيْتَنِي مِنَ الْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِي مِن تَأْوِيلِ الأَحَادِيثِ فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَنتَ وَلِيِّي فِي الدُّنُيَا وَالآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ﴾

«(ئۇ) ”پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن“ دېدى»[①].

دېمەك، بۇ ئومۇمىي مەنادىكى ئىسلام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تاكى قىيامەتكىچە زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ دىنىدۇر.

بىراق، اللە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە رەھمەت قىلىپ، ئۇنى «مۇسۇلمان ئۈممەت» ياكى «مۇسۇلمانلار» دېگەن نامغا خاس قىلدى. اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ هُوَ اجْتَبَاكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ مِّلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَاهِيمَ هُوَ سَمَّاكُمُ الْمُسْلِمينَ مِن قَبْلُ وَفِي هَذَا لِيَكُونَ الرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ فَأَقِيمُوا الصَّلاَةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَاعْتَصِمُوا بِاللَّهِ هُوَ مَوْلاَكُمْ فَنِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾

«اللەنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، اللە (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىنىدا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار)، اللە سىلەرنى

① سۈرە يۇسۇف: 101 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىركى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (اللە) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللەغا يېپىشىڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، اللە نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار ـ ھە!»[①].

ئىسلامنىڭ مەنىسى ئىلگىركى باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا مۇشۇ ئۈممەتتە كۆپرەك ئەمەلگە ئاشتى، نەتىجىدە بۇ ئۈممەت اللەنىڭ ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر[②]» دەپ سۈپەتلىنىشكە لايىق بولدى.

بىز تۆۋەندىكى قۇرلاردا مۇشۇ ئۈممەتنى بۇ يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرگەن، ئۇلارنى ئىلاھىي ھۆرمەتكە لايىقلاشتۇرغان ۋە «ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت» يەنى «مۇسۇلمان ئۈممەت»كە ئايلاندۇرغان «ئەقىدە»گە نەزەر سالايلى!

@ @ @ @ @

① سۈرە ھەج: 78 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، بىز تەرەپكە بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ كىشىنىڭ كىيىملىرى ئاپئاق، چېچى قاپقارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن سەپەرنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنمەيتتى. ئارىمىزدىن ھېچكىم ئۇ كىشىنى تونومايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا چىڭ چاپلىدى. ئىككى ئالقىنىنى ئۆزىنىڭ ئىككى يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلام ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {الإسلام أن تشهد ألا إله إلا الله وأن محمداً رسول الله، وتقيم الصلاة وتؤتى الزكاة وتصوم رمضان وتحج البيت إن استطعت إليه سبيلا} (ئىسلام دېگەن بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇشۇڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ۋە يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ ھەج قىلىشىڭدۇر) دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ» دېدى. بىز ئۇنىڭ سوئال سوراپ يەنە سوئالنىڭ جاۋابىنى تەستىقلىغانلىقىدىن ئەجەپلەندۇق. ئۇ كىشى: «ماڭا ئىمان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {أن تؤمن بالله وملائكته وكتبه ورسله واليوم الآخر وتؤمن بالقدر خيره وشره} (ئىمان دېگەن اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر) دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ» دېدى، ئاندىن: «ماڭا ئېھسان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئەلەيھىسسالام: {أن تعبد الله كأنك تراه، فإن لم تكن تراه فإنه يراك} (ئېھسان دېگەن اللەغا گويا سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ھالەتتە ئىبادەت قىلىشىڭ ياكى "گەرچە مەن اللەنى كۆرمىسەممۇ، الله مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ" دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئىبادەت قىلىشىڭدۇر) دېدى. ئۇ كىشى: «ماڭا قىيامەت ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {ما المسئول عنها بأعلم من السائل} (قىيامەت ھەققىدە سورالغۇچى سورىغۇچىدىن ئالىمراق ئەمەس) دېدى. ئۇ كىشى: «ماڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە خەۋەر بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {أن تلد الأمة ربتها، وأن ترى الحفاة العراة العالة رعاء الشاء يتطاولون في البنيان} (دېدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغقاندا ۋە يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، كەمبەغەل پادىچىلارنىڭ ئېگىز ئىمارەتلەردە تۇرغىنىنى كۆرگىنىڭدە قىيامەتنى كۈتكىن) دېدى.

ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى كېتىپ قالدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئۆمەر! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {فإنه جبريل أتاكم يعلمكم دينكم} (ئۇ جىبرىئىل، ئۇ سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگەتكىلى كەلدى) دېدى»[①].

يۇقىرىقى ھەدىستىن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇنداق ئالتە ئاساسىنىڭ بارلىقى ئايان بولدى:

1. اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش.
2. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.
3. ساماۋىي كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش.

---

① بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

4. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.

5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

6. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.

گەرچە «اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش» بۇ بابتىكى سۆزىمىزنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولسىمۇ، بىراق، بىز ھەر بىر «ئىمان»دىن مەقسەت قىلىنغان مەزمۇننى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئالتە چوڭ ئاساسنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1. اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش: يەنى اللەنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش؛ ئۇلۇھىيەتتە، رۇبۇبىيەتتە، اللە ئۆزىنى قۇرئاندا تونۇشتۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلەردە سۈپەتلىگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلەردە اللەنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

2. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش: يەنى «پەرىشتىلەر مەۋجۇت، ئۇلار اللەنىڭ مەخلۇقلىرىدىن بىرى، ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ھارماي ـ تالماي اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قىلچىلىك ئاسىيلىق قىلمايدۇ، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى دەل ۋاقتىدا بىجانىدىل ئورۇنلايدۇ، ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي ئېلىپ چۈشۈش، ئىنسانلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەش، مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىگە خاتىرجەملىك بېغىشلاش... قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇلار بۇ ۋەزىپىلەرنى اللەنىڭ ئەمرى بويىچە مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ» دەپ ئىمان كەلتۈرۈش.

3. ساماۋىي كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش: يەنى اللە پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان بارلىق ساماۋىي كىتابلارغا، جۈملىدىن قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەمدە قۇرئاندىن باشقا بارلىق ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلىپ، پەقەت قۇرئاننىڭلا ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشتىن خالى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھالىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش. بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إنا نحن نزلنا الذكر وإنا له لحافظون﴾

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»①.

4. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش: يەنى «اللە ئىنسانىيەتكە كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللە قۇرئاندا ئۇنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنلىرىمۇ ۋە سۆزلەپ بەرمىگەنلىرىمۇ بار» دەپ ئىمان كەلتۈرۈش. بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ِنَّا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ كَمَا أَوْحَيْنَا إِلَى نُوحٍ وَالنَّبِيِّينَ مِنْ بَعْدِهِ وَأَوْحَيْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطِ وَعِيسَى وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَارُونَ وَسُلَيْمَانَ وَآتَيْنَا دَاوُدَ زَبُوراً ، وَرُسُلاً قَدْ قَصَصْنَاهُمْ عَلَيْكَ مِنْ قَبْلُ وَرُسُلاً لَمْ نَقْصُصْهُمْ عَلَيْكَ وَكَلَّمَ اللَّهُ مُوسَى تَكْلِيماً﴾

«(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق. بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلدى»②.

ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە اللە ۋەھيى قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئىتائەت قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىپ، ئاسىيلىق

① سۈرە ھىجىر: 8 ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 162 ـ 163 ـ ئايەت.

قىلغانلارنى دەۋزەخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿رُّسُلاً مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلاَّ يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾

«ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن اللەنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[①].

5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش: يەنى «ئۆلگەندىن كېيىن جەزمەن تىرىلىمىز، اللە قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىغا جۇغلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان قىلمىشلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ھېساپ ئالىدۇ ئاندىن ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئاساسەن ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ» دەپ ئىمان كەلتۈرۈش. اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْراً يَرَهُ ، وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرّاً يَرَهُ﴾

«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[②].

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش يەنە جەننەت ۋە دەۋزەخكە ئىمان كەلتۈرۈشنى، قۇرئان ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان تىرىلىش، توپلىنىش، ھېساپ ۋە جازا... قاتارلىقلارغا ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

① سۈرە نىسا: 165 ـ ئايەت.

② سۈرە زەلزەلە: 6 ـ7 ـ ئايەت.

**6.** قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش: يەنى ئىنسانغا يەتكەن ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللە تەرەپتىن تەقدىر قىلىنغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: {وأن ما أصابك لم يكن ليخطئك وأن ما أخطاك لم يكن ليصيبك} (ساڭا يېتىدىغان ئىش سەندىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، سەندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش ساڭا يەتمەيدۇ).

شۇنداقلا، يۇز بېرىۋاتقان قازا ۋە قەدەرنىڭ ئىلاھىي ئادالەت بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش.

مانا بۇلار ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالتە چوڭ ئاساسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش بولۇپ، بۇ باپتا مەخسۇس مۇشۇ ھەقتە توختىلىمىز.

@ @ @ @ @

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## دىن ۋە ئىنسان تەبىئىتى

ھەر قانداق بالا ساغلام تەبىئەت بىلەن تۇغۇلىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتى ئۆز خاراكتېرى بىلەن اللەغا يۈزلىنىدۇ. اللەنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلىدۇ، پۈتكۈل كائىناتتا بىر ئىلاھدىن باشقا ئىلاھنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى قانداق بىلىدۇ؟

الله قۇرئان كەرىمدە بىزگە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: الله ئىنسانلارنى ياراتقان چاغدا، ئۇلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇرغان؛ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىر اللەغا ئىبادەت قىلىش لازىملىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرگەن ھەمدە بۇ ھەقىقەتكە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى گۇۋاھ قىلغان. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتَ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: ”مەن سىلەرنىڭ پەرۋەدىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟“ دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: ”ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق“ دېدى»[①].

① سۈرە ئەئراف: 172 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {مَا مِنْ مَوْلُودٍ إِلاَّ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ ، كَمَا تُنْتَجُ الْبَهِيمَةُ بَهِيمَةً جَمْعَاءَ هَلْ تُحِسُّونَ فِيهَا مِنْ جَدْعَاءَ}

«ھەر قانداق بالا ساغلام تەبىئەت (يەنى ئىسلام) ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ياكى مەجۇسىي قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. خۇددى ھايۋان بالىسى ئەزالىرى ساق ـ سالامەت تۇغۇلغاندەك... سىلەر ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىبنى ھېس قىلامسىلەر؟»①.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىسنى سۆزلەپ بولۇپلا، اللەنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇدى:

﴿فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾

« اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر»②.

دېمەسمۇ، ئىنسانىي تەبىئەت ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى خىلى بۇرۇنلا، يەنى بىز ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك كىچىك ۋاقتىنلا ھېس قىلىپ بولىدۇ.

مەسىلەن، بىز ئادەتتە اللەنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە بىرلىكى ھەققىدە چوڭ ئادەملەرلا تەپەككۇر قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز. ئەمما، بىز باللارنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئاتا ـ ئانىسىدىن تۆۋەندىكىدەك تۈگىمەس سوئاللارنى سوراۋاتقانلىقىنى بايقايمىز:

ئاسماننى كىم پەيدا قىلدى؟ ئاسمان نېمىشقا كۆپ ـ كۆك؟ كېچىدە قۇياش قەيەرگە كېتىدۇ؟ نېمىشقا كېچىدە قۇياشنى كۆرگىلى بولمايدۇ؟ قاراڭغۇلۇق يېتىپ كەلگەندە يورۇقلۇق قەيەرگە بارىدۇ؟ يۇلتۇزلار

---

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
② سۈرە رۇم: 30 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

نېمىشقا چاقنايدۇ؟ يەر شارىنىڭ چېكى قەيەردە؟ نېمىشقا بۇ گۈل خۇشپۇراق چاچىدۇ؟ ئاۋۇ چاچمايدۇ؟ مەن قەيەردىن كەلدىم؟ مەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى قەيەردە ئىدىم؟....

بۇ سوئاللارنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسى نېمە؟ ئۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

بۇ سوئاللار ماھىيەتتە: بۇ ئۆسمۈرنىڭ تەبىئىتى ئويغىنىشقا باشلىدى، ئۇ كۆز ئالدىدىكى الله ياراتقان مەخلۇقاتلارغا قاراپ، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇشقا باشلىدى، ئۇ يارىتىلغان تۇنجى قەدەمدىلا الله ئۇنى گۇۋاھ قىلغان «ئۇلۇھىيەت»نىڭ ھەقىقىتىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇشقا باشلىدى، تۇپراق قېتىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۇرۇق ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ چىقىپ يېشىللاشقاندەك، بۇ ئۆسمۈرنىڭ ئىلاھىي ھەقىقەتكە بولغان ھېس ـ تۇيغۇسىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈشكە باشلىدى، دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىنساننىڭ تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى اللهنىڭ مەۋجۇتلۇق، بىرلىك ۋە يېگانىلىق ھەقىقىتىگە ئويغىتىدىغان بىر قانچىلىغان ئامىللار كۆز ئالدىمىزدا ۋە ئەتراپىمىزدا ھەر قاچان مەۋجۇت.

(بۇ ئامىللار بىزنىڭ كاللىمىزدا بىر مۇنچە سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ. بىزنى تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە ئارقىلىق سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى مۇنداق بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن).

سەزگۈنى اللهنىڭ مەۋجۇتلۇق ھەقىقىتىگە ئويغىتىدىغان ئامىللار:

1. مۆجىزە بىلەن تولغان بۇ غايەت زور كەڭرى كائىنات:

ئاسمان ـ زېمىندىكى بۇ غايەت زور ئۇزاق مۇساپىنى ۋە بۇ سان ـ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ساناقسىز زور ساماۋىي جىسىملارنى كىم پەيدا قىلدى؟

يەر شارى ـ گەرچە باشقا ساماۋىي جىسىملارغا نىسبەتەن ناھايىتى كىچىك جىسىم بولسىمۇ، بىراق، ئۇ تاغلارنى، تۈزلەڭلىكلەرنى، دېڭىز-ئوكيانلارنى ۋە دەريا-كۆللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنى تەپسىلى تونۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىمىزنى سەرىپ قىلساقمۇ، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا تونۇيالىشىمىز مۇمكىن. ناۋادا بىزنىڭ بۇ يەر شارى ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى ھېساپلىنىدىغان قۇياش سىستېمىسىنى تونۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرسەك ئەھۋال قانداق بولار؟ قۇياش سىستېمىسى ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر قىسمى ھېساپلىنىدىغان يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى تونۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرسەكچۇ؟ بۇ چاغدا ئەھۋال قانداق بولار؟ يەر شارىدەك چوڭلۇقتىكى جىسىملاردىن نەچچە مىليوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان باشقا ساماۋىي سىستېمىلارنى ھەمدە قۇياشنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا قۇياشتىن نەچچە ھەسسە چوڭ ھېساپلىنىدىغان مىليونلىغان پىلانېتلارنى تونۇپ چىقىش ئىنسان ئۈچۈن مۇمكىنمۇ؟

كائىنات شۇ قەدەر چوڭ بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى مۆجىزىلىك قانۇنىيەت ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. مەسىلەن، كىچە بىلەن كۈندۈز شۇنچىلىك مۇكەممەل تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ئىچىدە ئايلىنىدۇكى، سائەتلىرىمىزنى دەل ئاشۇ خىل تەرتىپ (قانۇنىيەت)كە ئاساسلىنىپ توغرىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن!. ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل كائىنات ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ئايلىنىشىدا شۇ دەرىجىدە پۇختا ۋە مۇكەممەلكى، بارلىق سائەتلەر، جۈملىدىن رادىئونىڭ سائەتلىرىمۇ ئۇنى ئاساس قىلىدىغان رەسەتخانا سائىتى كائىناتنىڭ ئاشۇ خىل تەكپۇلۇك ۋە قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشىغا قاراپ توغرىلىنىدۇ. كائىناتنىڭ بۇ خىل قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى (ھەرىكىتى) دەۋر ۋە زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن قىلچىلىك ئۆزگەرمەيدۇ ھەم ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇنىڭدىن باشقا الله ياراتقان ھەر قانداق بىر كائىنات مەيلى جانلىق كائىنات بولسۇن ياكى جانسىز كائىنات بولسۇن ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئىنچىكە مۆجىزىلىك قانۇنىيەت بىلەن تەركىبلەنگەن (خاراكتېرلەنگەن).

مەسىلەن، سىز مىكروسكوپ بولمىسا كۆرگىلى بولمايدىغان ئەڭ كىچىك جانلىق ھۆجەيرىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ بۇ ھۆجەيرە گەرچە شۇنچىلىك كىچىك بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئۆسىدۇ، بۆلۈنىدۇ ۋە تولىمۇ ھەيران قالارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئىنسان ھەيرانلىقتىن گاڭگىرايدۇ ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. اللەنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئاجىز ۋە بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. قېنى ئېيتىڭچۇ؟ ئاشۇ كىچىك ھۆجەيرىگە ھاياتلىقنىڭ سىرىنى تاپشۇرغىنى زادى كىم؟ ئۇنى بۇنداق ئاجايىپ رول ئېلىشقا اللەدىن باشقا كىم يېتەكلەيدۇ؟

مىكرۇپنى كۆز بىلەن كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. «ۋىرۇس» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل مىكرۇپ بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى مىكروسكوپ بىلەنمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ سەن ئىلىم ـ پەندە ئۆگەنگەنلىرىڭگە ئاساسەن ئۇ خىل مىكروپنىڭ ئىنساننى ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن پەقەت دورا ـ ئوكۇل ئارقىلىقلا ساقلىنىش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتتىڭ!

ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى ئىنسان ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان كۆپ ھۆجەيرىلىك كائىنات كېلىپ چىقىش مەنبەسىدە چاغلاشقان بىرلا ھۆجەيرە بولۇپ، ئۇ ئىزچىل تۇردە بۆلۈنىدۇ، ئۆسىدۇ ۋە ئاخىرى مۇكەممەل بىر كائىناتقا ئايلىنىدۇ. قېنى ئېيتىڭچۇ؟ اللەنىڭ قۇدرىتىدىن باشقا قايسى خىل قۇدرەت ئۇنىڭغا ھاياتلىق، ھەرىكەت ۋە ئاكتىپچانلىق بېغىشلىيالايدۇ؟

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇ خىل بۆلۈنۈش ئەمەلىيىتىدىكى ئەڭ ھەيران قالارلىق ئەھۋال شۇكى، ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەممىسى تۇنجى شەكىللىنىشىدە ئۆز ـ ئارا شەكىلداش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە خاسلاشتۇرۇلىدۇ ۋە مۇئەييەن شەكىلگە كىرىدۇ. مەسىلەن، بىر ھۈجەيرە مەلۇم بىر ئورۇنغا قاراپ يۈزلىنىدۇ، ئاندىن قۇلاقتا ياكى قۇلاقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئىككىنچى بىر ھۈجەيرە يەنە بىر ئورۇنغا قاراپ يۈزلىنىدۇ، ئاندىن كۆز ياكى كۆزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىدىن بىرىگە، تۆتىنچىسى بولسا سۆڭەككە ئايلىنىدۇ.... قېنى ئېيتىڭچۇ؟ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ كىچىك نەرسىگە چۈشكەن مۇشۇنداق ھەيران قالارلىق بۇيرۇق كىمنىڭ بۇيرۇقى؟.... ئۇ ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى يېگانە اللەنىڭ بۇيرۇقى. اللە ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىدۇ، ئۇ اللەنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ، اللەنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ رولىنى اللە بېكىتكەن قانۇنىيەت بويىچە ئۆتەيدۇ.

سىز خۇشپۇراقلىق ۋە كۆپ خىل رەڭلىك ئاۋۇ چىرايلىق گۈلنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭدا بۇ «خۇشپۇراق»نى پەيدا قىلغىنى ۋە ئاشۇ كۆپ خىل «رەڭلەر»نى ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرگىنى زادى كىم؟

قېنى ئېيتىڭچۇ؟ ئەتىگەندىن كەچكىچە پۇراق چاچىدىغان، پۇرىقى يوقالماي ساقلىنىپ تۇرىدىغان ھەمدە كۆپ خىل رەڭلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر تال تەبىئى گۈل ياساپ چىقىش قولىڭىزدىن كېلەمدۇ؟ قېنى ئاشۇنداق بىر گۈلنى ياساش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرۈڭ! بۇ سىزدىن قانچىلىك تىرىشچانلىق، زېھىن، ۋاقىت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت تەلەپ قىلار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بۇ ئۇرۇنۇشلىرىڭىزدا قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالارسىز؟...

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ناھايىتى ئېنىقكى، يەر يۈزىدە ياكى دېڭىز قاتلىمىدا ئۈنۈپ چىققان ھەر خىل گۈل ـ چېچەكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلار بىرلەشكەن ھالەتتىمۇ، مۇشۇنداق بىر تەبىئىي گۈلنى ياساپ چىقىش ئۈلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. پەرەز نۇقتىسىدىن «ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ» دېگەن ھالەتتىمۇ، مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا قانچىلىك ۋاقىت ۋە تىرىشچانلىق سەرپ بولار؟ مۇشۇ بىر ئىشنى قىلىشقا بولغان ئۇرۇنۇش ئۇلارنىڭ باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان ۋاقىت ۋە تىرىشچانلىقىنى بىكار قىلىۋەتمەسمۇ؟....

ئەمما، زېمىندىكى كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل پۇراقتا ئىگە مىلىيونلىغان گۈل ـ چېچەكلەرنى الله ياراتقان بولۇپ، بۇ ئىش ئۈچۈن الله كۆپ تىرىشچانلىق سەرپ قىلمايدۇ ھەمدە بۇ ئىش اللهنىڭ بىپايان كەڭرى كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا قىلچىلىك دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت الله ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېسىلا، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾

«اللهنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»[①].

﴿إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَنْ يَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ﴾

«الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ»[②].

2. ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق كۆرۈنۈشلىرى:

---

① سۈرە بەقەرە: 255 ـ ئايەت.
② سۈرە ياسىن: 83 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

هاياتلىق دېگەن نېمە؟

هاياتلىق بىر مۆجىزىلىك سىر بولۇپ، ھېچبىر ئىنسان ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنگىچە قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى پەقەت ھەرىكەتلىنىش، ئۆسۈش ۋە مەلۇم روللارنى ئۆتەش.... قاتارلىق ھاياتلىقنىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرىنى ئىزاھلاش بولدى خالاس. ئەمما، ھاياتلىق دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ جانلىق كائىناتتا قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرىدۇ؟... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى نامەلۇم سىر بولۇپ، ئىنسان ئۇنى بايقاشقا قادىر ئەمەس. گەرچە ئىنسانىيەت زور دەرىجىدە تەرەققى قىلىپ، كۆپلىگەن ئالىم ۋە خىلمۇ-خىل ئىلىمگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ الله ئۆز ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن ياراتقان ۋە بارلىققا كەلتۈرگەن مىلىيونلىغان سانسىز ھۈجەيرىلەردىن پەقەت بىر ھۈجەيرىنى يارىتىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلىرى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى.

3. ئىنسانغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتقان رىزىق:

ئىنسانغا ئىزچىل تۈردە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان رىزىق مەيلى ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر سۈرىتىدە كەلسۇن ياكى زېمىندىن ئۈنگەن ئۆسۈملۈك سۈرىتىدە كەلسۇن ياكى بېلىق، ئۇچار-قۇش ۋە ھايۋانات سۈرىتىدە كەلسۇن ياكى يەر قاتلىمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان يەر ئاستى بايلىقلىرى سۈرىتىدە كەلسۇن ياكى بىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا، دېڭىزدا كېمىلەرنى ھەيدەۋاتقان شامال سۈرىتىدە كەلسۇن ياكى گاز، ئېلېكتىر، ئاتوم، يېقىلغۇ، سۇ.... ئېنېرگىيىسىگە ئوخشاش خىلمۇ-خىل ماتورلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان ئېنېرگىيىلەر سۈرىتىدە كەلسۇن بۇلارنىڭ ھەممىنى ئىنسانغا اللەدىن باشقا كىم يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿إن الله هو الرزاق ذو القوة المتين﴾

«اللـه ھەقـىقەتەن ھەممىـگە رىزىـق بەرگۈچىـدۇر، قۇدرەتلىكتـۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر»[①].

4. ھەر كۈنى كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر:

ھەر كـۈنى، ھەر بىـر دەقىقىـدە كائىناتتـا ۋە ئىنسـان ھاياتىـدا يـۈز بېرىۋاتقــان خۇشــھاللىق ۋە خــاپىلىق، كــۈلكە ۋە يىغــا، بــايلىق ۋە نـامراتلىق، ساقلىق ۋە كېسـەللىك، تۇغۇلـۇش ۋە ئۆلـۈش... قاتـارلىق ھادىسىلەرنى مۇشۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پىلانلىغۇچىسى بولغان اللەدىــن باشــقا كىــم پەيــدا قىلىــدۇ؟ كىــم پىلانلايــدۇ؟ كىــم رەتــكە تۇرغۇزىدۇ؟.

5. اللەدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان نامەلۇم غەيب:

ئىنسـان غەيبـى ئىشـلارنى بىلىـش ئۈچـۈن ھەر قـانچە ئۇرۇنسـىمۇ، بىراق، ئۇنى ھەرگىـز بىلەلمەيـدۇ. ئىنسـان ئـۆز ھاياتىنىـڭ كەلگۈسـىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشنى بەكمۇ خالايدۇ. مەسىلەن، كېلەر يىلـى ياكى كېلەر ئايدا ياكى كېلەر ھەپتىدە يـاكى ئەتە نـېمە ئىشـلارنىڭ يـۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلىسىمۇ، بىراق، ئىنسـان بۇ ئارزۇسىغا مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. ئـۇ مەيلـى يىـراق كەلگۈسـىدە بولسـۇن ياكى يېقىن كەلگۈسـىدە بولسـۇن ئـۆزىگە ياخشـىلىق يـاكى يامانلىقنىـڭ يېتىــپ كېلىــدىغانلىقىنى ھەرگىــز بىلەلمەيــدۇ. چــۈنكى، بــۇ دېــگەن «غەيب» ئىش. غەيبنى ھەممىنى ياراتقان ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك اللەدىـن باشقا كىم بىلەلەيدۇ؟...

كـۆپلىگەن ئىشـلار بـاركى، ئـۇلار ئىنسـان قەلـبىگە ئـۆز تەسـىرىنى

---

① سۈرە زارىيات: 58 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تاشلايدۇ. نەتىجىدە قەلب ئۇلۇھىيەتنىڭ ھەقىقىتىگە ئويغىنىدۇـ دە، اللەنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى، اللەنىڭ كامال ۋە قۇدرەتتە، ئۇلۇغلۇق ۋە يۈيۈكلۈكتە، ھۆكۈمرانلىق ۋە ئىدارە قىلىشتا يىگانە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ساغلام تەبىئەتكە ۋە گۈزەل قامەتكە ئىگە بولىدۇ.

﴿ڤقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ﴾

«بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق»[①].

.... ھىدايەت تاپقان مۆئمىن بولىدۇ. ھەممە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولىدۇ. ئۇنىڭ زېمىندىكى ئۆمرى ياخشى ئەمەللەر بىلەن بەرىكەت تاپىدۇ. دۇنيادا اللەنىڭ رازىلىقىغا، ئاخىرەتتە بولسا جەننەتكە ئېرىشىدۇ.

بىراق، ئىنسان تەبىئىتى گاھىدا ئاغرىپ قالىدۇ، ئارقىغا چېكىنىدۇ، نەتىجىدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ، يەنى دوزاخقا لايىق ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ، إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ﴾

«بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ»[②].

---

① سۈرە تىن: 4ـ ئايەت.
② سۈرە تىن: 4ـ 6ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

سـەزگۈ گاھـــدا دۆتلىشـــىپ كېتىــــدۇ. نەتىجىــــدە كائىنـــات ۋە ھاياتلىقتىكى مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بەلكى، ئىنسانغا رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىـدىغان، ھادىسىلەرنى يۈرگۈزىـدىغان ۋە غەيبىنـى بىلىدىغان مۆجىزىلىك قۇدرەتنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئىنساندىكى سەزگۈنى دۆتلەشتۈرۈۋېتىدىغان سەۋەبلەر:

1. كۆرۈنۈشنىڭ تەكرارلىنىشى:

ئىنسـان يېڭـى بىـر تەجرىبىنـى باشـتىن كەچۈرگەن چاغـدا ئۇنىـڭ بـارلىق سـەزگۈ ئەزالـىرى ئۇنىڭغـا نىسـبەتەن ئويغـاق ھـالەتتە بولىـدۇ. مەسىلەن، ئەگەر ئۇ بىر كۆرۈنۈشنى تۇنجى قېتىم كۆرسە ياكى يېڭى بىر ئەھـۋالنى ئاڭلىسـا يـاكى بىـرەر يېڭـى شـەھەر، يېڭـى كوچـا ۋە يېڭـى تۇرالغۇغـا بارسـا ئۇنىـڭ بـارلىق سـەزگۈ ئەزالـىرى «يېڭـى شـەيئى»گە نىسبەتەن ئويغاق ھالەتتە بولىدۇ. يەنى ئۇ «يېڭى كۆرۈنۈش»نى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەپسىلى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆڭلىدە قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. دېمىسىمۇ، «يېڭى كۆرۈنۈش»نىڭ تەسىرى ھەر قانداق بىـر ئىنسـاننىڭ كۆڭلىـدە ئـۇزاق زامـانلارغىچە سـاقلىنىپ قالىـدۇ. ئەممـا، كۆرۈنۈشنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئىنسان «كۆرۈنۈش» ياكى «جاي»غا ئادەتلەنگەنـدە، بـارا ـ بـارا ئۇنىـڭ سـەزگۈ ئەزالـىرى «ئويغـاقلىق»نـى يوقىتىدۇ. بەلكى، ئىنسانمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن دىققەت قىلمـايلا ئۆتـۈپ كېتىدۇ. نەتىجىدە «يېڭى شەيئى» «كونـا شـەيئى»گە ئايلىنىـدۇ ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكى تەسىرى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ بارىدۇ ياكى پۈتۈنلەي يوقۇلىدۇ.

دەل شۇنىڭدەك، بۇ خىل ئەھـۋال ئىنساننىڭ الله بىـلەن بولغـان مۇناسىۋىتىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. ئىنسان اللهنىڭ ياراتقۇچى، پىلانلىغۇچى، رىزىق بەرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگـۈچى ئىكەنلىكىنـى ئۇنتـۇپ

كېتىدۇ.

ئىنسان بۇ كائىناتنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭدىكى مۆجىزىلەرگە دىققەت قىلمايدۇ!

نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا، قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقان يورۇقلۇققا دىققەت قىلمايدۇ.

كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ خۇشپۇراقلىق گۈل ـ چېچەكلەرگە دىققەت قىلمايدۇ.

شاخقا قونۇپ قانات قېقىپ سايراۋاتقان كىچىك قۇشنىڭ ئاۋازىغا دىققەت قىلمايدۇ.

بۇلۇتتىن چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا، ئاسماندىكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماققا دىققەت قىلمايدۇ.

تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاق ۋە ئۆلۈۋاتقان ئىنسانغا دىققەت قىلمايدۇ.

اللەنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئالدىدىكى ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىككە دىققەت قىلمايدۇ.

2. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە چۆمۈش:

ھەر دائىم يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ جاي، سودا ـ سېتىق.... قاتارلىق دۇنيا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىش ياكى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ قېلىشمۇ ئىنساننىڭ سەزگۈسىنى دۆتلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشىغا، كائىنات ۋە ھاياتلىقنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان اللەغا ئىشىنىشىغا، ئاخىرەتنى، ئاخىرەتتىكى ھېساب ۋە جازانى ئەسلىشىگە ئىمكان بەرمەيدۇ ياكى توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

3. ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىش ياكى ئۆز خاھىشىنى ئۈستۈن ئورۇندا قويۇش:

ئىنسان اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل تۈردە ئەمەل قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سەزگۈسى دۆتلىشىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىپ، زېمىندا زوراۋانلىق قىلىشنى خالايدۇ ياكى ئاچكۆزلۈك قىلىپ، اللە رۇخسەت قىلغان ھالالغا قانائەت قىلماي ھارام بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئىزدەيدۇ ياكى باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇلارنى قۇل قىلىشنى ۋە ئۆز خاھىشىغا بېقىندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ مېلىغا، يۈز ـ ئابرۇيىغا چېقىلىدۇ، ناھەق قېنىنى تۆكىدۇ.... ئاخىرقى ھېساپتا ئۇ ھەممىنى ئۆزىگە مەجبۇرى بويسۇندۇرىدىغان زېمىندىكى «ئىلاھ»قا ئايلانماقچى بولىدۇ.

4. ھاكاۋۇرلۇق:

ئۇنىڭ قەلبىدە اللەغا چوقچىلىق قىلىدىغان ياكى اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ھاكاۋۇرلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سەزگۈسى دۆتلىشىپ كېتىدۇ.

5. ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش:

ئىنسان كۆز ئالدىدىكى ماددىي مەنپەئەتلەرگە مەپتۇن بولغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ ئەقلى، جىسمى، مال ـ مۈلكى ۋە مۇئەييەن ئالاھىدىلىكىدىن مەغرۇرلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سەزگۈسى دۆتلىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ھەممە نەرسىگە «ئۆز ئالاھىدىلىكىمگە تايىنىپ ئېرىشتىم» دەپ قاراپ، ئېرىشكەنلىرىنىڭ اللە تەرەپتىن قولغا كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك بىر نەچچە خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەزگۈ دۆتلىشىدۇ، روھ ئارقىغا چېكىنىش ۋە ئېغىپ كېتىشتەك... كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇ اللەنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ ياكى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

اللەغا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىدۇ. مۇشۇ كائىناتتىكى بىرەر شەخس ياكى نەرسىنىڭ اللە بىلەن ئورتاقلىقى بار دەپ قارايدۇ.

ئەنە شۇ چاغدا ئىنسان اللە ياراتقان ئەسلىدىكى ساغلام تەبىئەت ۋە گۈزەل قامەتكە ئىگە ھالىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، بەلكى، ئەڭ پەس ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا شەيتان ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئۇ ھاياتىنى ئىلاھىي ھىدايەتتىن ۋە اللەنىڭ رازىلىقىدىن يىراق ھالدا ئۆتكۈزىدۇ.

بىراق، اللە بەندىلىرىگە مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بۇنداق ھىدايەتسىز ۋە يېتەكلىگۈچىسىز تاشلاپ قويمايدۇ، بەلكى، ئۇلارنى ھىدايەتكە چاقىرىدىغان، ھەق يولغا قايتۇرىدىغان پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى ئۇلارغا ئەۋەتىدۇ.

اللە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىدىغان بارلىق ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا «ئەڭ توغرا يولغا باشلايدىغان» قۇرئاننى نازىل قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزى قوغداشقا كېپىل بولدى.

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»①.

اللە قۇرئاننى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئۇنىۋېرسال كىتاب قىلىپ چۈشۈردى. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىققا ئىگە بۇ ئىلاھىي كىتاب ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئۇسلۇبى بىلەن

---

① سۈرە ھىجر: 8ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنسان تەبىئىتىنى ساغلام ھالىتىگە قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭ كىيسەللىرىنى داۋالايدۇ، كىرـ قاسماقلىرىنى يوقىتىدۇ، ئۇلۇھىيەتنىڭ ماھىيىتىگە يېتەكلەيدۇ. كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، پىلانلىغۇچىسى ۋە بارلىق ئىشلارنىڭ ئىگىسى بولغان اللەنى ئۇنىڭغا تونۇتىدۇ.

بىز تۆۋەندە قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەت روھىنى يىتەكلەش ۋە ئۇنى ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇقلاردىن قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

@ @ @ @ @

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەت روھىنى يېتەكلەش ۋە ئۇنى ھەر تۈرلۈك

## ئازغۇنلۇقلاردىن قايتۇرۇش ئۇسۇلى

ئەگەر بىز قۇرئان كەرىمنى، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ ئەقىدە تېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەپلىرىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، قۇرئاننىڭ ساغلام ئەقىدىنى رۇشەنلەشتۈرۈش، جاھىلىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىلاھىي ھىدايەتتىن كۆزنى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ ئېغىپ كېتىشلىرىنى تۈزلەش (توغرىلاش) ھەمدە بۇ ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىرىنى كۆڭۈلدە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە خىلمۇ ـ خىل ئۇسلۇبلارنى قوللانغانلىقىنى بايقايمىز.

بۇ ئۇسۇللار تۆۋەندىكىچە:

*<u>1 . تۈيغۇنى اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشقا قوزغاش ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن پەيدا بولغان ئىنسانىڭ سەزگۈسىدىكى دۆتلۈكنى يوقۇتۇش.</u>*

بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىك قانۇنىيەتكە ئىگە غايەت زور كائىنات، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق كۆرۈنۈشلىرى، رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىش، ھادىسىلەرنى يۈرگۈزۈش، اللەنىڭ چەكسىز قۇدرىتى، اللەنىڭ غەيبى ئىشلارغا بولغان ئىلمى.... قاتارلىقلار ھەققىدە تەكىداشسىز ئۇسلۇب بىلەن سۆز بايان قىلىدۇ. قۇرئاننىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبى قۇرئاننى ئوقۇۋاتقان ياكى ئاڭلاۋاتقان ئىنساننى گويا ئاشۇ ئەھۋالنى كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك ياكى ئۇنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇيغۇسى بۇ باياننىڭ

تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ـ دە، تۈيغۇ ئۇلۇھىيەتنىڭ ھەقىقىتىگە ئويغىنىدۇ.

*2. ئەقىلنى اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا قوزغاش، بۇ ئارقىلىق ئەقىلگە مۇشۇ كائىناتنىڭ بىر ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىنى، يارىتىش، رىزىق بېرىش ۋە ئىشلارنى پىلانلاشتا ئۇنىڭ شېرىكى يوقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش.*

بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم يۇقىرىقى ئۇسۇلدىن باشقا، ئۆزگىچە بولغان ئىككىنچى بىر خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل قانداقتۇر تۈيغۇ ۋە سەزگۈنى ئويغىتىش ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى، ئەقلى تەپەككۇر ۋە لوگىكىلىق مۇلاھىزە ئۇسۇلىدۇر. گەرچە قۇرئان كەرىمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم تۈيغۇغا ھەم ئەقىلگە خىتاب قىلىدىغانلىقى كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئورتاق مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل بىر ـ بىرىدىن رۇشەن پەرقلىنىدۇ.

*3. ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بېرىدىغان كۆرەشنىڭ ھەقىقىتىگە ئىنساننى يۈزلەندۈرۈش.*

ئىنسان ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياكى مۇشەققەتلىك ھاياتنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندا دەرھال اللەنى ئەسلەيدۇ، ھەممىنى ئۇنتۇپ، اللەغا يالۋۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ئەمما، كىرزىس يوقۇلۇپ، خەتەردىن قۇتۇلغان ھامان اللەنى ئۇنتۇپ، غەپلەتكە چۈمىدۇ. زېمىندا ناھەق زۇلۇم قىلىدۇ..... مانا بۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىنسان ئۇنتۇپ كېتىدىغان رېئال ھەقىقەتتۇر. قۇرئان ئىنساننىڭ ھەرىكىتىنى توغرىلاش ۋە ئۇنى ساقلام ئەقىدە ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىدۇ.

*4. جاھىلىيەتچىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىغا قارىتا مۇنازىرە قىلىش.*

قۇرئان كەرىم جاھىلىيەتچىلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇقلىرىغا قارىتا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىر قېتىم ئەقلىي دەلىل بىلەن، يەنە بىر قېتىم ھېسسىي دەلىل بىلەن مۇنازىرە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ توغرا ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلمىغان بۇ باتىل كۆز قاراشلىرىنىڭ تولىمۇ بىمەنە ۋە تېتىقسىزلىقىنى بايان قىلىدۇ.... ئەگەر بىز قۇرئان كەرىمگە نەزەر سالساق، خاتالىقلارغا مۇنازىرە قىلىشتا ئەقلىي دەلىل بىلەن ھېسسىي دەلىلنىڭ بىر ئورۇندا بىللە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

*5. ئىنچىل تۇردە اللەنىڭ قۇدىرىتىنى ئەسلىتىش.*

قۇرئان كەرىم ئىنچىل تۇردە اللەنىڭ چەكسىز قۇدىرىتىنى، ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقىنى ئەسلىتىدۇ. نەتىجىدە قەلب اللەدىن قورقىدۇ ۋە اللەغا تەسلىم بولىدۇ (شەرتسىز بويسۇنىدۇ).

*6. ھەر ۋاقىت اللەنىڭ ئىنسان بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش.*

قۇرئان كەرىم ئىنسانغا ھەر ۋاقىت اللەنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى، اللەنىڭ ئۇنى كۆرۈپ ۋە كۈزۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ياكى يامان ئەمەللىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر ـ بىرلەپ ھېساپ ئالىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. اللە چەكسىز ئىلىم ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىندىكى زەررىچىلىك نەرسىمۇ اللەنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدىغانلىقىنى، مەيلى ئاشكارا مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن ئىنساننىڭ ھېچبىر ئەمىلىنىڭ اللەغا مەخپى ئەمەسلىكىنى ئىنسانغا ھېس قىلدۇرىدۇ.

*7. خۇشاللىق ھەم خاپىلىق ھالەتتە اللەنى ئەسلىتىش.*

قۇرئان كەرىم مەيلى خۇشاللىق ھالەتتە بولسۇن ياكى خاپىلىق ھالەتتە بولسۇن ھەر ئىككىلا ھالەتتە ئوخشاشلا ئىنسانغا اللەنى ئەسلىتىدۇ. ئىنسان خۇشاللىق ھالەتتە اللەنى ئەسلەپ، نېمەت ۋە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچى اللەغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ. خاپىلىق ھالەتتە بولسا اللەنىڭ قازاسىغا سەبرى قىلىدۇ. اللەغا يۈزلىنىپ، اللەنىڭ خاپىلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى تىلەيدۇ.

*8. قىسسىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ئىماننى مۇستەھكەملەش.*

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلەرگە قانداق سەبرى قىلغانلىقىنى، ئاخىرىدا اللەنىڭ ئۇلارغا قانداق ياردەم بەرگەنلىكىنى؛ كاپىرلارنىڭ باتىل ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى، ئاخىرىدا اللەنىڭ ئۇلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئىماننى مۇستەھكەملەيدۇ.

*9. مۆئمىن ۋە كاپىرلارنى سۈرەتلەش.*

قۇرئان كەرىم مۆئمىنلەرنىڭ يېقىملىق سۈپەتلىرىنى، ئۇلار قولغا كەلتۈرىدىغان مۇكاپات ـ جەننەت ـ نىڭ سۈپەتلىرىنى؛ كاپىرلانىڭ ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئورتاق بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەمدە ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان جازا ـ دەۋزەخ ـ نىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق كۆز ئالدىمىزدا مۆئمىن ۋە كاپىرلار بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان جەننەت ۋە دەۋزەخنى ناھايىتى يارقىن ۋە ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. جەننەتنىڭ سۈرىتى كىشى قەلبىدە ئىنتىلىش ۋە خۇشاللىق پەيدا قىلسا، دەۋزەخنىڭ سۈرىتى كىشى قەلبىدە قورقۇنچ ۋە غەم ـ ئەندىشە پەيدا قىلىدۇ.

بىز كېلەركى بۆلۈمدە مۇشۇ ئۇسۇللار ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلى توختىلىمىز.

@ @ @ @ @

# ئىمانىنىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## قۇرئان ۋە سەزگۈ

بىز يۇقىرىدا: «كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ئىنساننىڭ سەزگۈسىنى دۆتلەشتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن ئىدۇق. دېمىسىمۇ، كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئىنساننىڭ سەزگۈسى دۆتلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقىنى يوقۇتىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەقىقى ئۇقۇملىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز، ئاي ۋە قۇياش، بۇلۇت ۋە يامغۇر، دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەر كۈنى تەكرارلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىگە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئەمدى بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان، سەزگۈسىگە تەسىر قىلمايدىغان، ئۇنىڭ ئېگىسى ياراتقۇچى، پىلانلىغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، كامال ۋە يېگانىلىقتا تەڭدىشى يوق، ئۇلۇغ، بۈيۈك اللەغا قارىتالمايدىغان بولۇپ قالدى.

قۇرئان ـ قەلبنى قاپلىۋالغان، سەزگۈنى دۆتلەشتۈرۈۋەتكەن ئاشۇ تۇمانلارنى ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىك گۈزەل ئۇسلۇبى بىلەن يوقۇتىدۇ. اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى جانلىق سۈرەتتە ئوتتورىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەزگۈ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئوچرايدۇ. ئىنسان گويا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. سەزگۈ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، خىيال ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆرۈنۈشنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەنگەن، ھېس ـ تۇيغۇلار تۇرلۇك شەكىلدە قوزغالغان چاغدا قۇرئان ئىنساننى مۇشۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئارقىسىدىكى اللەنىڭ مۆجىزىلىك قۇدرىتىگە يېتەكلەيدۇ. ئىنسانغا بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە پەيدا قىلغۇچىنىڭ اللە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئاشۇ ھەممىگە قادىر، يالغۇز، بىر اللەغا ئىبادەت قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

**قۇرئان بۇ خىل جانلىق، گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن تۆۋەندىكىلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ:**

1. كائىناتنىڭ كاتتىلىقى بىلەن ئۇنىڭ مۆجىزىلىك قانۇنىيىتىنى بىرلا ۋاقىتتا سۈرەتلەپ بېرىدىغان كائىنات كۆرۈنۈشلىرى.

2. ئىنسان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتلىق باسقۇچلىرى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق كۆرۈنۈشلىرى.

3. ئىنسان ۋە ھايۋانلارغا رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىش كۆرۈنۈشلىرى.

4. مەيلى كائىنات ھادىسىلىرى بولسۇن ياكى ئىنساننىڭ ئادەتتىكى مۇھىتىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر بولسۇن، ھەممىگە ئورتاق بولغان ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش كۆرۈنۈشلىرى.

5. اللەنىڭ غەيبىي ئىشلارغا بولغان چەكسىز ئىلمى.

الله يۇقىرىقى تېمىلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇلارنىڭ ھەممىنى ياراتقان زاتنىڭ الله ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىبادەتكە، يۈزلىنىشكە، دۇئاغا، قورقۇشقا ۋە ئۈمىد كۈتۈشكە پەقەت ئاشۇ يالغۇز بىرلا اللەنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى قوشۇپ بايان قىلىدۇ.

بىز تۆۋەندە يۇقىرىقى تېمىلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن قۇرئان ئايەتلىرىدىن مىساللارنى كەلتۈرىمىز. ئەمما، شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، گاھىدا بىر تېما ئۈچۈن مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ئايەتتە يەنە بىر تېمىمۇ قوشۇپ بايان قىلىنىدۇ.

**1. كائىناتتىكى مۆجىزىلەر:**

﴿هُوَ الَّذِي أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء لَّكُم مِّنْهُ شَرَابٌ وَمِنْهُ شَجَرٌ فِيهِ تُسِيمُونَ، يُنبِتُ لَكُم بِهِ الزَّرْعَ وَالزَّيْتُونَ وَالنَّخِيلَ وَالأَعْنَابَ وَمِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ، وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالْنَّهَارَ وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالْنُّجُومُ مُسَخَّرَاتٌ بِأَمْرِهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ، وَمَا ذَرَأَ لَكُمْ فِي الأَرْضِ مُخْتَلِفًا أَلْوَانُهُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

لِّقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ، وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُواْ مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُواْ مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُواْ مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ، وَأَلْقَى فِي الأَرْضِ رَوَاسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ وَأَنْهَارًا وَسُبُلاً لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ، وَعَلامَاتٍ وَبِالنَّجْمِ هُمْ يَهْتَدُونَ، أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لاَّ يَخْلُقُ أَفَلا تَذَكَّرُونَ، وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَةَ اللهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ اللّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

«اللله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئاقلىق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋىلارنى باقىسىلەر. اللله سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. اللله سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ اللەنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار. اللە يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)، ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. اللە سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرى (يەنى بېلىقلىرى)نى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە ـ مارجانلار) نى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. اللەنىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، (اللەنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلەر ۋە يۈك ـ تاقلار قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈسەن. زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، اللە ئۇنىڭدا تاغلارنى بەرپا قىلدى، (زىرائەتلىرىڭلارنى، چارۋا ماللىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار ئۈچۈن) ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى پەيدا قىلدى. (يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ. (پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان الله بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر. ئەگەر اللهنىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، الله سىلەر(نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار)نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر»①.

بۇ ئايەتلەردە اللهنىڭ كائىناتتىكى بىر قىسىم مۆجىزىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مۆجىزىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئۇسۇلى تەكرارلانغان كۆرۈنۈشلەرگە قارىتا دۆتلەشكەن تۇيغۇدىن ئۇنىڭ دۆتلۈكىنى يوقۇتىدۇ. نەتىجىدە ئىنسانىنى ئۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى ئۇ ئەسلا دىققەت قىلمىغان تەرەپلەرگە قارىتىدۇ. ئىنسان بۇ تەرەپلەرنى بايقىغان ياكى ئۇنى ئېسىگە ئالغان چاغدا كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا يېپيېڭى ھالەتتە ئەكس ئېتىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان يېڭىچە تۇيغۇ بىلەن نەزەر تاشلايدۇ. ئۇنىڭ سەزگۈسى بۇ خىل «يېڭى كۆرۈنۈش»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ھەرىكەتلىنىدۇ.

مەسىلەن، سەزگۈسى دۆتلەشكەن ئىنسان ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان يامغۇرنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، بىراق، ئۇ بۇ يامغۇرنىڭ ئىنسان ۋە ھايۋانلار ئىچىۋاتقان بۇلاق، قۇدۇق، كارىز ۋە دەريا سۇلىرىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ. كۆز ئالدىدا ئاسانلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ سۇنىڭ زېمىندا ئۆزلىكىدىن پەيدا بولمىغانلىقىنى، بەلكى، ئۇنى اللهنىڭ يامغۇر سۈرىتىدە چۈشۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ بىر چەكسىز ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كائىناتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قانۇنىيەتكە ماس ھالدا بۇلۇتلارنى يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن يامغۇرنى چۈشۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ

① سۈرە نەھل: 10 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

قالىدۇ. ئەمما، قۇرئان كەرىم ئىنساننى بىرلا ۋاقىتتا مۇنۇ ئىككى ھەقىقەتكە ئويغىتىدۇ:

﴿هُوَ الَّذِي أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء لَّكُم مِّنْهُ شَرَابٌ وَمِنْهُ شَجَرٌ فِيهِ تُسِيمُونَ﴾

« اللە سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئارقىلىق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر» .

شۇنداقلا، قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ سەزگۈسىنى مۇشۇ سۇ ئارقىلىق ئۆسكەن دەل ـ دەرخلەرگە قارىتىدۇ. نەتىجىدە ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا اللەدىن ئۈزۈلگەن، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان، تەكرارلانغان كۆرۈنۈش بولۇپ قالمايدۇ. بەلكى، اللەنىڭ قۇدرىتىگە زىچ باغلانغان مۆجىزىلىك كۆرۈنۈشكە ئايلىنىدۇ. ئاندىن بۇ كۆرۈنۈش ئۆزىنىڭ ئىنئام قىلغۇچى، ئاتا قىلغۇچى اللەغا باغلىنىدىغانلىقى بىلەن روھنى جانلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئايەتنىڭ داۋامى ئالدىنقى ئايەت كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۆسۈملۈكلەردىن بىر قانچە تۈرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى اللەنىڭ يامغۇر ئارقىلىق زىرائەتلەرنى ۋە زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم... قاتارلىق «تۈرلۈك مېۋىلەرنى» ئۆستۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇنىڭ ناملىرىغا قەدەر تەپسىلى تىلغا ئېلىشى، يەنە بىر قىسىملىرىنى بولسا تەپسىلى سۆزلىمەستىن، يىغىنچاقلاپ ياكى بىر پۈتۈن ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى بۇ خىل ئۆزگىچە بايان قىلىش ئۇسۇلى ئىنساننىڭ خىيالىنى تېخى سۆزلەنمىگەن تەپسىلاتلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەڭ يىراق چەككە قەدەر ئەگەشتۈرىدۇ. چەكسىز، كەڭرى، گۈزەل، رەڭگارەڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دانلىق ۋە دانىسىز ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەل ـ دەرەخلەر دۇنياسىغا سەپەر قىلدۇرىدۇ. نەتىجىدە كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىشتا خىيال سەزگۈ بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. تەبىئەت ئالىمى بولسا ئىنساننىڭ تۇيغۇسىغا يېڭىچە هاياتى كۈچ بىغىشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆرۈنۈش ئىلگىرىكىدەك سەزگۈنى دۆتلەشتۈرىدىغان، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان «تەكرارلانغان كۆرۈنۈش» بولۇپ قالمايدۇ.

ئايەتنىڭ داۋامى كېچە، كۈندۈز، قۇياش، ئاي ۋە يولتۇزلارنى تىلغا ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى تەكرارلىنىش ئارقىلىق سەزگۈنى دۆتلەشتۈرۈۋەتكەن، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان كۆرۈنۈشلەر ئىدى. بىراق، ئايەتنىڭ داۋامى بۇلارنىڭ كۆڭۈلدىكى ئورنىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە ئۇنى گويا تۇنجى قېتىم ئۇتتۇرىغا قويۇلغاندەك ھالەتكە كەلتۈرىدىغان يېڭى بىر ئەھۋالنى سۆزلىدى. بۇ «ئەھۋال» اللەنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

﴿وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومُ مُسَخَّرَاتٌ بِأَمْرِهِ﴾

«اللە سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ اللەنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر».

مانا ئەمدى كېچە، كۈندۈز، قۇياش، ئاي ۋە يولتۇزلار سەزگۈنى ئادەتلەندۈرۈۋەتكەن، ئىنسان كۆڭلىدىكى ئۇقۇملىرى ئاللىقاچان يوقالغان ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان ئادەتتىكى كائىنات كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ قالمىدى. بەلكى، اللەنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان جانلىق، تىرىك كائىناتقا ئايلاندى. شەكسىزكى، بۇ مەنا كائىناتنىڭ ئىلگىرىكى سۈرىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. يەنى ئىنساننىڭ سەزگۈسىدىكى «كائىنات ئۆزىنىڭ قىلىپلاشقان ھەرىكىتى بىلەن ھەر قانداق بىر تەسىر كۆرسەتكۈچى ۋە ئىدارە قىلغۇچىدىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ساماۋىي جىسىم» دېگەن ناتوغرا ئۇقۇم پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. كائىنات ئىنساننىڭ تۈيغۇسىدا يېڭى بىر شەكىلدە قايتا قۇرۇلدى..... ئۇ اللەنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىنىڭ بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. اللە بۇيرىغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئىزچىللاشقان ھەرىكىتى ـ دۆتلەشكەن سەزگۈ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ـ مېخانىكىلىق ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى، غايە ۋە نىشانغا ئىگە جانلىق ھەرىكەتتۇر. كائىناتنىڭ كىچە ياكى كۈندۈزدىكى ھەر بىر ھەرىكىتى اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ھېچ قانداق ماددا ياكى جىسىم اللە بەلگىلىگەن قانۇن ۋە قانۇنىيەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا اللەنىڭ ﴿وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ﴾ «اللە سىلەرگە كىچە ۋە كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى» دېگەن سۆزى ۋە سۈرە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پۈتكۈل مۇھىت ئىنسانغا اللەنىڭ نېمىتىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۈيغۇسىنى اللەنىڭ نېمەتلىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ۋە يالغۇز بىر اللەغا يۈزلىنىشكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

ئاندىن ئايەتنىڭ داۋامى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سەزگۈنى اللە يەر يۈزىدە ياراتقان ھەر تۈرلۈك مەخلۇقاتلارغا قارىتىدۇ:

﴿وَمَا ذَرَأَ لَكُمْ فِي الأَرْضِ مُخْتَلِفًا أَلْوَانُهُ﴾

«اللە يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)» .

بىز بۇ ئايەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا خىيالنى كۆرۈنۈشكە ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇنى قوزغاشنىڭ يەنە بىر تۈرىنى مۇلاھىزە قىلايلى!

يۇقىرىقى ئايەتتىكى (مَا) «نەرسىلەر» دېگەن سۆز قانداقتۇر مۇئەييەن بىر نەرسىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى، ئۆسۈملۈك،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھايۋانـات، ئىنسـان.... قاتـارلىق بـارلىق نەرسـىلەرنى كۆرسـىتىدۇ....
خىيال اللە زېمىندا ياراتقان ھەر تۈرلۈك نەرسـىلەرگە ئەگىشـىش ئۈچـۈن
پەرۋاز قىلىـدۇ. نەتىجىـدە بـۇ نەرسـىلەر تۈيغـۇدا جانلىنىشقا باشلايدۇ
ھەمـىدە ئىلگىرىكـى دۆتلەشـكەن ۋە ئۇنتۇلغـان چاغـدىكىگە ئەسـلا
ئوخشىمايدىغان يېڭى بىر سۈرەتتە نامايان بولىدۇ.

ئاندىن كېيىن اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُواْ مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُواْ مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُواْ مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللـە سـىلەرنى دېڭىزنىـڭ يېڭـى گۆشـلىرى (يەنـى بېلىقلىرى)نـى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيـۇملىرى (يەنـى ئـۈنچە ـ مارجـانلار) نـى چىقارسـۇن دەپ، سـىلەرگە دېڭىزنـى بويسـۇندۇرۇپ بەردى. اللەنىـڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شـۈكۈر قىلىشـىڭلار ئۈچـۈن، (اللەنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىـلەن يـېمەك ـ ئىچمەكـلەر ۋە يـۈك ـ تـاقلار قاچىلانغـان) كېمىلەرنىـڭ دېڭىـزدا دولقـۇن يېرىـپ كېتىۋاتقـانلىقىنى كۆرۈسەن».

ئىنسان بـۇ ئـايەتنى ئوقۇۋاتقـان چاغـدا ئۇنىـڭ تۈيغۇسـى ئايەتنىـڭ تەسىرىـگە ئۈچرىماي، سەزگۈسى ھەرىكەتلەنمەي ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ؟

شۈبھىسىزكى، دېڭىز دېمەك ھەرىكەت ۋە ھايات دېمەكتۇر. چۈنكى، دېڭىـز ئىنسـاننىڭ تۈيغۇسـى بىـلەن زىـچ باغلانغـان بولـۇپ، ئىنسـان كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىۋاتقان يېڭى گۆش (بېلىق) دېڭىزدىن چىقىدۇ. زىننەت بويۇملىرىنى ياسـايدىغان ئـۈنچە ـ مارجـانلار دېڭىـزدىن چىقىدۇ. يۈك ـ تاق ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنـى توشـۇش ئۈچـۈن كـېمىلەر دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ ماڭىدۇ.... دېمەك، دېڭىز نوقۇل سۇ ۋە دولقۇن بولماستىن، بەلكى، ھەرىكەت ۋە پائالىيەت بىلەن تولغان مۇكەممەل بىر

دۇنيادۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدۇر. ئۇنداقتا، بىز اللەنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى ئۈچۈن اللەغا كۆپ شۈكرى قىلمايلىمۇ؟.

ئايەتنىڭ داۋامى يەنە تاغلار، دەريالار، يوللار، يول بەلگىلىرى ۋە يۇلتۇزلاردىن ئىبارەت كائىنات كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە سەزگۈنى ئۇلارغا قارىتىدىغان ۋە خىيالنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن سۆزلەيدۇ.... ھەر بىر قېتىمدا ئۇلارنىڭ اللە ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

بۇ كائىنات كۆرۈنۈشلىرى ئەنە شۇنداق جانلىق رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ سەزگۈنى دۆتلۈكتىن ئويغىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەيئىلەر ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا يېڭى ھالەتتە نامايان بولىدۇ. تۇيغۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرىكەتلىنىدۇ.

قۇرئان كائىنات كۆرۈنۈشلىرىنى ئەنە شۇنداق جانلىق رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنسان دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان زور بىر ھەقىقەتنى ئايەتنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئۇلاپ بايان قىلىدۇ:

﴿أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لاَّ يَخْلُقُ﴾

«(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان اللە بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟».

اللە «كائىناتتىكى مۆجىزىلەر»گە ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى مۇشۇ رەۋىشتە قوزغىغاندىن كېيىن، «ياراتقان اللە بىلەن يارىتالمايدىغان ئاتالمىش، ساختا ئىلاھلار ئوخشاش بولامدۇ؟» دېگەن سوئالنى تاشلايدۇ.

روھىيەتنىڭ ئىچكىرى قاتلاملىرىدىن ئېنىق بىر جاۋاپ ئېتىلىپ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

چىقىدۇ:

«ياق! ئى پەرۋەردىگارىمىز! ياراتقان اللە بىلەن يارىتالمايدىغان ئاتالمىش، ساختا ئىلاھلار ئوخشاش ئەمەس!. ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز! ئى رەببىمىز! سەن ئەڭ مۇكەممەل ياراتقۇچى ۋە ئۇلۇغ زاتتۇرسەن!!!».

ئايەتنىڭ داۋامى سەزگۈنىڭ قوزغىلىشىنى كۈچەيتىدىغان ۋە روھنىڭ اللەغا يەنىمۇ بەكرەك باغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇنداق بىر جۈملە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَةَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ اللّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

«ئەگەر اللەنىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، اللە سىلەر(نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار)نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر».

بىز يۇقىرىدا «كائىناتتىكى مۆجىزىلەر» ئۈچۈن بىر «ئۆلگە»نى سۆزلىدۇق ۋە ئۇنى ئۆز دائىرىسىدە قىسقىچە ئىزاھلىدۇق. تۆۋەندە يەنە ئىككى «ئۆلگە»نى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئوقۇغۇچى بۇ ئىككى «ئۆلگە»نى ۋە قۇرئاندىكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا «ئۆلگىلەر»نى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن «ئۆلگە»نىڭ مەزمۇنى بويىچە چۈشىنىشكە ۋە ئىزاھلاشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ.

﴿المر تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ وَالَّذِيَ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ الْحَقُّ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يُؤْمِنُونَ، اللّهُ الَّذِي رَفَعَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لأَجَلٍ مُّسَمًّى يُدَبِّرُ الأَمْرَ يُفَصِّلُ الآيَاتِ لَعَلَّكُم بِلِقَاء رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ، وَهُوَ الَّذِي مَدَّ الأَرْضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْهَارًا وَمِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ جَعَلَ فِيهَا زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ، وَفِي الأَرْضِ قِطَعٌ مُّتَجَاوِرَاتٌ وَجَنَّاتٌ مِّنْ أَعْنَابٍ وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَى بِمَاء وَاحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ فِي الأُكُلِ إِنَّ فِي ذَلِكَ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾.

«ئەلىف، لام، مىم ، را. بۇ، كىتاب (يەنى قۇرئان)نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (قۇرئاندا) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەر ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننىڭ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ. اللە ئاسمانلارنى تۈرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ، اللە (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. اللە يەر يۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك ـ چىشى ـ ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى). بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. يەر يۈزىدە بىر بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان)

نۇرغۇن دەلىللەر بار①.»

﴿فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ، وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ تُظْهِرُونَ، يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَيُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَكَذَلِكَ تُخْرَجُونَ، وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ إِذَا أَنتُم بَشَرٌ تَنتَشِرُونَ، وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ، وَمِنْ آيَاتِهِ مَنَامُكُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَابْتِغَاؤُكُم مِّن فَضْلِهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ، وَمِنْ آيَاتِهِ يُرِيكُمُ الْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنَزِّلُ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَيُحْيِي بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ، وَمِنْ آيَاتِهِ أَن تَقُومَ السَّمَاءُ وَالْأَرْضُ بِأَمْرِهِ ثُمَّ إِذَا دَعَاكُمْ دَعْوَةً مِّنَ الْأَرْضِ إِذَا أَنتُمْ تَخْرُجُونَ﴾.

«سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە اللەغا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇسانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇسانانىڭ ھەممىسى اللەغا خاستۇر. اللە جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر. اللەنىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللەنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. اللەنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ-خىل بولۇشى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.

① سۈرە رەئد: 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

سىلەرنىڭ كېچىسى ۋە كۈندۈزى ئۇخلىشىڭلار، (كۈندۈزى) اللەنىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزىق) تەلەپ قىلىپ (ھەرىكەتلىنىشىڭلار) اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. اللەنىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، چۈشىنەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. اللەنىڭ ئاسمان زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق تۇرغۇزۇشى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئاندىن الله (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر①.»

2. ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق كۆرۈنۈشلىرى:

قۇرئان كەرىم ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىنسان كۆپىنچە دىققەت قىلماستىن ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك ھادىسە ئارقىلىق ئىنساننىڭ بىۋاستە سېزىمىنى سىلكىش ئۈچۈن ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ھادىسىسىنى كۆپ سۆزلەيدۇ. ۋەھالانكى، ئىنسان ئۇ ھادىسىگە دىققەت قىلغان چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇنۇ سوئال تۇغۇلىشى كېرەك:

مەيلى ئۆسۈملۈكتە بولسۇن ياكى ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلاردا بولسۇن جانلىق ھۈجەيرە ئىچىدىكى ھاياتلىقنى ياراتقان زات كىم؟ قايسى مۆجىزىلىك قۇدرەت ئاشۇ جانلىق ھۈجەيرىنى ھەرىكەتلىنىدىغان، ئۆسىدىغان، چوڭ بولىدىغان ۋە ھەر خىل شەكىلدە شەكىلگە

---

① سۈرە رۇم: 17 ـ 25ـ ئايەتلەر.

كىرىدىغان قىلىدى؟ ئۇلار ئۆزلىكىدىن بولىدىمۇ؟ ئۇنىداقتا نېمىشقا ئۆلۈك ھۈجەيرىمۇ شۇنىداق قىلالمايدۇ؟

بۇ جانلىق ھۈجەيرىدە مۆجىزە خاراكتېرلىك سىر يوقمۇ؟ ياراتقۇچى اللە ھاياتلىق سىرىدىن ئىبارەت ئاشۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك سىرنى ئورۇنلاشتۇرغان ئەمەسمۇ؟

جانلىق ھۈجەيرە ۋە جانلىق مەۋجۇدات ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭدا بار بولغان ھاياتلىق قەيەرگە كېتىدۇ؟ ئۇ ئۆسۈملۈك بولسۇن، ھايۋان بولسۇن ياكى ئىنسان بولسۇن بىز ئاددىيلا قىلىپ، «ئۇ ئۆلۈپ قالدى» دەيمىز. ئەمەلىيەتتە ئىش مۇشۇنداق ئاددىي بولامدۇ؟ مۆجىزىلىك قۇدرەتكە ئىگە زات جانلىق مەۋجۇداتقا ھاياتلىقنى بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ھاياتلىقنى قايتۇرۇۋېلىپ ئۇنى جانسىز، ئۆلۈك ھالەتتە قالدۇرغان ئەمەسمۇ؟

ئىلىم ـ پەن بىزگە ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىر قىسمى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنىداق دەيدۇ: جانلىق مەۋجۇداتتىكى ھاياتلىق كۆرۈنۈشى بولسا غىزالىنىش، ئۆسۈش، ھەرىكەتلىنىش ۋە كۆپىيىشتۇر. جانلىق مەۋجۇداتنىڭ ئۆلۈشى بولسا، ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن توختاشتۇر، شۇڭا ئۇ غىزالانمايدۇ ياكى ئۆسمەيدۇ ياكى ھەرىكەتلەنمەيدۇ ياكى كۆپەيمەيدۇ...

شۇنداق! بىراق، ئىلىم ـ پەن ھازىرغىچە ھاياتلىقنىڭ سىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە جانلىق ھۈجەيرىنى مۇشۇنداق شەكىلدە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى.

بىز ئىلىم ـ پەندىن «ھۈجەيرە نېمىشقا ئۆلۈپ قالىدۇ، نېمىشقا مەڭگۈ تىرىك تۇرمايدۇ؟» دەپ سورىساق، «ھۈجەيرە قېرىيدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ ئاندىن ئۆلىدۇ» دېگەندىن باشقا جاۋابنى بېرەلمەيدۇ. شۇنداق! بىراق،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

نېمىشقا ئاشۇ ھادىسە (ئۆلۈم ھادىسىسى) پەيدا بولىدۇ؟ نېمىشقا ھاياتلىق مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ؟ پۈتكۈل جانلىق كائىنات ھاياتلىقنى سۆيىدۇ ۋە ئۆلۈمنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەتتاكى چۈشىنىمۇ شۈنداق. سىز چۈشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسىڭىز، چۈشىن ئۆلۈمدىن يىراق بولۇش ئۈچۈن سىزدىن يىراق قاچىدۇ. بىراق، مەۋجۇداتنىڭ ھەر بىرى نېمىشقا ئۆلىدۇ؟ قېنى ئېيتىڭچۇ؟ ئەگەر ھاياتلىق مەۋجۇداتنىڭ ئۆز قولىدا بولسا ئىدى، ھاياتلىقتىن مەڭگۈ ئايرىلارمىدى؟ ئۇنداق ئەمەس! بىراق، ئۇ ئۆلىدۇ. چۈنكى، الله ئۇنىڭغا ئۆلۈمنى تەقدىر قىلغان، بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغۇچى سەۋەبلەرنىڭ كەينىدىكى ھەقىقىي سىردۇر.

ئۇنداقتا، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى الله تەرىپىدىندۇر، ھەر ئىككىلىسى ئىلاھى ئىرادە ۋە ئىلاھى تەقدىردۇر.

مانا بۇ توغرا چۈشەنچە، كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە ئىنساننىڭ سەزگۈسى دۆتلەشكەن چاغدا تۇيغۇدىن ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قانچە خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىنساننىڭ پاراستى يوقالغان چاغدا ئەقىلدىن غايىب بولىدۇ.

قۇرئان دەھرىيلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ وَمَا لَهُم بِذَلِكَ مِنْ عِلْمٍ إِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ﴾

«ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): ”ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز“ (دەيدۇ). ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ.[①]»

① سۈرە جاسىيە: 24ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ياكى ئىلىم ـ پەن دارۋىننىڭ ئېيتقىنىدەك، «تەبىئەت ھاياتلىقنى يارىتالايدۇ ۋە جانلىق كائىناتتىن ھاياتنى تارتىۋالالايدۇ» دەيدۇ.

قۇرئان كەرىم روھتىن ئاشۇ تۇمانلارنى يوقىتىدۇ. ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ھەققىدە تۇيغۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇيغۇلار دۈتلۈكتىن ئويغۇنىدۇ ۋە ئۆلۈم ـ ھاياتلىق ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىگە دىققەت قىلىدۇ.

﴿تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ، الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ ، الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ طِبَاقًا مَّا تَرَى فِي خَلْقِ الرَّحْمَنِ مِن تَفَاوُتٍ فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِن فُطُورٍ، ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِأً وَهُوَ حَسِيرٌ﴾

«(پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، الله غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. الله يەتتە ئاسمانىنى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان اللهنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.①»

دېمەك، پادىشاھلىق ئۇنىڭ قولىدا بولغان، ھەرقانداق نەرسىگە قادىر الله ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر. اللهدىن باشقا ھېچكىم ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى يارىتالمايدۇ. ئۇ ئىككىسى (ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق) ـ ئۆزىنىڭ مۆجىزە خاراكتېرلىك سىرلىرى بىلەن ـ ھەرقانداق نەرسىنىڭ

① سۈرە مۇلك: 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پادىشاھلىقى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان، چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسە غالىپ كېلەلمەيدىغان قۇدرەتلىك زاتتىن باشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدىغان ئىشتۇر.

ھەممىگە قادىر اللە ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتتى. ۋە ئۇ ئىككىسىنى «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن» دېگەن ھېكمەت سەۋەبىدىن ياراتتى. اللەنىڭ ئىرادىسى ئىنساننىڭ زېمىن ئۈستىدە مۇئەييەن بىر مەزگىل ياشىشىنى، زېمىندا ئىش ـ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى، ھەرىكەت قىلىشنى ئاندىن يەنە بىر قېتىم تىرىلىپ ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۆلۈشنى تەقەززا قىلدى.

شۇنىڭدەك ـ ئۆزى خالايدىغان نامەلۇم بىر ھېكمەت سەۋەبىدىن ـ ھەرقانداق جانلىق مەۋجۇداتنىڭ مەلۇم مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن ئۆلۈشىنى ھۆكۈم قىلدى.

اللە زېمىن ئۈستىدە ھاياتلىقنى ياراتقاندىن باشلاپ ۋەدە قىلىنغان كۈن، قىيامەت كۈنىگىچە نەچچە مىليۇنغا يېتىدىغان جانلىقلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆلۈمنى تەقدىر قىلدى. دۆلىشىپ قالغان تۈيغۇنى كاتتىلىق ۋە مۆجىزىلىك جەھەتتىن ئۇنىڭغا پەقەت اللەلا قادىر بولالايدىغان، يارىتىش مۆجىزىلىرى بىلەن بىللە كېلىدىغان بۇ ھادىسىگە ئويغىتىش ئۈچۈن، قۇرئان ئايىتىنىڭ داۋامى كائىناتتىكى قۇدرەت مۆجىزىلىرى ھەققىدىكى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلۈم ـ ھاياتلىق ھادىسىسىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدا، اللە پادىشاھلىقنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە، ئۆزىنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر زات ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «اللە يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى» دەپ يارىتىشنى تىلغا ئېلىشقا قايتتى. «مېھرىبان اللەنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن» دېگەن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

چاغدا، اللە ئىنسانىنى كەڭرى كائىناتقا نەزەر سېلىشقا چاقىرىدۇ. ئىنسان خىيالى دۇنياسىدا ئۇنى ئويلايدۇ. اللە ياراتقان بۇ مەخلۇقاتلار ئىچىدە قالايمىقانچىلىق، تەڭپۇڭسىزلىق ۋە نۇقسان بار ـ يوقلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىدۇ. «سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن؟»

ئىنسان كۆزى، خىيالى ۋە پىكرى بىلەن بۇ كەڭرى كائىنات ۋە كائىناتتىكى قۇدرەت ھەققىدە ئۇزۇن ئويلانغان چاغدا، ئۇنىڭ تۇيغۇسى اللەنىڭ كاتتىلىقى ۋە مۆجىزىلىك قۇدرىتىدىن تەسىرلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ بايانى ئىنساندىن، اللەنىڭ يارىتىشىدا نۇقسان ۋە ئىللەتنى ئىزدەش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم قاراشنى تەلەپ قىلغان چاغدا ئىنسان ئاشۇنىڭدىن يوچۇق تاپالامدۇ؟ ياكى ئىنسان ئاشۇ ۋەزىپىگە قادىر بولالماي كۆزى تالغان ھالەتتە قايتامدۇ؟ «كۆزۈڭ (ئاسمانلاردابىرەر نوقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ». شۇ چاغدا تۇيغۇ اللەنىڭ كاتتىلىقى، ئۇلۇغلىقى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭدىن قېچىشقا ئورۇن يوق ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ ھاياجانلىنىشنىڭ ۋە تەسىرلىنىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە يېتىدۇ.

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن سُلَالَةٍ مِّن طِينٍ ، ثُمَّ جَعَلْنَاهُ نُطْفَةً فِي قَرَارٍ مَّكِينٍ ، ثُمَّ خَلَقْنَا النُّطْفَةَ عَلَقَةً فَخَلَقْنَا الْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا الْمُضْغَةَ عِظَامًا فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْمًا ثُمَّ أَنشَأْنَاهُ خَلْقًا آخَرَ فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ ، ثُمَّ إِنَّكُمْ بَعْدَ ذَلِكَ لَمَيِّتُونَ ، ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ تُبْعَثُونَ ، وَلَقَدْ خَلَقْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعَ طَرَائِقَ وَمَا كُنَّا عَنِ الْخَلْقِ غَافِلِينَ ، وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّاهُ فِي الْأَرْضِ وَإِنَّا عَلَى ذَهَابٍ بِهِ لَقَادِرُونَ ، فَأَنشَأْنَا لَكُم بِهِ جَنَّاتٍ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ لَّكُمْ فِيهَا فَوَاكِهُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾

«بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابىمەنىي قىلدۇق. ئاندىن ئابىمەنىينى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە

ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى اللە (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر. ئاندىن سىلەر چوقۇم ئۆلۈسىلەر. ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى (قەبرەڭلاردىن) تۇرغۇزۇلىسىلەر. بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق، بىز مەخلۇقاتتىن غاپىل ئەمەسمىز. بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز. شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە خورما باغچىلىرى ۋە ئۈزۈم باغچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق، سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا نۇرغۇن مېۋىلەر بار، ئۇلاردىن يەيسىلەر[1]»

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَسَلَكَهُ يَنَابِيعَ فِي الْأَرْضِ ثُمَّ يُخْرِجُ بِهِ زَرْعاً مُخْتَلِفاً أَلْوَانُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرّاً ثُمَّ يَجْعَلُهُ حُطَاماً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَذِكْرَى لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾

«سەن بىلمەمسەنكى، اللە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن اللە ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن اللە ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئىبرەت بار[2]»

3 ـ رىزىق:

دۆتلەشكەن تۈيغۇ غاپىللىققا پاتقاندا اللەنىڭ ئىنسانغا زېمىندىن رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىشى مۇئمىننىڭ قەلبىنى اللەغا باغلايدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىللارنىڭ بىرى.

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن:12 ـ 19 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە زۇمەر: 21ـئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مۇئمىن دائىم اللەنىڭ ئۆزىگە بولغان پەزلىنى ۋە رەھمىتىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، الله ئىنسانغا بېرىۋاتقان رىزىق دائىملىقتۇر، ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئەگەر بۇ رىزىقلار بىر مىنۇت ئۈزۈلۈپ قالسا ئىنساننىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىز بەزىدە، رىزىق دېگەن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ، ياكى بىز نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىدىغان پۇل ـ مال دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە، رىزىقنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۇنى ساناپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَةَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ اللّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

«ئەگەر اللەنىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، الله سىلەر(نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار)نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر[1]».

ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا ھاياتلىقنىي زېمىن ئۈستىدە ياشىيالايدىغان قىلىش ئۈچۈن ئىلاھى تەرتىپ بويىچە تەڭپۇڭ نىسبەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئېلېمىنتلاردىن تۈزۈلگەن. ئەگەر ھاۋادىكى ئوكسىگېن نىسبىتى ئازلاپ كەتسە، ھاياتلىق قىيىنلاشقان بولاتتى. ئەگەر ئوكسىگېن نىسبىتى ئېشىپ كەتسە، زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر كۆيۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بىر تەرەپتىن زېمىن بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدا، يەنە بىر تەرەپتىن زېمىن بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇد بولغان تارتىش كۈچىنى الله ئىنچىكە ھېساب بىلەن بەلگىلىگەن.

---

[1] سۈرە نەھل: 18 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ﴾

«كۈن بىلەن ئاي (ئۆز بۇرجلىرىدا) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ[1]»

ئەگەر، قۇياش بىلەن يەر شارى ئارىسىدىكى تارتىش كۈچى ھازىرقى ھالىتىدىن كۈچلۈك بولغان بولسا، قۇياش يەرشارىغا بەك يېقىنلىشىپ كېتەتتى ـ دە، چىدىغۇسىز ئىسسىق بولۇپ كېتەتتى. نەتىجىدە، بارلىق جانلىق نەرسىلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. ئەگەر، قۇياش بىلەن يەر شارى ئارىسىدىكى تارتىش كۈچى ھازىرقى ھالىتىدىن ئاجىز بولغان بولسا، زېمىن قۇياشتىن بەك يىراقلىشىپ كېتەتتى ـ دە سوغۇققا چىدىغىلى بولمايتتى ۋە بارلىق جانلىقلار ئۆلۈپ تۈگەيتتى. ئەگەر، ئاي زېمىنغا يېقىن بولغان بولسا، ئاي بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى تارتىش كۈچى كۈچىيىپ، سۇ ئۆرلەپ كېتەتتى. نەتىجىدە، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇ قاپلاپ، بارلىق جانلىقلار ھالاك بولاتتى.

بىلەمسىز؟ جانلىقلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن زۆرۈربولغان كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى مەۋجۇت بولمىسا، ھاياتلىق مەۋجۇت بولمىغان، زېمىن گۈللەنمىگەن بولاتتى. چۈنكى، جانلىق كائىناتنىڭ ھەممىسى ئارام ئالىدىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ۋاقىتقا مۇھتاج.

﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن جَعَلَ اللَّهُ عَلَيْكُمُ اللَّيْلَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُم بِضِيَاء أَفَلَا تَسْمَعُونَ ، قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن جَعَلَ اللَّهُ عَلَيْكُمُ النَّهَارَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُم بِلَيْلٍ تَسْكُنُونَ فِيهِ أَفَلَا تُبْصِرُونَ ، وَمِن رَّحْمَتِهِ جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«"ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر الله كېچىنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە ئۇزۇن سوزىدىغان بولسا، اللەدىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟" دېگىن.

---

[1] سۈرە رەھمان: 5 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

”ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر اللە كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، اللەدىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟“ دېگىن. سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) اللەنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى اللەنىڭ رەھمىتىدىندۇر.①»

بىز بۇ نېمەتلەرنى ۋە اللەنىڭ بەندىلەرگە بەرگەن رىزىقلىرىنى سانىغان ۋاقتىمىزدا ئۇنتۇپ قالىدىغان باشقا رىزىق تۈرلىرىمۇ ئىلاھى نېمەتلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، مۇئمىن قەلب ئۇلارنى شۈكۈر قىلىش بىلەن ئەسلەيدۇ. بىراق، دۆلەتلىشىپ قالغان تۈيغۇ ئۇلارغا دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ ياكى بەزىدە، ئۇ مەغرۇرلىنىپ، قۇرئان قارۇن ھەققىدە رىۋايەت قىلغىنىغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ:

﴿قَالَ إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ عِنْدِي﴾

«قارۇن:”مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم“ دېدى.②» يەنى، مەن بۇنىڭغا كۈچۈم ۋە تىرىشچانلىقىم بىلەن ئېرىشتىم، بۇ اللەنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ئەمەس دەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان دۆلەتلىشىپ قالغان تۈيغۇنى «اللە رىزىق بەرگۈچىدۇر، پۇختا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر، رىزىقلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ دەرگاھىدىن كېلىدۇ، ئىنسان ھەرقانچە كۈچ سەرىپ قىلسىمۇ، رىزىقنى پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇ پەقەت رىزىق يولىدا اللەنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئەمگەك قىلىدۇ، بىراق، رىزىقنى اللە پەيدا قىلىدۇ»

① سۈرە قەسەس: 71 ـ 73 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە قەسەس: 78 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دېگەن ھەقىقەتكە ئويغىتىش ئۈچۈن، رىزىق تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

﴿أَفَرَأَيْتُمْ مَا تَحْرُثُونَ أَأَنْتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ الزَّارِعُونَ لَوْ نَشَاءُ لَجَعَلْنَاهُ حُطَامًا فَظَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ إِنَّا لَمُغْرَمُونَ بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ أَفَرَأَيْتُمُ الْمَاءَ الَّذِي تَشْرَبُونَ أَأَنْتُمْ أَنْزَلْتُمُوهُ مِنَ الْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ الْمُنْزِلُونَ لَوْ نَشَاءُ جَعَلْنَاهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ أَفَرَأَيْتُمُ النَّارَ الَّتِي تُورُونَ أَأَنْتُمْ أَنْشَأْتُمْ شَجَرَتَهَا أَمْ نَحْنُ الْمُنْشِئُونَ نَحْنُ جَعَلْنَاهَا تَذْكِرَةً وَمَتَاعًا لِلْمُقْوِينَ فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ﴾

«سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ! ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟). ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار. سىلەر: "بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق، بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق" (دەيتتىڭلار). سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ! ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟ سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ! ئۇنىڭ دەرىخىنى (يەنى مۇرخۇ، ئۇبار ناملىق بىرىنىڭ شېخىنى بىرىگە سۈركىسە ھۆل تۇرۇپلا ئوت ئالىدىغان دەرەخنى سىلەر ئۆستۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۆستۈردۇقمۇ؟ ئۇنى بىز ئىبرەت ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ بوھتانلىرىدىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن[1].»

ئىنسان زېمىندا دېھقانچىلىق قىلىدۇ، زېمىنغا ئۇرۇق چاچىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى «زىرائەتنى تېرىغان، زىرائەتنى ئۈندۈرگەن كىشى» دەپ

① سۈرە ۋاقىئە: 63 ـ 74 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، شۇنداق قىلالامدۇ؟ پۈتكۈل كائىناتتا ئۇرۇقنى ئۆستۈرەلەيدىغان ۋە شۇ ئۇرۇقتىن تۈرى، رەڭگى، شەكلى، تەمى ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈملۈكنى چىقىرالايدىغان مۆجىزىلىك ئىلاھى قۇدرەتتىن باشقا بىرەر كۈچ بارمۇ؟ ئويلاپ بېقىڭ! ئەگەر الله بۇ ئۇرۇققا هاياتلىق سىرىنى ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، بارلىق زېمىن ئەھلى ئۇرۇقنى ئۆسۈش ۋە مېۋە بېرىش ئۈچۈن كۆمۈلگەن ئورنىدىن ھەرىكەتلەندۈرەلەمتى؟ شۇ سەۋەبتىن، الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَأَنْتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ الزَّارِعُونَ﴾

«ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟)[1]»

ئاندىن قۇرئان كەرىم تۇيغۇنى ئىنساننىڭ تۇيغۇسى تەكرارلانغان كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا دۆتلىشىپ ۋە غەپلەتكە پېتىپ، ئەنە شۇ كۆرۈنۈشلەردىكى ھەممىگە قادىر اللەنىڭ مۆجىزىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قارىتىدۇ. ئىنسان مېۋە بەرگەنگە قەدەر بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان، ئۆسۈۋاتقان زىرائەتنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان. شۇڭا ـ غەپلەت ئىچىدە تۇرۇپ ـ "ئىشلار ئۆزلىكىدىن مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇرۇقنى سالغانىكەن، ئۇرۇق چوقۇم ئۆسۈپ، مېۋە بېرىدۇ" دەپ ئويلايدۇ. ئۇرۇقنى چىقىرىپ بەرگەن زات الله ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله ئىنسانغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَوْ نَشَاءُ لَجَعَلْنَاهُ حُطَامًا فَظَلَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ، إِنَّا لَمُغْرَمُونَ، بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ﴾

«ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار. سىلەر: "بىز

① سۈرە ۋاقىئە: 64 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق، بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق" (دەيتتىڭلار).[①]»

ئەگەر الله خالىغان بولسا، ئۇنى ئەسلا ئۈندۈرۈپ بەرمىگەن بولاتتى ۋە شۇنداقلا، ئۇنى ئۈندۈرۈپ مېۋە بەرمەيدىغان قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرۇپ قويىغان بولاتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئەلۋەتتە ئۆز ـ ئارا دەرت تۆكۈشكەن ۋە: "تىرىشچانلىقىمىز ۋە ماللىرىمىز (يەرگە سالغان ئۇرۇقلىرىمىز) زايە بولۇپ كەتتى. زىرائەت ھوسۇل بەرمىدى، ياكى بىزگە مەھرۇملۇق چۈشتى" دېيىشكەن بولاتتىڭلار.

ئىنسان ئاسماندىن چۈشكەن سۇنى كۆرىدۇ. بىراق، ئىنساننىڭ تۇيغۇسى دۆتلىشىپ قالغان چاغدا، ئۇ سۇنى چۈشۈرگەن زاتنىڭ، اللە ئىكەنلىكىدىن غەپلەتتە قالىدۇ ۋە بۇ سۇ ئۆزلىكىدىن مۇشۇنداق چۈشىدۇ دەپ ئويلايدۇ ياكى ياۋرۇپادىكى ماددى تەرەققىياتقا ئىگە كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلۋاتقان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە ياشاۋاتقان ئىنسانغا ئوخشاش مەغرۇرلىنىپ: "مەن ئۆزۈم ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرالايمەن" دەپ ئويلاپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ بەزىدە، ئايروپىلان ئارقىلىق بۇلۇت ئۈستىگە مەلۇم ماددىلارنى تاشلاش ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرالايدۇ.

بۇ ئادەملەر: "اللە ئۆز خاھىشى، تەقدىرى ۋە كائىناتقا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە تەقدىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يامغۇرنى چۈشۈرىدىغان زاتتۇر" دېگەن ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلۇت يۇقىرى ھاۋا قاتلىمىدا سۈزۈپ، سۇ ھورى قويۇقلاشسا ياكى بۇلۇتلار ئىگىز تاغلارغا سوقۇلغان چاغدا، ھاۋا بۇلۇتنى كۆتۈرەلمەي، بۇلۇت يامغۇر شەكلىدە (يەرگە) چۈشىدۇ. ئاشۇنىڭ ھەممىسىنى قىلغان زات كىم؟ سۇ ھورىنىڭ

---

① سۈرە ۋاقىئە: 65 ـ 66 ـ ئايەتلەر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەبىئەتنى مۇشۇنداق قىلغان زات كىم؟ ئويلاپ بېقىڭ! ئەگەر ئاللاھ سۇ ھورىغا بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، بۇلۇت قۇيۇقلاشقان چاغدا يامغۇر ئۆزلىكىدىن چۈشەرمىدى؟ گەرچە ئايروپىلان ئارقىلىق بۇلۇت ئۈستىگە بەزى ماددىلارنى تاشلاش سۇ ھورىنى سوۇۋتۇپ، ئۇنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ «سۈنئىي يامغۇر» ياغدۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرەلىسىمۇ، بىراق، ئاللاھ سۇنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە يەرگە چۈشۈدىغان قىلىپ بەرمىگەن بولسا، زېمىندىكى بارلىق ئايروپىلانلار ۋە بارلىق ئىنسانلار ئاشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر بولالارمىدى؟

قۇرئان تۇيغۇنى يەنە بىر قېتىم مەسىلىنىڭ باشقا بىر تەرىپىگە قارىتىدۇ. يامغۇر ئېچىشكە بولىدىغان، تاتلىق سۇ شەكلىدە چۈشىدۇ. دۆتلەشكەن تۇيغۇ: "يامغۇر ئۆزلۈكىدىن مۇشۇنداق شەكىلدە چۈشىدۇ" دەپ ئويلايدۇ. قۇرئان ئۇنىڭغا: «اللە يامغۇرنى مەخلۇقاتلارغا رەھمەت قىلىپ، ئاشۇنداق تاتلىق شەكىلدە چۈشۈرۈپ بەردى. ئەگەر اللە خالىغان بولسا، ئۇنى ئىنتايىن تۇزلۇق، ئېچىشكە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈنۈشىگە لايىق كەلمەيدىغان قىلىپ قويياتتى. اللە ئۆزىنىڭ ئاشۇ نېمىتىگە قارىتا شۈكۈر قىلىنىشقا لايىق ئەمەسمۇ؟» دېگەن ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ.

ئىنسان ئوت ياقىدۇ. ئوتنىڭ ئاسانلا تۇتىشىپ كۆيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوتنىڭ كەينىدىكى ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئوت يانىدىغان دەرەخنى كىم پەيدا قىلدى؟ بۇنى پەيدا قىلغۇچى زات ھەممىنى ياراتقۇچى، ئىنئام بەرگۈچى اللە ئەمەسمۇ؟ بۇ دەرەخكە توغرا كەلگەن سۆز بۇگۈنكى كۈندە مەۋجۇت بولغان باشقا يېقىلغۇ تۈرلىرىگىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى اللە تەرىپىدىن كەلگەن.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاندىن قۇرئان ئىنسانغا، بۇ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئەسلىتىدۇ. الله، ئىنسان زېمىندا ياقىدىغان بۇ ئوتنى ئەگەر ئىنسان اللهغا ئاسىيلىق قىلسا، ئاخىرەتتە ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىغان دەھشەتلىك ئوتنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىدىغان ئەسلەتمە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپنى يورۇتۇشقا ۋە تائام پىشۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان مۇساپىرلارغا پايدىلىق قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

ئىنساننىڭ تۇيغۇسى قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ خىل بايانى ئارقىلىق تەسىرلەنگەن چاغدا، ئايەتنىڭ داۋامى تەسىرلىنىش ۋە ھاياجانلىنىش ھالىتىدە تۇرغان ئىنساننى ئاخىرى ئۆزىگە ئاشۇ رىزىقلارنى بەرگەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىشقا چاقىرىدۇ.

﴿قُل لِّعِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُواْ يُقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَيُنفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلانِيَةً مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لاَّ بَيْعٌ فِيهِ وَلاَ خِلاَلٌ، اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الأَنْهَارَ ، وَسَخَّر لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَآئِبَينَ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ ، وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾

«مۇئمىن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى ئادا قىلسۇن، ئالدى ـ ساتتىمۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) كېلىشتىن بۇرۇن، بىز ئۇلارغا بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلسۇن. الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، الله سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر اللهنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ

تۇگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.①»

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهِ مِن بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَّبَنًا خَالِصًا سَآئِغًا لِلشَّارِبِينَ ، وَمِن ثَمَرَاتِ النَّخِيلِ وَالأَعْنَابِ تَتَّخِذُونَ مِنْهُ سَكَرًا وَرِزْقًا حَسَنًا إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ، وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ الشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ ، ثُمَّ كُلِي مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ فَاسْلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلاً يَخْرُجُ مِن بُطُونِهَا شَرَابٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ فِيهِ شِفَاء لِلنَّاسِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز. (سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار. پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: "تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۇزگىن. ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل ـ چېچەكلەر) دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن"، ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ ـ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار.②»

4 ـ يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر:

ئىنساننىڭ ئەتراپىدا، بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدە تۇغۇلغان ۋاقتىدىن

---

① سۈرە ئىبراھىم:31 ـ 34 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نەھل: 66 ـ 69 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

باشلاپ ئۆلگەنگە قەدەر ھەر خىل ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھادىسىلەرنىڭ بەزىلىرى كىچە ـ كۈندۈز، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرۇشى، قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى، ئاينىڭ چىقىشى ۋە ئاي يۈزىنىڭ دەسلەپ چىققان ۋاقتىتىن باشلاپ، تولۇن ئاي بولغانغا قەدەر چوڭىيىشى، ئاندىن كىچىكلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا يوشۇرۇنىشى، بۇلۇت، يامغۇر، چاقماق، گۈلدۈرماما ۋە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئوخشاش كائىنات ھادىسىلىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ بەزىسى تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، ساقلىق، ئاجىزلىق، بوۋاقلىق، ياشلىق، قېرىلىق، قېرىلىق، باي ـ كەمبەغەل ۋە ئەزىز ـ خار بولۇشىغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردۇر.

**ھاياتتا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ مۆئمىنگە بولغان تەسىرى:**

بۇ ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە مۆئمىن ئۆنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئارقىسىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى بار ئىكەنلىكىنى، اللەنىڭ ھادىسىلەرنى ئۆز ئىلمى، ھېكمىتى، ۋە قۇدرىتى بىلەن يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن كائىناتتا پەقەت الله خالىغان ئىشلا بولىدىغانلىقىنى. كائىنات ئىشلىرىنىڭ ھەر ـ قانداقى پەقەت الله خالىغان شەكىلدە تاماملىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

**ھاياتتا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ غاپىلغا بولغان تەسىرى:**

ئەمما، تۈيغۇسى دۆتلەشكەن غاپىل ئىنسان مەيلى كائىنات ھادىسىلىرى بولسۇن ياكى ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر بولسۇن بۇ ھادىسىلەرگە نىسبەتەن پەرۋا قىلماستىن، اللەنىڭ ھادىسىلەردىكى قۇدرىتىگە، كائىناتقا پادىشاھلىق قىلىشتا، بارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇشتا يېگانە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىگە دىققەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھادىسىلەر ئۇ ئىنساننىڭ يېنىدا يۈز بېرىۋاتسىمۇ، ئۇ ئادەم ئۆز خاھىشىغا بېرىلىپ، ھوشىنى تاپمىغان ھالدا تۇرىۋېرىدۇ.

قۇرئان ئۇ غاپىل ئىنساننى ھادىسىلەرنىڭ كەينىدىكى يوشۇرۇن ھەقىقەتتىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن ئۇنى غەپلەتتىن قاتتىق سىلكىيدۇ. شۇنداقلا، اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ھادىسىسىنى ۋە رىزىق بېرىلىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ، خۇددى ئىنسان ئۇ ھادىسىلەرگە تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندەك جانلىق، يېڭى ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا، بولۇۋاتقان ھادىسىلەرنى ئۇنىڭ روھىدىن تۇمانلارنى يوقىتىدىغان مەزمۇنلار ئارقىلىق سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇيغۇ جانلىنىدۇ، تەسىرلىنىدۇ، قەلب ئويغىنىدۇ ۋە بىۋاستە ھېس قىلىدۇ.

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ النَّاسَ وَمَا أَنزَلَ اللهُ مِنَ السَّمَاء مِن مَّاء فَأَحْيَا بِهِ الأرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ وَالسَّحَابِ الْمُسَخِّرِ بَيْنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، الله بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر[①]»

بۇ بىر ئايەتتە قۇرئان ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى، غاپىل ئىنسان ئۇنىڭغا

① سۈرە بەقەرە: 164 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆنۈپ ۋە ئادەتلىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدىغان كائىنات ھادىسىلىرىنىڭ زور بىر تۈركۈمىگە قارىتىدۇ.

بىراق، غاپىل ئىنسانغا بۇ كائىنات مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تەدبىر ۋە ھېكمەت بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قۇرئان بۇ دۆتلىشىپ كەتكەن تۇيغۇنى ئويغۇتىدۇ.

بىز بۇ ئايەتنى ئويلانساق، قۇرئاننىڭ «دۆتلىشىپ كەتكەن تۇيغۇنى ئويغىتىش» غايىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئۇسۇل بىلەن يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز:

بىرىنچىسى: زور بىر تۈركۈم ھادىسىلەرنى بىرلا قېتىمدا ئوتتۇرىغا قويۇش. بۇ يەردە، ئاسمان ـ زېمىن، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى (يەنى ئۇ ئىككىسىنىڭ داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە پەسىللەر جەريانىدا كېچە بىلەن كۈندۈز ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئوخشىماسلىقى دېگەن مەنىدە) كېمىنىڭ مېڭىشى، ئاسماندىن يامغۇرنىڭ چۈشۈشى، زېمىندا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى، پۈتكۈل زېمىنغا تارالغان ھايۋانلار، شامالنىڭ ئۆزگىرىشى، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ تۇرغان بۇلۇتلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرۈشى... قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزىلا تۇيغۇنى ئويغىتىدۇ.

بەزىدە، تۇيغۇ دۆتلىشىپ قالىدۇ ۋە يەككە ھالدا يۈز بېرىۋاتقان ئاشۇ ھادىسىلەرگە دىققەت قىلمايدۇ. ئاشۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەر بىرى باشقىلاردىن ئايرىم بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. بىراق، ئۇلار مۇشۇنداق بىر يەرگە جۇغلىنىپ، ئارقىمۇ ـ ئارقا، بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا تۇيغۇ چوقۇم ئويغىنىدۇ ۋە ئۇ ھادىسىلەر ھەققىدە ئىزچىل تۈردە

ئۆيلىنىدۇ. بۇ ھادىسىلەر مۇشۇنداق تېزلىكتە بىرىنى تولۇق ئويلىنىپ بولالماي تۇرۇپ، يەنە بىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقاندا، تۈيغۇ غەپلەتتە قېلىشقا، ياكى ئۇخلاپ قېلىشقا پۇرسەت تاپالمايدۇ.

ئىككىنچىسى: تۈيغۇنى كائىناتتىكى دائىملىق ھەرىكەتكە قارىتىش يولى ئارقىلىق، تۈيغۇنى بۇ ھادىسىلەرگە باغلاش. ھەرىكەتلەنمەيدىغان تۇراقلىق كۆرۈنۈشكە تۈيغۇ ئاسانلا كۆنۈپ قالىدۇ ۋە ئاسانلا دۆتلىشىپ كېتىپ، كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، داۋاملاشقۇچى ھەرىكەتكە قارىتا تۈيغۇ دۆتلىشىپ قالمايدۇ، تۈيغۇ بۇ ھەرىكەتلەرگە چوقۇم دىققەت قىلىدۇ ۋە ئويغۇنىدۇ.

بۇ ئايەت ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئىنسان كۆرۈپ باقمىغان قەدىمى ھادىسە. شۇنداقتىمۇ، ئىنسان ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىڭ تەسىرلىرىنى ئوچۇق كۆرىدۇ. بىراق، ئايەتنىڭ داۋامى يارىتىلىش كۆرۈنىشىنى تۈيغۇ ئالدىدا ھەرىكەتسىز ھالەتتە تاشلاپ قويماستىن، بەلكى، ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. كېچە ـ كۈندۈز ئايلىنىپ تۇرىدۇ. كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلىقى، ئۆز ئارا ئالمىشىش جەريانىدا ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ. كېمە دېڭىزدا ئىنسانلار پايدىلىنىدىغان يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ ماڭىدۇ. ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر سۈيى ھەرىكەتلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ ھەرىكەت يامغۇر سۈيىنىڭ زېمىنغا چۈشۈش ھەرىكىتىدۇر. بىراق، ھەرىكەت بۇ يەردە توختاپ قالمايدۇ. بەلكى، ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر سۈيى ئارقىلىق ئىلگىرى قۇرغاق بولغان زېمىندىن جانلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. قۇرئان: ﴿فَأَحْيَا بِهِ الأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا﴾ «ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا» دەپ زېمىننىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى، يامغۇر چۈشكەندىن كېيىن جان كىرىپ ھەرىكەتلەنگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. خۇددى سۈرە ھەججە ئېيتىلغىنىدەك:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاء اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنبَتَتْ مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ﴾

«سەن زېمىننى قاقاس كۆرۈسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ①»

بىراق، ھەرىكەت بۇ يەردە مۇشۇنداقلا ئاخىرلاشمايدۇ. بەلكى، ئايەت بايانىنى داۋاملاشتۇرۇپ، زېمىن يامغۇر ئارقىلىق ئۈندۈرگەن ئۆسۈملۈكلەرنى يېيىشكە ئالدىراپ كەلگەن ھايۋانلارنى تەسۋىرلەيدۇ. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ﴾

«يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا②»

تارقىتىش دېمەك ـ بىرلا ۋاقىتتا ھەممە تەرەپلەردە ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر.

ئاندىن قۇرئان كەرىم شامالنى تىلغا ئالىدۇ. تەبىئىكى شامالمۇ ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆرۈنەرلىك ھەرىكەتلەنمىگەن بولسا، شامال دەپ ئاتالمىغان بولاتتى. ئاخىرىدا قۇرئان كەرىم ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى بويسۇندۇرۇلغان، ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان بۇلۇتنى تىلغا ئالىدۇ. ھەر بىر كائىنات مۇشۇنداق ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈيغۇ ئىزچىللاشقان ھەرىكەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كائىناتنى كۆرۈپ ئويلىنىدۇ، تەسىرلىنىدۇ ۋە كائىنات بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ داۋاملاشقۇچى ھەرىكەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانىدا ئىنساننىڭ تۈيغۇسىنى قوزغىتى

---

① سۈرە ھەج:5ـ ئايەت.

② سۈرە ھەج: 5ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان اللەغا قارىتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ ھەقىقەتتۇر:

﴿وَالسَّحَابِ الْمُسَخِّرِ بَيْنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾

«ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر[1]»

دېمەك، قۇرئان كەرىم «ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگۈچى»، «ھايۋانلارنى يەر-يۈزىگە تارقاتقۇچى»، «شامالنىڭ يۆلىنىشلىرىنى ئۆزگەرتكۈچى» ۋە «ئاسمان-زېمىن ئارىسىدىكى بۇلۇتلارنى بويسۇندۇرغۇچى» زاتنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى، يەككە-يېگانە قۇدرەتلىك اللە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە بۇ ۋاستىلەر بىلەن ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى كائىنات قۇرۇلمىسىدا ۋە ئىنسانلار ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە ئويغۇتىدۇ.

﴿قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاء وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاء وَتُعِزُّ مَن تَشَاء وَتُذِلُّ مَن تَشَاء بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ، تُولِجُ اللَّيْلَ فِي الْنَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ الَمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَن تَشَاء بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾

«ئېيتقىنكى،"پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اللە! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ

[1] سۈرە بەقەرە: 164 ـ ئايەت

تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنسانىنى، ھايۋانىنى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن".[①]»

﴿اللَّهُ الَّذِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَيَبْسُطُهُ فِي السَّمَاء كَيْفَ يَشَاء وَيَجْعَلُهُ كِسَفًا فَتَرَى الْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلَالِهِ فَإِذَا أَصَابَ بِهِ مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ، وَإِن كَانُوا مِن قَبْلِ أَن يُنَزَّلَ عَلَيْهِم مِّن قَبْلِهِ لَمُبْلِسِينَ، فَانظُرْ إِلَى آثَارِ رَحْمَتِ اللَّهِ كَيْفَ يُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا إِنَّ ذَلِكَ لَمُحْيِي الْمَوْتَى وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، وَلَئِنْ أَرْسَلْنَا رِيحًا فَرَأَوْهُ مُصْفَرًّا لَّظَلُّوا مِن بَعْدِهِ يَكْفُرُونَ، فَإِنَّكَ لَا تُسْمِعُ الْمَوْتَى وَلَا تُسْمِعُ الصُّمَّ الدُّعَاء إِذَا وَلَّوْا مُدْبِرِينَ ، وَمَا أَنتَ بِهَادِي الْعُمْيِ عَن ضَلَالَتِهِمْ إِن تُسْمِعُ إِلَّا مَن يُؤْمِنُ بِآيَاتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ، اللَّهُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً يَخْلُقُ مَا يَشَاء وَهُوَ الْعَلِيمُ الْقَدِيرُ﴾

«اللە شامالالارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، اللە يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى. اللەنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللە ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر، اللە ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئەگەر بىز (زىرائەتكە زىيانلىق) شامالنى ئەۋەتسەك، ئۇلار (شامالنىڭ تەسىرىدىن) زىرائەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار (اللەنىڭ ئىلگىركى نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالمايسەن، ئارقىسىغا قاراپ يۈز ئۆرۈگەن

① سۈرە ئال ئىمران: 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

گاسلارغىمۇ چاقىرىقىڭنى ئاڭلىتالمايسەن. كورلارنىمۇ گۇمراھلىقتىن قۇتقۇزۇپ توغرا يولغا سالالمايسەن، سەن پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنىدىغانلارغىلا (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالايسەن، ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر. الله سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.[①]»

5 ـ اللهنىڭ غەيبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلمى:

ئىنسان دائىم غەيبنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. ئەتە ۋە كەلگۈسىدە قانداق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ غەيب مەيلى ئىنسان ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئارزۇ ۋە ئۈنىڭدىن قۇتۇلۇشنى خالايدىغان دەرت ـ ئەلەم، كۆپيىشىنى ياخشى كۆرىدىغان بايلىق ياكى ئۈنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ياخشى كۆرىدىغان يامانلىق بولسۇن، ھەرقانداق شەكىلدە بۇ غەيبلەرنى بىلىشكە دائىم تەلپۈنىدۇ. بىراق، ئۇ قادىر بولالمايدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا ئىنسان، چۈشىنىڭ غەيبنىڭ بىر تەرىپىنى ئېچىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ، كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. يەنە بەزىدە، نامەلۇم ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ.

بەزىدە ـ ئىنساننىڭ ئىمانى ۋە دىنى ئۇنى ساقلاپ تۇرمىسا ـ مۇشۇ غەيب ھەققىدە ئازراق بىر نەرسىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە پالچىلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ...بىراق، ئىنسان ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ

① سۈرە رۇم: 48 ـ 54 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يولىدىكى بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ گۇمان، ئاساسى يوق پەرەز ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ بەزىسى ئۇلۇغ شەرىئەت چەكلىگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىغا ۋە ئىشەنگۈچىگە قاتتىق ئازاب ۋە دوزاخ ۋەدە قىلىنغان، چەكلەنگەن ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان اللەنىڭ پۈتۈن غەيبنى بىلىدىغان قۇدرىتىگە ئىشىنىشى كېرەك. چۈنكى، الله ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى، ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر. ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغۇچى، ئۆتمۈشتىكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ھادىسىلەرنى يۈرگۈزگۈچىدۇر. دېمەك، ئۇ ھادىسىلەر بارلىق تەپسىلاتى بىلەن اللەغا مەلۇمدۇر، بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھېچقايسىسى اللەنىڭ بىلىشى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

بىراق، ئىنسان بەزىدە دۆتلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇنتۇپ قالىدۇ... شۇ چاغدا، قۇرئان ئىنساننى دۆتلۈكىدىن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇنى غەپلىتىدىن ئويغۇتىدۇ ۋە ئۇ تەسىرلىنىشتىن قاچالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

﴿اللهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنثَى وَمَا تَغِيضُ الأَرْحَامُ وَمَا تَزْدَادُ وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ ، عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ الْكَبِيرُ الْمُتَعَالِ ، سَوَاء مِّنكُم مَّنْ أَسَرَّ الْقَوْلَ وَمَن جَهَرَ بِهِ وَمَنْ هُوَ مُسْتَخْفٍ بِاللَّيْلِ وَسَارِبٌ بِالنَّهَارِ، لَهُ مُعَقِّبَاتٌ مِّن بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ يَحْفَظُونَهُ مِنْ أَمْرِ اللهِ﴾

«ھەر بىر (ھامىلىدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى الله بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ـ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ياكى مۇددىتى ئىشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (اللە) بىلىدۇ. اللەنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر. اللە مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (اللە ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى اللە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ). ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار.[①]»

سىز بايانىڭ داۋامىدا كەلگەن تۈنجى ئايەتنى ئويلىنىڭ. ئۇنىڭ باسقۇچلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۆزىڭىزنى قايتىدىن ياخشى تەكشۈرۈڭ ۋە بۇ ئىشنى ئېنىقلاڭ.

ياق! سىز ئۇنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.

﴿اللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنثَى﴾

«ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى اللە بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ـ ھەممىسىنى اللە بىلىدۇ).» دېگەن ئايەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئايەتنىڭ داۋامى چىشى نەرسىنىڭ تۈرىنى ئېنىق بىكىتمىدى، ﴿كُلُّ أُنثَى﴾ دېگەن بۇ سۆز ئاياللارنى، ھايۋانلارنىڭ، ئۇچار ـ قۇشلارنىڭ، دېڭىزدىكى بېلىقلارنىڭ، ھاشارەت ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ... چىشى جىنسلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بىز ﴿كُلُّ أُنثَى﴾ دېگەن بۇ سۆز پەقەت ئىنساننىڭ چىشى جىنسلىقلىرىنى، يەنى

① سۈرە رەئد: 8 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاياللارنىلا سۆزلىدى دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى! بۇ ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلالىدىڭىزمۇ؟

زېمىن يۈزىدىكى ئاياللاردىن قانچىلىك ئايالنى تەسەۋۋۇر قىلالىدىڭىز؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ساناپ چىقالىدىڭىزمۇ؟

سىزگە بېرىلگەن بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى، تۈزلەڭلىكلەردىكى، تاغلاردىكى، ۋادىلاردىكى، ئورمانلىقلاردىكى، غار ـ ئۆڭكۈرلەردىكى، قەسىرلەردىكى، ئۆيلەردىكى، كەپە ـ چېدىرلاردىكى، يىراق چۆل ـ جەزىرىلەردىكى ۋە ئاۋات شەھەرلەردىكى... ئاياللاردىن قانچىنى ساناپ چىقالىدىڭىز؟ سىز نېمىنى ساندىڭىز؟ سىزنىڭ ساناپ چىققىنىڭىز بۈگۈن سىز بىرگە ياشاۋاتقان بىر دەۋر كىشىلىرى ئىچىدىكى تىرىك ئاياللارنىڭ سانىمۇ؟ ئۇنىداقتا، ئىنسان يارىتىلغاندىن باشلاپ ئاشۇ دەۋىرگىچە ياشىغان بارلىق ئاياللارنىڭ سانى قانچىلىك؟ بۇندىن كېيىن، تا قىيامەتكە قەدەر ياشايدىغان بارلىق ئاياللارنىڭ سانىچۇ؟

اللەدىن باشقا بىرەر ئادەم ئۇ ئاياللارنى ساناپ چىقالامدۇ؟ مانا بۇ، سىز تۈنجى قېتىمدا ئۇنىڭ سانىنى تولۇق بىلىپ بولدۇم دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان چوڭ ئىشلارنىڭ بىرىنچى باسقۇچى.

بىز خىيالىمىزنى ﴿اللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنثَى﴾ «ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى الله بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ـ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ)» دېگەن كېيىنكى باسقۇچقا يۆتكەپ باقايلى!

ئايالنىڭ ھەر بىرى قورسىقىدا ھامىلە كۆتىرەيدۇ. سىز خىيالىڭىزدا اللەنىڭ ئىلمى ئۇنى قورشاپ تۇرغان نەرسىنىڭ قايسى نەرسە

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

خىيالىڭىزدا ھاملىلەرنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە سىز بىلىدىغان مەلۇماتنىڭ تۈرلىرىنى ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ؟ ئۇنىڭ تىرىسىنىڭ رەڭگى قانداق؟ ئاقمۇ ـ قارىمۇ؟ قىزىلمۇ ـ سېرىقمۇ؟ ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى قانداق؟ چىرايى قانداق؟ بۇرنى قانداق؟ ئېغىزى قانداق؟ ئىككى كۆزى قانداق؟ ئىككى كۆزىنىڭ رەڭگى قانداق؟ چېچىنىڭ رەڭگى قانداق؟ چىرايى چىرايلىقمۇ ياكى سەتمۇ؟ ئىگىزلىكى قانداق؟ بەدەن شەكلى قانداق؟ ئۇ چوڭىيىش باسقۇچلىرىدىن قايسى باسقۇچتا؟ ئىسپىرما ھالەتتىمۇ ياكى لەختە ۋە ياكى بىر پارچە گۆش ھالەتتىمۇ؟ ... ياكى ... ياكى...؟

مەلۇماتنىڭ تۈرلىرى مۇشۇ چەكتە ئاخىرلاشتىمۇ؟ ياق! تېخى ئاخىرلاشمىدى.

خىيالىڭىز بۇ مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈشتىن ۋە ھەر بىر ئايالنىڭ قورسىقىدىكى ھاملىنىڭ مەلۇماتلىرىنى ساناپ بولۇشتىن ئاجىز كەلگەن ھالدا توختايدۇ. ئاشۇنداق بولسىمۇ، اللەنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمى بۇ چەكتە توختىمايدۇ. بەلكى، اللەنىڭ ئىلمى سىز تۇنجى قېتىمدا ئۇلارغا نەزىرىڭىزنى سالمايدىغان باشقا مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ـ ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ھاملىنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى ئىسمى نېمە؟ مەخلۇقاتلار پەيدا بولغاندىن باشلاپ قىيامەت كۈنىگىچە بولغان ھەربىر ئايالنىڭ قورسىقىدىكى ھاملىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىسمى نېمە؟

ئۇنىڭ زېمىندا ئۆتكۈزىدىغان ئۆمرى قانچىلىك؟ تىرىك تۇغۇلامدۇ ياكى ئۆلۈكمۇ؟ ئەگەر تىرىك بولسا قانچىلىك ياشايدۇ؟

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ مِن مُّضْغَةٍ مُّخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ لِّنُبَيِّنَ لَكُمْ وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّى وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْلَا يَعْلَمَ مِن بَعْدِ عِلْمٍ شَيْئًا وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاءَ اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنبَتَتْ مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ﴾

«ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (اللە تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرۈسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ[①].»

ئۇنىڭ زېرەكلىك دەرىجىسى قانچىلىك؟ ئۇ قانداق خىسلەتلەرگە ئىگە؟ ياخشىمۇ ـ يامانمۇ؟ باتۇرمۇ ـ قورقۇنچاقمۇ؟ سېخىيمۇ ـ بېخىلمۇ؟ زېمىندا ئۇنىڭغا قانداق ئىشلار تەقدىر قىلىنغان؟ ئۇنىڭ ھاياتىدا قانداق

---

① سۈرە ھەج: 5 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھادىسىلەر بولۇپ ئۆتىدۇ؟

ئاخىردا بەختسىزمۇ ياكى بەختلىكمۇ؟ يەنى، دوزاخ ئەھلىلىرىدىنمۇ ياكى نېمەتلىك جەننەت ئەھلىلىرىدىنمۇ؟

بۇ بولسا، اللەنىڭ مەخلۇقاتلار يارىتىلغاندىن باشلاپ قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھەر بىر ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بارلىق ھامىلىنى ئەتراپلىق بىلىپ تۇرغۇچى ئىلمىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولغان مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا مەلۇماتلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، اللەدىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنى بىلمەيدۇ.

ئەمدى سىز بۇ ئىشلارنى ئۆز ھەقىقىتى بويىچە، يەنى ئايەت تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك چوڭقۇر تەسەۋۋۇر قىلالىدىڭىزمۇ؟:

﴿اللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنثَى وَمَا تَغِيضُ الأَرْحَامُ وَمَا تَزْدَادُ وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ﴾

«ھەر بىر (ھامىلىدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى اللە بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ـ ھەممىسىنى اللە بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (اللە) بىلىدۇ. اللەنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.[1]» دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۇ ھەقىقەتنىڭ باسقۇچلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

اللە بەچچىدانلارنىڭ ھامىلدار بولۇش ئارقىلىق چوڭايغانلىقىنى ۋە تۇغۇش ئارقىلىق كىچىكلىگەنلىكىنى بىلىدۇ. سىز خىيالىڭىزنى يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇپ، ھەر بىر چىشى جىنسلىقلار ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ؟ قورساق كۆتۈرۈپ ھامىلىنى تۇغۇپ بولغۇچە بولغان ھامىلدارلىق

---

① سۈرە رەئد: 8 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

باسـقۇچلىرىنىڭ ھەممىسـىنى، ئاشـۇنىڭ ھەربىـر ئايالـدا ئالاھىـدە تەكرارلىنىشىنى ۋە ئۇنـىڭ پۈتـۈن يەر شارىدا، يەر ـ شارىدىكى بارلىق ئاياللاردا تەكرارلىنىشىنى اللەنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلمى قورشاپ تۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ!

﴿وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ﴾

«اللەنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر»

سىز يەنە بىر قېتىم «اللەنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىك» بولۇشىنىڭ باسقۇچلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

«ھەربىـر ئايالنىـڭ قورسـىقىدىكى» دېـگەن سـۆزدىكى «ھەر بىـر ئايـال» ھەققىـدە ئويلىنىـپ نېرۋىڭىـز چارچـاپ، قېينىلىـپ كېتىـدۇ. ئۇنداقتا، «ھەرقانداق نەرسە» ھەققىدە ئويلانماقچى بولسىڭىز نېرۋىڭىز قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە؟

سىز شۇنداق قىلالايمەن دەپ ئويلامسىز؟ مەن پۈتۈن زېمىندىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە شۇنداق قىلالايمەن دەپ ئويلامسىز؟ اللەنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ئىلمى «ھەر قانداق نەرسە»نى بىلىدۇ. مۇشۇلا ئەمەس، بەلكى، اللە ھەرقانداق نەرسىنى يارىتىدۇ، شۇنداقلا ئۆلچەملىك يارىتىدۇ.

مەيلى، بۇ يەردىكى مىقدارنىڭ مەنىسى اللە ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنىڭ بىلەن ياراتقان ئۆلچەم بولسۇن، ياكى ھەرقانداق نەرسىگە بەلگىلىگەن تەقدىر بولسۇن، ئىنساننىڭ خىيالى ئۇنى ستاتىستىكا قىلىش، تولۇق بىلىش تۇگۇل، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ ئاجىز كېلىدۇ:

﴿عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ الْكَبِيرُ الْمُتَعَالِ﴾.

«اللە مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر،

ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر[1]»

سىز اللەنىڭ غەيبىي ئىلمىدىن بىرلا تەرەپىنى كۆردىڭىز، نىرۋىڭىز غەيبنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشكە ۋە ھېسابلاشقا قادىر بولالمىدى. ئاشكارا ـ مەخپىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشكە ۋە ھېسابلاشقا قانداقمۇ قادىر بولالىسۇن؟ ئىنسانلار مەخپىي سۆز قىلغان چاغدا، بەزىدە ـ غەپلەت ئىچىدە تۇرۇپ ـ ئۇ سۆز اللەغا مەخپىي قالىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

ئىنسانلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ۋە مەخپىي ئىشلىرىنى ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن مەخپىي تۇتقان چاغدا، ئۇلار بۇ سىرلار ئىنسانلارغا مەخپىي قالغاندەك، اللەغىمۇ مەخپىي قالىدۇ دەپ ئويلايدۇ. بىراق، اللەنىڭ ئىلمى بارلىق غەيىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. اللەنىڭ ئىلمى پىچىرلاپ سۆزلىگۈچى بىلەن ئۈنلۈك سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن باپباراۋەردۇر.

﴿ لَهُ مُعَقِّبَاتٌ مِّن بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ يَحْفَظُونَهُ مِنْ أَمْرِ اللّهِ﴾

«ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار.[2]» يەنى، ئىنسانىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان ۋە خاتىرلەيدىغان پەرىشتىلەر بار.

«اللەنىڭ ئەمرى بويىچە» يەنى اللەنىڭ ئەمرى بىلەن.

نەدىمۇ ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرەر نەرسە اللەنىڭ ئىلمىدىن ئايرىلىپ قالسۇن!

﴿وَعِندَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لاَ يَعْلَمُهَا إِلاَّ هُوَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلاَّ يَعْلَمُهَا وَلاَ حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ الأَرْضِ وَلاَ رَطْبٍ وَلاَ يَابِسٍ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ﴾

«غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا اللە بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى اللە بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن اللە بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ

---

[1] سۈرە رەئد: 9 ـ ئايەت

[2] سۈرە رەئد: 11 ـ ئايەت

يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى هۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، هەممىسى (اللەغا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەهپۇزدا يېزىقلىقتۇر[1]»

﴿إِنَّ اللَّهَ عِندَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ الْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْأَرْحَامِ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾

«قىيامەت(نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر. اللە يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) اللە بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، اللە ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر[2].»

@ @ @ @ @

[1]سۈرە ئەنئام: 59ـ ئايەت
[2] سۈرە لوقمان: 34ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئەقلىي دەلىل

قۇرئـان ئىنسـاننىڭ تۇيغۇسـىنى ئۇلـۇھىيەت ھەقىقـىتىگە ئويغۇتـۇش ئۈچـۈن ئىنسـاننىڭ تۇيغۇسـىغا خىتـاب قىلغانـدەك، ئىنسـان ئەقلىنىـڭ پىكىـر قىلىشـى، ئويلىنىشـى ۋە اللەنىـڭ كائىنـاتتىكى مۆجىزىلىرىنىـڭ ئەھمىيىتىنـى بىلىشـى ئۈچـۈن ئۇنىـڭ ئەقلىـگە اللەنىـڭ كائىنـاتتىكى مۆجىزىلىرىگە قارىغىن، دەپ خىتاب قىلىدۇ.

ئەقلىنىـڭ پىكىـر قىلىشـى ۋە ئويلىنىشـى ئۈچـۈن ئەقىلـدە پەيـدا بولىدىغان سوئاللاردىن ئۈلگىلەرنى كۆرۈڭ.

بۇ زور كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىز پەيدا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

بۇ چوڭ كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ھەممىگە قادىر، ھەممىنـى بىلگـۈچى ۋە ھـېكمەت بىـلەن ئىـش قىلغـۇچى اللەدىـن باشـقا بىـرەر ئىلاھنىـڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىن بولامدۇ؟

اللەنىـڭ پادىشـاھلىقتا يـاكى ئىشـلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشـتا شـېرىكى بولۇشى مۇمكىن بولامدۇ؟

كائىنـات قاتلاملىرىـدىكى ھەيـران قـالارلىق مـۆجىزىلەر قۇدرەتلىـك اللەنىـڭ يـارىتىش، ئورۇنلاشـتۇرۇش، رىزىـق بېرىـش، ئۆلتـۈرۈش، تىرىلـدۈرۈش ۋە جـازالاش ئىشـلىرىنىڭ بىرەرسـىدىن ئـاجىز كېلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلامدۇ؟

بۇنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا قۇرئان كەرىمدە تۇيغۇغا خىتاب قىلىنغان ئىشلاردۇر. بىراق، قۇرئان ئىنساننىڭ تۇيغۇسىغا ۋە ئەقلىگە يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا خىتاب قىلىدۇ. قۇرئـان بـۇ ئىشـلارنىڭ ھەممىسـىنى تۇيغۇنى قايىـل قىلغـۇدەك ۋە ئۇلـۇھىيەت ھەقىقىتىنـى بىلەلىگـۈدەك دەرىجىـدە تەسىرلىك ئوتتۇرىغـا قويىـدۇ. قۇرئـان شـۇنىڭدەك، ئـۇلارنى ئەقىلـگە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆرسىتىپ، ئەقىل بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ ۋە ئەقىلنى ئاخىرى دەل شۇ غايىگە يەنى ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى بىلىش، ئاندىن شېرىك كەلتۈرمەستىن يالغۇز بىر اللەغا ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىشكە ئېلىپ بارىدىغان، لوگىكىغا ئۇيغۇن، ساغلام پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئەقىلگە خىتاب قىلىدىغان ۋە ئەقىلنى ئويلىنىشقا ۋە پىكىر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر قۇرئاندا ئىنتايىن كۆپ. بىز ئۇنىڭدىن بىر ئۆلگىنى سۆزلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

﴿وَفِي ٱلْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ ، وَفِي أَنفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾

«زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا اللەغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر[①].»

ئەگەر ئىنسان يەر شارىدىكى ۋە ئۆزىدىكى مۆجىزىلەرنى ئەقلى بىلەن ئويلانسا، ئەلۋەتتە ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ۋە ياراتقۇچىنىڭ چەكسىز مۆجىزىلىك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ھەيران قالاتتى ۋە ھودۇقۇپ كېتەتتى.

زېمىن بۇ كائىناتتىكى غايەت زور ئاسمان جىسىملىرىغا نىسبەتەن كىچىك جىسىم. ئۇ گوياكى كۆز يەتمەس بىپايان چۆللۈكتىكى بىر دانە قۇم دانچىسىغا ئوخشايدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، زېمىندا ئىنسان ئۇنى ساناپ بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆزىتىشتىنمۇ ئاجىز كېلىدىغان مۆجىزىلەر ۋە اللە زېمىنغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئەقىللەر ھاڭ ـ تاڭ قالىدىغان خۇسۇسىيەتلەر بار.

ھازىرغىچە بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، اللە ئاسمان جىسىملىرىدىن پەقەت زېمىنغىلا ھايات كەچۈرۈش خۇسۇسىيىتى ھازىرلاپ بەردى ۋە ئۇنىڭ

---

① سۈرە زارىيات: 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇستىدە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە داۋاملىششى مۇمكىن بولىدىغان شارائىتلارنى پەيدا قىلىدى. يەر شارى گەۋدىسى ئۇنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ بۇزۇلماس ھاۋا قاتلىمى ئارقىلىق ئۆز ئەتراپىنى قوغدىشىغا سەۋەب بولىدىغان نازۇك ئىلاھىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەنگەندۇر. بۇ ھاۋا قاتلىمىدا جانلىق مەۋجۇداتنىڭ نەپەسلىنىشىگە لازىم بولغان ئوكسىگىن مەۋجۇت. ئۇ جانلىقلارنىڭ نەپەسلىنىشىگە مۇۋاپىق ئۆلچەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئوكسىگىننىڭ ئارتۇق ياكى كەم بولۇشى بۇ جانلىقلارغا زىيانلىق. زېمىننىڭ ئىسسىقلىقى جانلىق مەۋجۇداتلار بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە ئىسسىقنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ياكى ئاجىزلىقىدىن ئۆلۈپ قالمايدىغان شەكىلدە ئىلاھى ھېساب بىلەن ئىنچىكە توغۇرلانغاندۇر. زېمىندىكى ئوزۇقلۇقلار كائىنات بىلەن ئۇنىڭ ئوزۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق ئارقىلىق جانلىقلارنىڭ غىزالىنىش ئېھتىياجىغا تولۇق يېتىدىغان دەرىجىدە توغرىلانغاندۇر.

﴿وَالْأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْبَتْنَا فِيهَا مِنْ كُلِّ شَيْءٍ مَوْزُونٍ﴾

«يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق[1]»

﴿وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا﴾

«ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى[2]»

جانلىق كائىناتلار بىلەن ئوزۇقلۇقلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقمۇ ئاشۇنداق ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە: جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئاچكۆزلۈك

---

① سۈرە ھىجر: 19 ـ ئايەت
② سۈرە فۇسسىلەت: 10 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىپ، «بىز تېرىغان زىرائەتنىڭ يۇزدە ئون پىرسەنتىنى قۇشقاچلار يەپ كېتىدىكەن، بۇلارنى قۇشقاچلارنىڭ يەپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىمىز» دەپ ئويلاپ، تېرىلغۇ ئېتىزلىقلار ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى بارلىق قۇشقاچلارنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىشتى. ئۇلار ھەر بىر كەنت ۋە ھەربىر شەھەرگە ئۈچ كىچە ـ كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ دۇمباق ۋە چاڭ چالىدىغان ئەترەتلەرنى ئەۋەتتى. ھەر قاچان، قۇشلار ئۇخلاش ئۈچۈن ياكى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۇۋىسىغا كىرسە، ئۇ ئاۋازلار ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇشقاچلار توختىماي ئۇچۇشقا مەجبۇر قىلىنىپ، بىر يەرگە قونۇش ۋە ئارام ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىندى. ئاخىرى بارلىق قۇشقاچلار ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، چارچاش ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن ھالاك بولدى. ياۋۇزلار ئاشۇ كىچىك، ئاجىز مەخلۇقلارنى يوقاتقانلىقىدىن خۇشال بولدى ۋە ھوسۇل كۆپىيىپ كەتمەي، تولۇق چىقىدۇ دەپ خاتىرجەم بولدى. بىراق، الله ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇرغان ئىدى. ئاشۇ قۇشقاچلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئەسلىدە قۇشقاچلار يەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى زىرائەتتىن توسۇپ قالىدىغان زىيانلىق ھاشارەتلەر زېمىنغا تارالدى ۋە ھوسۇلنىڭ يۇزدە ئەللىك پىرسەنتىنى يەپ كەتتى. ئازغۇن ئىنسانلار الله ئۆز ھېكمىتى بىلەن زېمىندا ئورۇنلاشتۇرغان تەڭپۇڭلۇقنى بۇزماقچى بولسا، اللەنىڭ دەرگاھىدىن ئۇلارنى توسىدىغان جازا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىبرەت ئالغان بولسا، بۇ بىر مۆجىزە ئىدى.

ئەگەر بىز اللەنىڭ يەر شارىدىكى چوڭ ـ كىچىك مۆجىزىلىرىنى تەكشۈرسەك، چەكسىز ئاجايىباتلارنى تاپالايمىز:

﴿وَفِي الأَرْضِ قِطَعٌ مُّتَجَاوِرَاتٌ وَجَنَّاتٌ مِّنْ أَعْنَابٍ وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُصِنْوَانٍ يُسْقَى بِمَاء وَاحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ فِي الأُكُلِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾

«يەر يۈزىدە بىر بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار①»

زېمىندا بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاش بولسىمۇ، بىرىنىڭ قۇرۇلمىسى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىتئەلەر بار. بەزىسىدە زىرائەت ئۈنىدۇ، بەزىسىدە ئۈنمەيدۇ. بەزىسى پەقەت زىرائەتتىن مۇئەييەن تۈرگە لايىق كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۆزىلا ھەيران قالارلىق ئىش.

بىر زېمىندىن ھەرخىل زىرائەتلەر، خورمىلار، ئۈزۈملەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر سۇ بىلەن سۇغۇرىلىدۇ. بىراق، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەتتاكى ئوخشاش بىر تۈردىكى خورمىدىنمۇ بىر تاللا ئۈنۈپ چىقىدىغان ۋە بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىقىدىغان خورما دەرىخى بار. بۇ يەنە بىر ھەيران قالارلىق ئىش. بۇ زىرائەتلەرنىڭ تەمى ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ تەمىنى بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. ئەنە ئاشۇ ئۈچىنچى ھەيران قالارلىق ئىش.

بىر تەمنى بىر ئىنسان ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بىر ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدىكى ئۆزگە خاس تەم قارىشى بويىچە ئۇ تەمنى ياقتۇرمايدۇ. مانا بۇ تۆتىنچى ھەيران قالارلىق ئىش.

﴿إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾

«بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى

---

① سۈرە رەئد: 4 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار[①]»

ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى مۆجىزىلەرگە كەلسەك، ئۇلار بەكمۇ ھەيران قالارلىق.

ئۇنىڭدىن ھامىلە شەكىللىنىدىغان ئۇرۇقلاندۇرۇلغان بىر ھۈجەيرە ئىنسان تۇرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇرۇقلاندۇرۇلغان ھۈجەيرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھۈجەيرىدىن بارلىق ئىنساني خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۇكەممەل بىر ئىنسان ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

ھۈجەيرە پارچىلىنىدۇ ۋە ھامىلىنىڭ ئۆسۈشى جەريانىدا ئالاھىدە خۇسۇسىيەت شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھۈجەيرىنىڭ بىر پارچىسى باش، يەنە بىر پارچىسى قول، ئۈچىنچى پارچىسى پۇت... بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

ھامىلە ئاتا ـ ئانىدىن ،ياكى بوۋىلىرىدىن مىراس ئالىدىغان ئىرسى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ـ ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ھامىلە دادىنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكىنى يەنى چاچنىڭ رەڭگىنى، ئانىسىنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكىنى يەنى، كۆزنىڭ رەڭگىنى، بىرەر بوۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئىگىز ياكى پاكارلىقىنى، بۇرۇن ياكى كۆزنىڭ شەكلىنى تارتىدۇ. بەلكى، بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ھامىلە ئاتا ـ ئانىسىدىن سېخىيلىق ـ بېخىللىق، باتۇرلۇق ـ قورقۇنچاقلىق، ئەقىللىق بولۇش ـ دۆت بولۇش، تەبىئىي يەنىگە مايىل بولۇش ـ ئەدەبىياتقا مايىل بولۇش قاتارلىق پىسخىكىلىق ۋە ئەقلى سۈپەتلەرنىمۇ مىراس ئالىدۇ.

بۇ ئەقلى سۈپەتلەر قانداق نەرسە؟ ئۇلار قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟

---

① سۈرە رەئد:4 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قەيەردە بارلىققا كېلىدۇ؟ ئەقىل قانداق شەكىلدە ئويلايدۇ؟ ئىنسان ئۆزى ئەسلەيدىغان نەرسىلەرنى قانداق ئەسلەيدۇ؟

ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ھازىرغىچە بىزگە: ئەقىلنىڭ قانداق تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئەسلەيدىغانلىقىنى، قانداق ئويلايدىغانلىقىنى، مەلۇماتلارنىڭ قەيەردە ساقلىنىدىغانلىقىنى، مەلۇماتلارنى ئىزدىمەكچى بولغاندا قانداق ئىزدەيدىغانلىقىنى، بەزىدە ئىزدىمىسىمۇ ئويلار ئىنساننىڭ ئېسىگە قانداق كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئاجىز كەلدى.

شۇنداقلا، پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر دېگەن نېمە؟ ئۇلار قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟ قەيەردە بارلىققا كېلىدۇ؟ روھتا سېخىلىق ـ بېخىللىق، باتۇرلۇق ـ قورقۇنچاقلىق سۈپەتلىرى قانداق شەكىللىنىدۇ؟ بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىنساندىكى قايسى ئورۇنغا يوشۇرۇنىدۇ؟ ئۇنىڭ بەدىنىگىمۇ؟ بەدىنىنىڭ قەيىرىگە؟ يىلىكىگىمۇ؟ يىلىكىنىڭ قەيىرىگە؟ ئۇ ماددى نەرسىمۇ ؟ ياكى مەنىۋى نەرسىمۇ؟ ھەر ئىككى ھالەتتە، يەنى ئۇ مەنىۋي نەرسە بولغاندا ئىنساننىڭ ئىشلىرى ۋە ھەرىكىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ماددى نەرسە بولغان تەقدىردىچۇ؟

بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ قانداق ئىرسىيەت قالىدىغانلىقىدۇر.

ئەگەر بىز ئىنسان خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە اللەنىڭ ئىنسانلاردىكى مۆجىزىلىرىنى داۋاملىق كۆزەتسەك، بىز ھەر بىر خۇسۇسىيەتتىن ۋە ھەربىر مۆجىزىدىن ئىنتايىن ھەيران قالىمىز. ئەلۋەتتە، مۇشۇنىڭ ھەممىسى ئەقىلنى لال قىلىدىغان بۇنداق ئىنچىكىلىك ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بۇنى پەيدا قىلغۇچى ھېكمەتلىك ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە باشقىلارنى ئاجىز كەلتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە قۇدرەتلىك بولىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھەر بىر قىسمى ھېسابلاپ بولغۇسىز ئاجايىباتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزە خاراكتېرلىك بۇ مەخلۇقاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ ، وَفِي أَنفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾

«زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا اللهغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر[1]»

﴿أَمِ اتَّخَذُوا آلِهَةً مِّنَ الْأَرْضِ هُمْ يُنشِرُونَ ، لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ، لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ ، أَمِ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ آلِهَةً قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ هَذَا ذِكْرُ مَن مَّعِيَ وَذِكْرُ مَن قَبْلِي بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ الْحَقَّ فَهُم مُّعْرِضُونَ﴾

«ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار (يەنى بۇ نەرسىلەر) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟ ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا اللەدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اللەنىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ. ئۇلار اللەنى قويۇپ، باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ؟ ئېيتقىنكى: ‹(بۇنىڭغا) دەلىلىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، مانا بۇ مەن بىللە بولغانلارنىڭ كىتابى (يەنى قۇرئان) دۇر ۋە مەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق كىتابىدۇر› ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقنى ئۇقمايدۇ، ئۇلار (تەۋھىد) تىن يۈز

[1] سۈرە زارىيات: 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر

ئۆرۈلگۈچىلەردۇر.①»

بۇ ئايەتلەردە، قۇرئان بۇ ئىشلارنى ئويلىنىش ۋە ئۆز ئەتراپىدا كۆرگەن مۆجىزىلەردىن لوگىكىلىق نەتىجە چىقىرىش ئۈچۈن ئەقىلگە خىتاب قىلىدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارا ھەقگە يەنى بۇ كائىناتنىڭ ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ماسلاشتۇرۇلغانلىقىغا قارشى كېلىدىغان دەۋاسىغا پاكىت كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

﴿مَّا تَرَى فِي خَلْقِ الرَّحْمَنِ مِن تَفَاوُتٍ فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِن فُطُورٍ ، ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِأً وَهُوَ حَسِيرٌ﴾

«مېھرىبان اللەنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.②»

ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بۇ كەڭرى كائىناتتا قىلچىلىك خاتالاشماي، ئىنتىزاملىق ئايلىنىشى، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن بارلىققا كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا كېلىدىغان كېچە ـ كۈندۈزنىڭ، پەسىللەر، ئەسىرلەر ۋە دەۋرلەر داۋامىدا توختىماي ئايلىنىشى، مىنۇت، سېكۇنتلىرىغىچە ئىنتىزاملاشتۇرۇلغان.

ماددىلاردا الله ئورۇنلاشتۇرغان خۇسۇسىيەتلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر قېتىممۇ خاتالىشىپ قالمايدۇ ۋە داۋاملىق ئۆز ھالىتىدىن ئۆزگەرمەيدۇ. يەنى تۆمۈر يەنىلا تۆمۈر، مىس يەنىلا مىس، ئوكسىگېن يەنىلا ئوكسىگېن. ئۇلارنىڭ تەركىبى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق ئالدىدىكى، ياكى بېسىم ئالدىدىكى

---

① سۈرە ئەنبىيا: 21 ـ 24 ـ ئايەتلەر.
②سۈرە مۇلك:3 ـ 4 ـ ئايەتلەر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھەرىكىتى ياكى ئۇ ماددىلارنىڭ باشقا ئېلېمېنتلار بىلەن بولغان خىمىيىلىك رېئاكسىيىلىشىشتىكى ھەرىكىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

سۇنىڭ ھىدرو-ئوكسىدتىنمۇ باشقا نەرسىدىن تۈزۈلۈشى يۈز بەرمەيدۇ. تۆمۈرنىڭ قىززىپ سوزۇلماسلىقى، تۇچنىڭ سوقۇلۇپ مىجىلماسلىقى بىر قېتىممۇ يۈز بەرمەيدۇ.

ئىلىم ـ پەنگە بۆگۈنگىچە بايقاش مۇمكىن بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ ئەڭ ئاددىسى بولغان زەررە ئاجايىپ ئىنچىكە ئىنتىزام ئىچىدىدۇر، ئۇ ئاتوم (پىروتون)دىن تۈزۈلگەندۇر. ئاتومنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ئىنتايىن ئىنچىكە، كىچىك جىسىملار (ئېلېكتىر كۈچلىرى) ئىنچىكە ئىنتىزام ئىچىدە بولۇپ، قۇياشتا ۋە قۇياش ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدىغان ئېلېكتىر ئېنىرگىيىسى ئىچىدە ئۆز-ئارا تارتىشىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

جانلىق ھاۋجەيرە ۋە ئۇنىڭ غىزالىنىش، ئاجرالما ئاجرىتىپ چىقىرىش، ئۆسۈش ۋە كۆپىيىشتىكى ئاجايىپ ھەرىكىتى...

جانلىق كائىناتتىكى ھەر بىر تۈرنىڭ ئۇنى باشقا تۈرلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەرقى ۋە بىر تۈر ئىچىدىكى ھەربىر نەرسىنىڭ باشقا نەرسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى، مەسىلەن، پۈتۈن ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى، ھەر بىر تۈردىكى ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى، ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، ھايۋاننىڭ ھەر بىر تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى ئاجايىپ ئىشتۇر.

ئىنسان ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ يۈكسەك مەۋجۇداتتۇر. ئىنساننىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ھەر بىر ئەزا ئۆز-ئارا ماسلىشىشچانلىقتا ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ھەيران قالارلىقتۇر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

شـۇنداق تۇرۇقلـۇق، ئاسـمان ـ زېمىنغـا ھۆكۈمرانلىـق قىلغـۇچى، ئىشلارنى لايىقىـدا ئورۇنلاشـتۇرغۇچى، ھـېكمەت بىـلەن ئىـش قىلغـۇچى اللەدىن باشقا ئىلاھنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾

«ئەگەر ئاسـمان ـ زېمىنـدا اللەدىـن باشـقا ئىلاھـلار بولسـا ئىـدى، ئەلۋەتتە (ئاسمان ـ زېمىننىڭ تەرتىپى) بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى.[1]»

ھەربىر ئىلاھ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىزلىقى بىلەن قانداق خالىسا شۇنداق ياراتامـدۇ؟ ئىلاھلارنىـڭ بىرىـدىن سـادىر بولغـان يـارىتىش باشـقا ئىلاھلاردىن سادىر بولغان يارىتىش بىلەن ماس كېلەمدۇ؟ ئىلاھلاردىـن بىرى ياراتقان دەرەخ باشقا بىر ئىلاھ ياراتقان دەرەختكە قانـداقمۇ ماس كەلسـۇن؟ بىـر ئىـلاھ ياراتقـان سـۇ قانـداقمۇ يەنە بىـر ئىـلاھ ياراتقـان ئوكسـىگىن زەررىچىلىـرى بىـلەن ھىـدروگىن زەررىچىلىرىـدىن ياراتقـان سۇنىڭ ئۆزى بولىدۇ؟

ئىككى ياكى ئۇنىڭـدىن كـۆپ ئىـلاھ ياراتقـان ۋە ئىـدارە قىلىۋاتقـان كائىناتنىڭ ھەرىكىتى قانداقمۇ بىر ئىلاھ ياراتقان ۋە ئىـدارە قىلىۋاتقـان كائىناتنىڭ ھەرىكىتىدەك تەرتىپلىـك ۋە ئىنتىزاملىـق بولىـدۇ؟! ئۇنىڭغـا رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچ ۋە ئۇنى يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمران كۆپ بولسا بۇ ئىشلار قانداقمۇ ئىنتىزاملىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

بىـر ئىـلاھ قۇياشـنى شـەرقتىن چىقارمـاقچى بولسا، يەنە بىـر ئىـلاھ قۇياشنى غەربتىن چىقارماقچى بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئىشـلار قانـداق بولـۇپ كېتىدۇ؟

بىر ئىلاھ ئىنساننىڭ ئىككى پۇتىـدا مېڭىشـىنى، رىزىـق ئىـزدەش ۋە

---

[1] سۈرە ئەنبىيا: 22 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنى ئىرادە قىلسا؛ يەنە بىر ئىلاھ ئىنسانىنىڭ ھايۋانغا ئوخشاش تۆت پۇتلاپ مېڭىشىنى ياكى ئۆسۈملۈككە ئوخشاش بىرلا غولغا تايىنىپ، لايغا چاپلاشقان ھالەتتە تۇرۇشىنى ئىرادە قىلمامدۇ؟ مانا بۇ چاغدا ئىشلار قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟

بىر ئىلاھ تۆمۈرنى زېمىننى ئاۋات قىلىشتا، اللەنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈشتە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىدىغان قورال ياساشتا ئىنسانغا ئەسقاتىدىغان مۇستەھكەم نەرسە بولۇشىنى ئىرادە قىلىدۇ.

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾

«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، اللە اللەنى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) اللەغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.[1]»

يەنە بىر ئىلاھ تۆمۈرنىڭ شەكلى يوق، سۇيۇق، يۇمشاق بولۇشىنى خالايدۇ؟ بۇ چاغدا ئىشلار قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا كائىناتتا بىرەر نەرسە ئىنتىزاملىشامدۇ؟ ئىشلار تۈزۈلەمدۇ؟ بەلكى، كائىناتتا ئاسمان جىسىملىرى ئۆز ـ ئارا سوقۇلۇپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان خاھىشلار تۇقۇنۇشۇپ ۋە قارشىلىشىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا

---

[1] سۈرە ھەدىد: 25 ـ ئايەت.

بولۇپ، يىپى ئۈزۈلگەن مارجانغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئەقىلگە خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَوْكَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا اللەدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.①»

بۇ بايانلاردىن كېيىن قۇرئان ئىنسان ئەقىلگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم خىتاب قىلىدۇ:

﴿أَمِ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ آلِهَةً قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ هَذَا ذِكْرُ مَن مَّعِيَ وَذِكْرُ مَن قَبْلِي بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ الْحَقَّ فَهُم مُّعْرِضُونَ﴾

«ئۇلار اللەنى قويۇپ، باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ؟ ئېيتقىنكى: "(بۇنىڭغا) دەلىلىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، مانا بۇ مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ كىتابى (يەنى قۇرئان) دۇر ۋە مەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق) كىتابىدۇر، ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقنى ئۇقمايدۇ، ئۇلار (تەۋھىد) تىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر"②»

شۇنداق! ئەقىل پاكىت ئىزدەپ باقسۇن. ئىشلار قالايمىقان ئەمەس. شۇڭا، قارىغۇلارچە سۆزلەشكە بولمايدۇ. ھەربىر سۆزگە پاكىت كېرەك، سىلەرمۇ پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! كائىنات مۆجىزىلىك ماسلىششچانلىقتا ئىگە تۇرسا، اللەنىڭ ئىرادىسىدىن باشقا، كائىناتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا پاكىت

---

① سۈرە ئەنبىيا: 22 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنبىيا :24 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كەلتۈرەلەمسىلەر؟

ئەقىل پاكىت كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلسە ـــ ئۇ ئەلۋەتتە ئاجىز كېلىدۇ ـــ ئۆز ئىشىنى ئويلانسۇن ۋە پادىشاھلىقتا، ھۆكۈمرانلىقتا شېرىكى يوق يېگانە اللهغا ئىمان ئېيتسۇن.

﴿مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«اللهنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ اللهغا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر①»

بىز ئىلگىرىكى ئابزاستا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەقلى مۇنازىرىگە ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ قۇرئان ئىنساننىڭ ئەقلى بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، مۇنازىرىگە بىر بۆلۈك ئايەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئايەتلەردە ھېچكىم تالاش ـ تارتىش قىلمايدىغان، تالاش ـ تارتىش قىلىشمۇ توغرا بولمايدىغان، ھەممە كىشى قايىل بولىدىغان بىر قىسىم ھەقىقەتلەرگە ئەقىلنى قارىتىدۇ.

﴿قُل لِّمَنِ الْأَرْضُ وَمَن فِيهَا إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ، سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ، قُلْ مَن رَّبُّ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ، قُلْ مَن بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ، سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ فَأَنَّى تُسْحَرُونَ، بَلْ أَتَيْنَاهُم بِالْحَقِّ وَإِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ، مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، ”زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)“. ئۇلار: ”اللهنىڭ“

①سۈرە مۇئمىنۇن: 91 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەندـ نەسىھەت ئالامسىلەر؟ ئېيتقىنكى، يەتتە ئاسمانىنىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟ ئۇلارالله دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ ئېيتقىنكى، ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار). ئۇلار: الله دەيدۇ. ئېيتقىنكى، سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا بىز ھەق سۆزنى ئېلىپ كەلدۇق، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. اللهنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ اللهغا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.[①]»

ئەگەر ئىنسان ئەقىل ئىنكار قىلالمايدىغان ئېنىق پاكىتلار ئارقىلىق زېمىن ۋە زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنى الله ياراتقان ۋە الله بارلىققا كەلتۈرگەن، الله يەر شارىنىڭ پادىشاھى، يەتتە قات ئاسمان اللهغا مەنسۇپ، الله يەتتە قات ئاسماننىڭ ياراتقۇچىسى، ئاسمانلارنىڭ ۋە كاتتا ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى، ھەر قانداق نەرسىنىڭ پادىشاھلىقى اللهغا مەنسۇپ، الله ھەر قانداق ئىشنى پىلانلىغۇچىدۇر، كاتتىلىق ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پاناھلىق بېرىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرەلمەيدۇ دېگەن ھەقىقەتلەرگە بويسۇنمىسا سۈرە تۇردىكى مۇنۇ سوئال ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ﴾

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى

---

①سۈرە مۇئمىنۇن: 84 ـ 91 ـ ئايەتلەر.

ياراتقۇچىمۇ؟[①]»

بۇ، ھەر بىر ئىنكار قىلغۇچىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ، توختىتىپ قويىدىغان سوئالدۇر.

ئىنسان مۇشۇنىڭ ھەممىسگە قايىل بولسا ـ مەنتىقە جەھەتتىن ـ بۇ باياnlار ئېلىپ بارىدىغان، «اللە يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. شۇنداقلا، ئۇنىڭ شېرىكى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن نەتىجىگە قايىل بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايەتنىڭ داۋامى ھەر بىر بايانىدىن كېيىن، «يەنە ـ نەسىھەت ئالامسىلەر؟»، «اللەنىڭ (ئازابىدىن قورقامسىلەر؟»، «سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟» دېگەن ئەسلەتمىنى تەكرارلايدۇ.

بىراق، ئايەتنىڭ داۋامى مالامەت بىلەن بىللە كەلگەن ئەسلەتمە بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، ئىنسان ئەقلى بىلەن مۇنازىرىلىشىشتە يەنە بىر قەدەم ئالدىغا ماڭىدۇ ۋە بۇ ھەقىقەتنى ئويلىنىپ بېقىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئىنساننىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

مۇنازىرە نۇقتىسىدىن «اللە بىلەن باشقا ئىلاھلار بار» دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى! بۇ ۋاقىتتا ئەھۋال قانداق بولۇپ كېتەر؟

﴿إِذاً لَذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ﴾

«ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى.»

ئىلگىرىكى ئابزاستا سۈرە ئەنبىيانىڭ ئايىتىدە، ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا اللەدىن باشقا ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، ئاسمان ـ زېمىندا

---

① سۈرە تۇر: 35 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

چوقۇم يۈز بېرىدىغان بۇزۇلۇش ئەھۋالى ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

﴿لَوْكَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾

«ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا اللەدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى»

ئەگەر بۇزۇلۇش يۈز بەرمىسە، كائىنات بىر كۆرگەندەك ئۆز ھەرىكىتىدە ئىنتىزاملىق ئايلانسا، ئۇنداقتا اللەدىن باشقا ئىلاھلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى يوققا چىقىدۇ.

«سۈرە مۇئمىنۇن»نىڭ بۇ ئايىتىدە، بۇ ئىش يەنە بىر تەرەپتىن، يەنى «ئەگەر ئىلاھلار بىردىن كۆپ بولغان بولسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوقۇم تالاش ـ تارتىش ۋە تىكىشىش يۈز بېرەتتى» دېگەن نوقتىدىن ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ.

﴿إذا لذهب كل إله بما خلق ولعلا بعضهم على بعض﴾

«ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى.»

ھەر بىر ئىلاھنىڭ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنى يەنە بىر ئىلاھقا ئۆتۈنۈپ بېرىشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ھەر بىر ئىلاھنىڭ يەنە بىر ئىلاھ ياراتقان مەخلۇقاتنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى جاكارلىشى، ئۇلارنى ئىگەللىۋېلىشى، ئۇلارغا يالغۇز ئۆزىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟ شۇ چاغدا، يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ ئاتالمىش ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمرانلىق تالىشىش يۈز بېرىدۇ. بۇ باشقۇرماقچى بولىدۇ ۋە بۇمۇ باشقۇرماقچى بولىدۇ. ھەر بىرى كائىناتتا ئۆزىنىڭ سۆزى ئۆتىدىغان بولۇشىنى، ئۇنىڭ بۇيرىقى ئىتائەت قىلىنىدىغان بولۇشىنى خالايدۇ. بۇ بىر بۇيرۇق چىقىرىپ ئۇنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىرسى ئۇنىڭغا قارشى بۇيرۇق چىقىرىپ ئۆزىنىڭكىنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممىسى ئۆزىنى «مەن ئەڭ يۇقىرى، ھەممىسى مىنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى كېرەك» دەپ ئويلاپ ئۆزىنىڭ سۆزىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بۇ ئاتالمىش ئىلاھلار بىر ـ بىرى بىلەن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىدىغان تۇرسا ھۆرمەتلىنىشكە لايىقمۇ؟

ياق! ئەگەر نۇرغۇن ئىلاھلار ئۆز ـ ئارا كۈرەش قىلىپ تالاش ـ تارتىش قىلىشقان بولسا، كائىناتنىڭ ئەھۋالى مۇقىم بولمايتتى. كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلىشى بۇ دەرىجىدە تەڭپۇڭ بولمىغان بولاتتى.

ئىنسان ئەقلى ئويلىنىشقا، پىكىر قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان... ئەگەر ئىنسان زېمىن اللهنىڭ، يەتتە قات ئاسمان اللهنىڭ، پادىشاھلىق ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش اللهنىڭ ئىكەنلىكىگە قايىل بولسا ـ ئىنسان چوقۇم قايىل بولۇشى كېرەك ـ ئۇنداقتا، ئاشۇ ئاتالمىش ئىلاھلارغا ئۆتەيدىغان نېمە ۋەزىپە قالىدۇ؟

كائىناتنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا تۇراقسىز ۋە قالايمىقان ئايلانماستىن ئەكسىچە، تەڭپۇڭ ۋە تەرتىپلىك ھالەتتە ئايلىنىۋاتقانلىقى، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھۆكۈمراننىڭ يەككە ـ يىگانە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

﴿قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلامٌ عَلَى عِبَادِهِ الَّذِينَ اصْطَفَى آللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ، أَمَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ السَّمَاء مَاء فَأَنبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمْ أَن تُنبِتُوا شَجَرَهَا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ، أَمَّن جَعَلَ الْأَرْضَ قَرَارًا وَجَعَلَ خِلالَهَا أَنْهَارًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَاسِيَ وَجَعَلَ بَيْنَ الْبَحْرَيْنِ حَاجِزًا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ، أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ، أَمَّن يَهْدِيكُمْ فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَن يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ تَعَالَى اللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ، أَمَّن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَمَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ أَإِلَٰهٌ مَّعَ اللَّهِ قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾

«جىمى ھەمدۇسانا اللهغا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن! دېگىن. الله ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، اللهدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر. زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ اللهدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ اللهدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر. قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ اللهدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. (ئىنساننى) دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ اللهدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى، (ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان

بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار[1]»

ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە، بىرلا ۋاقىتتا تۆيغۇ بىلەن ئەقىلگە قارىتىلغان خىتاب بار. بىز ئىلگىرى، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتتا تۇيغۇغا خىتاب قىلىش بىلەن ئەقىلگە خىتاب قىلىشنى بىر ئورۇندا كەلتۈرىدىغانلىقنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بىراق، بىز بۇ يەردە دىققىتىمىزنى كۆپرەك ئەقلى دەلىلگە ۋە ئەقلى پاكىتلارغا مەركەزلەشتۈرىمىز. چۈنكى، ئىلگىرىكى بابلاردا سۆزلىگەنلىرىمىز تۇيغۇ ھەققىدىكى سۆزلەرگە يېتەرلىك.

بايان بىرىنچى ئايەتتە، اللەغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىككە تاللىغان بەندىلىرىگە سالام يوللاپ بولغاندىن كېيىن سوئالنى باشلايدۇ. بۇ سوئال ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بولۇپمۇ، ئىنساننىڭ ئەقلىگە قارىتىلىدۇ.

﴿الله خير أما يشركون﴾

«اللە ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟»

سوئالنىڭ جاۋابى كىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بەزى ئىنسانلار اللەغا شېرىك قىلىۋاتقان ياكى اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاتالمىش ئىلاھلارنى اللە بىلەن سېلىشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. اللە ياخشىمۇ ياكى ئاشۇ ئاتالمىش ئىلاھلار ياخشىمۇ؟

ئەگەر ئەقىل بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن توغرا جاۋابنى تاپالمىغان بولسا، ئايەتنىڭ داۋامى ئەقىلنىڭ جاۋابنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان پاكىتلارنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، بىلىۋېلىشقا ياردەم بەرگۈچى

---

[1] سۈرە نەمل: 59 ـ 64 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پاكىتلارنىڭ بىرىنچىسىنى باشقا بىر سوئال شەكلىدە كەلتۈرىدۇكى، ئەگەر ئەقىل ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپالىسا ـ ئەمەلىيەتتە جاۋاب ئىنتايىن ئېنىق ـ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايەتنىڭ داۋامى كەلتۈرىدىغان «الله ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟» دېگەن بىرىنچى سوئالنىڭ جاۋابىنىمۇ تاپالايدۇ.

بايانىنىڭ داۋامىدا، ئىككىنچى ئايەت مۇنداق سوئال سورايدۇ: ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان زات كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن سۇنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق مەنزىرىسى چىرايلىق باغلارنى پەيدا قىلىپ بەرگەن زات كىم؟ ئەگەر الله ئاسماندىن سۇنى چۈشۈرۈپ بەرمىگەن بولسا ۋە سۇ چۈشكەن چاغدا ئۇنىڭغا ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، سىلەر دەرەخلەرنى ئۈندۈرەلمەيتتىڭلار.

ئىنسان ئۆزىگە يۈزلەندۈرۈلگەن سوئالغا تېخى جاۋاب بېرىپ بولالمايلا ئايەتنىڭ داۋامى ئۇ ئىنساندىن، ئەمەلىيەتتە ئىلگىرىكى سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۈچىنچى سوئالنى سورايدۇ.

﴿أإله مع الله﴾

«اللهدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟»

شۇنىڭدەك، ئايەتنىڭ داۋامى ئىنساننى ھەر تەرەپتىن تولۇق مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ئىشنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن توغرىلىنىدىغان بىردىنبىر جاۋابتىن قېچىشقا ئورۇن تاپالمايدۇ.

﴿أإله مع الله﴾

«اللهدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟»

ياق! ئۇنداقتا، ئىلگىرىكى سوئالنىڭمۇ بىرلا جاۋابى بار.

﴿أَمَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَنبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمْ أَن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تُنبِتُوا شَجَرَهَا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ﴾

«ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر.①»

ئۇنىداقتا، ئايەتنىڭ داۋامى كەلتۈرگەن سوئالنىڭ جاۋابى مۇقىملىشىپ بولدى.

﴿آللہ خير أما يشركون﴾

«اللە ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟» ئەلۋەتتە اللە ياخشى.

بۇ قېتىمدا، ئەقىل بىلەن تۇيغۇ روھنى شېرىكسىز يېگانە اللەنىڭ ئىلاھلىقىغا ئىقرار قىلدۇرۇشقا كۇپايە قىلاتتى. بىراق، ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار زات اللە ئىنسانىيەت روھىنىڭ قايتا ـ قايتا ئەسلىتىشكە مۇھتاجلىقىنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئايەتنىڭ داۋامى ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى قېتىمدىمۇ شۇ شەكىل بويىچە داۋاملىشىدۇ.

﴿أَمَّن جَعَلَ الْأَرْضَ قَرَارًا وَجَعَلَ خِلَالَهَا أَنْهَارًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَاسِيَ وَجَعَلَ بَيْنَ الْبَحْرَيْنِ حَاجِزًا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾

«زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۇستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى

---

① سۈرە نەمل: 60 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق). ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ[1]»

بىرىنچى قېتىم ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى، ئاسماندىن زېمىنغا چۈشكەن سۇ ۋە سۇنىڭ چۈشۈشىدىن ئۈنگەن باغلار ھەققىدە بولغاچقا بۇ قېتىمنىڭ ھەممىسىدە زېمىن ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. اللەنىڭ زېمىننى ئىنسان ئۈچۈن رىزىق، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە مەلۇم مۇددەتكىچە بەلگىلەنگەن مال ـ مۈلۈكنى تاپىدىغان تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەرگەنلىكىنى، زېمىندا دەريالارنى پەيدا قىلىپ بەرگەنلىكى ۋە زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى تۇزلۇق سۇنى ئىچىشكە ئامالسىز قالغان تىرىك جانلىقلارنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن تاتلىق سۇنى ياراتقانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ بەلگىلىرى بولغىنىدەك اللەنىڭ ئىنسانغا بولغان رەھمىتىنىڭ بەلگىلىرىدۇر. قۇدرەتلىك اللەدىن باشقا كىم بۇ نەرسىلەرنى ھازىرقىدەك شەكىلگە كەلتۈرەلەيدۇ؟ شۇ چاغدا، «الله بىلەن باشقا بىر ئىلاھ بارمۇ؟» دېگەن خۇلاسە دەل جايىدا كېلىدۇ. ئۇ سوئالنىڭ جاۋابى باشتىكى مەيداندىن باشلاپ مۇقىملىشىپ بولغان ئىدى، بىراق، ئۇ تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈلدى.

ئەمما ئۈچىنچى مەيدانغا كەلسەك، ئۇ ئىنسان مۇھىتى ھەققىدە بولۇپ، الله ئۇلارغا يۈز بېرىۋاتقان، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەپلەتتىكى ھالىتىدە ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشلارنى ئەسلىتىدۇ. قىيىنچىلىقتا قالغان كىشى دۇئا قىلسا دۇئانى كىم ئىجابەت قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن يامانلىقنى كىم كۆتۈرۈۋېتىدۇ؟ كىم سىلەرنى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد زېمىننىڭ خەلىپىلىرى قىلدى؟ سىلەر ئاتا ـ بوۋاڭلاردىن زېمىننى مىراس ئېلىپ،

---

[1] سۈرە نەمل: 61 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۈنىڭدا پۇختا ئورۇنلىشىپ، زېمىننى تۇرمۇشىڭلارغا بويسۇندۇرىسىلەر. بۇ ئىشلار ئۆزلىكىدىنلا بولامدۇ ؟ اللە سىلەرنى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پۇشتىدىن ياراتمىغان بولسا قانداق بولاتتى؟ اللە زېمىننى ئاتا ـ بوۋاڭلاردىن مىراس ئېلىشىڭلار ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويمىغان بولسا قانداق بولاتتى؟ ئاندىن، بۇ ئىشنى كۆڭۈلگە قاتتىق مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تەكرار خۇلاسە كېلىدۇ. اللە بىلەن ئىلاھلار بارمۇ؟ ئېنىقكى، ئۇنىڭ جاۋابى «اللەدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن جاۋابتۇر.

تۆتىنچى مەيدانمۇ شۇنداقلا ئىنسانلار ھەققىدە. بىراق، بۇ مەيدان اللەنىڭ ئىنسانغا بەرگەن نېمەتلىرى ئىچىدىكى باشقا بىر نېمەتنى سۆزلەيدۇ. قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ زۇلمەتلىرىدە سىلەرگە كىم يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟ قۇياش نۇرى سىلەرگە كۈندۈزى يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق، سىلەر نېمەتنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭدىن غەپلەتتە قالىسىلەر. ھالبۇكى سىلەر، قاراڭغۇلۇق قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنى قاپلاپ كەتكەن ۋاقىتتا كېچىدە يول كۆرسەتكۈچىنى ئىسىڭلارغا ئېلىشقا ئەڭ لايىق. بۇ چاغدا سىلەر باشقىلارنىڭ سىلەرگە يول كۆرسىتىپ قويۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىسىلەر. بىراق، اللەنىڭ ياردىمى بولمىسا يول كۆرسەتكۈچىنى تاپالمايسىلەر. مەيلى يۆنىلىشىڭلارنى بەلگىلەپ بېرىدىغان يۇلتۇزلار ئارقىلىق ياكى نۇر چېچىپ قاراڭغۇنىڭ بىر تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئاي ئارقىلىق ياكى اللە سىلەرگە ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن قاراڭغۇنى يورۇتقۇچى مەشئەللەر ۋە چىراقلار ئارقىلىق بولسۇن، ئىشقىلىپ، اللەنىڭ ياردىمى بىلەنلا يېتەكلەشكە ئېرىشەلەيسىلەر. اللە ئىنسانغا يەنە بىر نېمەتنى سۆزلەيدۇ: شاماللارنى اللەنىڭ بۇلۇت ۋە يامغۇردا ئەكس ئەتكەن رەھمىتىدىن خۇشخەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتكەن زات كىم؟

﴿أإله مع الله﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«الله بىلەن باشقا ئىلاھلار بارمۇ؟» ياق! الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.

ئەڭ ئاخىرقى مەيدان بىرىنچى مەيداندىكىدەك، ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ ۋە بىرىنچى مەيداندىكى بايانغا قايتا تىرىلىشنىڭ ھەقىقىتىنى قوشىدۇ. مەخلۇقاتلارنى تۇنجى قېتىم ياراتقان ۋە ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدىغان زات كىم؟ اللەدىن باشقا، يوق نەرسىلەرنى يارىتالايدىغان كىشى بارمۇ؟ مەخلۇقاتنى خالىغان چاغدا كىم قايتا تىرىلدۈرەلەيدۇ؟ كىم سىلەرگە ئاسمان ـ زېمىندىن رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟

﴿أإله مع الله؟ قل هاتوا برهانكم إن كنتم صادقين﴾

«اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى،(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»

ئايەتنىڭ بايانى ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكەن چاغدا، تۇيغۇ ۋە ئەقىل مۇنۇ چوڭ ھەقىقەتنى، يەنى «اللەنىڭ شېرىكى يوق، الله يېگانە» دېگەن ھەقىقەتنى ھېس قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم، «(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دەپ ئاخىرقى قېتىم جەڭ ئېلان قىلغاندا، تۇيغۇ بىلەن ئەقىل تولۇق قايىل بولماي ۋە بويسۇنماي ئامال يوق.

﴿قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ السَّمْعَ والأَبْصَارَ وَمَن يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ الأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللّهُ فَقُلْ أَفَلاَ تَتَّقُونَ، فَذَلِكُمُ اللّهُ رَبُّكُمُ الْحَقُّ فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلاَّ الضَّلاَلُ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ، كَذَلِكَ حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى الَّذِينَ فَسَقُواْ أَنَّهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ، قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ قُلِ اللّهُ يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ، قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ قُلِ اللّهُ يَهْدِي لِلْحَقِّ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿أَفَمَن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لاَّ يَهِدِّيَ إِلاَّ أَن يُهْدَى فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ، وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلاَّ ظَنًّا إَنَّ الظَّنَّ لاَ يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا إِنَّ اللّهَ عَلَيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەردىن تىرىك شەيئىلەرنى ۋە تىرىك شەيئىلەردىن ئۆلۈك شەيئىلەرنى كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): اللە دەيدۇ. ئېيتقىنكى، اللەدىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟ (يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ اللە دۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ پەرۋەردىگارىڭنىڭ اللەغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكمى ھەقلىق بولدى. ئۇلار (اللەنىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) ئىمان ئېيتمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟ ئېيتقىنكى، اللە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. نېمىشقا (ھەقتىن باتىل تەرەپكە) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ ئېيتقىنكى، سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟ ئېيتقىنكى، اللە گۇمراھنى ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ، (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە مۇھتاج

بولغان (بۇتلارغا) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.[①]»

بۇ يەردىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكى سۈرە نەملنىڭ ئايەتلىرىدىكى مەزمۇنغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ بىراق، سۈرە نەملنىڭ ئايىتىدىن تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە پەرىقلىنىدۇ:

بىرىنچى: سۈرە نەملدىكى ئايەت اللەنىڭ ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئىنسانلاردىكى مۆجىزىلىرىنى سۆزلىگەن. ئاندىن، اللە بىلەن باشقا ئىلاھلار بارمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى. تەبىئىيكى جاۋاب بولسا «ياق! اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق. اللەنىڭ يارىتىشتا، پادىشاھلىقتا، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا شېرىكى يوق» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ئەمما بۇ يەردە ئايەت باشقا مەبۇدلارغا ئىشارەت قىلىدۇ ۋە كۈچنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلىقىنى بىۋاستە ئىنكار قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى «سىلەرنىڭ ئاتالمىش ئىلاھلىرىڭلار ئىچىدە اللە قىلغان مۇنداق، مۇنداق... ئىشلارنى قىلالايدىغانلىرى بارمۇ؟»دېگەن تەكرار سوئاللار ئارقىلىق ئىنكار قىلىدۇ.

ئەگەر جاۋاب «ياق!» بولۇپ قالسا ـ چوقۇم شۇنداق بولۇشى ئېنىق ـ ئۇنداقتا، بۇ ئاتالمىش ئىلاھلار نېمىنى قىلالايدۇ؟ ئۇلار بىرەر ئىشنى قىلالمىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا، ئۇلار

---

① سۈرە يۇنۇس:31 ـ 36 ـ ئايەتلەر.

مەۋجۇت ئەمەس.

ئىككىنچى: غاپىل ئەقىلنى توغرا پىكىر قىلىش يولىغا ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى، الله پىكىر قىلىش ئۈچۈن ياراتقان ئەقىلنىڭ ئىنىقلىماي، پاكىتسىز، ئىسپاتسىز ھالدا گۇمان بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. گۇمان ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچنەرسىگە يارىمايدۇ، مەسىلىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەر بۇ خاتا يولدىن ئايرىلىپ دەلىللىرى توغرا ۋە ئېنىق بولغان يولغا ئەگىشىشى لازىم.

بىرىنچى ئايەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سوئال بىلەن باشلىنىدۇ. كىم سىلەرگە ئاسمان ـ زېمىندىن رىزىق بېرىدۇ؟ كۆز ـ قۇلاقنى كىم ئىگە بولالايدۇ؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن كىم چىقىرىدۇ؟ ئۆلۈكنى تىرىكتىن كىم چىقىرىدۇ؟ ئىشلارنى كىم ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ بۇ سوئاللار ئەقىلنى بىرلا ۋاقىتتا ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنى «الله» دېگەن جاۋابقا قىستايدۇ. ئىش شۇنداق بولسا، سوئالنىڭ توغرا جاۋابىنى بىلگەن تۇرۇپ، اللەدىن قورقمامسىلەر؟

﴿فَذَلِكُمُ اللّهُ رَبُّكُمُ الْحَقُّ فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلاَّ الضَّلاَلُ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ﴾

«(يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ اللەدۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟[①]»

سىلەرگە ئاسمان ـ زېمىندىن رىزىق بېرىدىغانلىقىنى، سىلەرنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىڭلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى سىلەر ئېنىق تونۇغان ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ ھەقىقىي

---

① سۈرە يۇنۇس: 32 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق. سىلەر اللهنىڭ غەيرىگە قانداقمۇ يۈزلىنىسىلەر؟ قانداقمۇ روشەن ھەقتىن چەتنەپ، ئازغۇنلۇق يولىغا ماڭىسىلەر؟ ئەگەر بىر ئادەم ھەقكە تاجاۋۇز قىلسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئازغۇنلۇقتىن باشقىسى يوق.

﴿كَذَٰلِكَ حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ فَسَقُوٓاْ أَنَّهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ﴾

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ اللهغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكمى ھەقلىق بولدى. ئۇلار (اللهنىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) ئىمان ئېيتمايدۇ[①]»

چۈنكى، ئۇلار ھەقكە تاجاۋۇز قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قالدى.

ئاندىن، بىز ئۇنى كۆرستىپ ئۆتكەن مۇنازىرە كېلىدۇ.

﴿قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَبْدَأُ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ﴾

«سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟»

شۇ چاغدا جاۋاب «ياق!» بولىدۇ، ـ شۇنداق بولۇشى ئېنىق ـ «ئېيتقىنكى،الله مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ» ھالبۇكى، ئاتالمىش ئىلاھلار مەخلۇقاتنى يارىتالمايدىغانلىقى ۋە ئەسلىگە قايتۇرالمايدىغانلىقى ئېنىق بولغانىكەن، «قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟» قانداقمۇ ھەقتىن بۇرۇلۇپ ساختىتا ۋە تۇقۇلمىغا ئەگىشىسىلەر؟

---

① سۈرە يۇنۇس: 33 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاندىن يەنە بىر مۇنازىرە كېلىدۇ، «ئېيتقىنكى، سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟» جاۋابى ـ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ـ «ياق» بولىدۇ. ئاشۇ ئاتالمىش ئىلاھلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىنساننى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كىتاب چۈشۈرگەنلىكى ۋە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ئاشكارا بولمىدى. ئىش ئاشۇنداق بولسا «ئېيتقىنكى، اللە گۇمراھنى ھەق يولغا يېتەكلەيدۇ» اللە ئەلچى ئەۋەتىدۇ، كىتاب چۈشۈرىدۇ ۋە ئىنسانلارنى دۇنيا ئاخىرەتتە پايدىسى بار ئىشلارغا چاقىرىدۇ.

﴿وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلامِ وَيَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾

«اللە (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ[1]»

ئايەتنىڭ داۋامى مۇنازىرىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەيدۇ. اللە گۇمراھنى ھەقكە باشلىيالايدىغان ۋە ئاتالمىش ئىلاھلار ھەققە باشلىيالمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئەتائەت قىلىنىشقا كىم ئەڭ لايىق؟

﴿أَفَمَن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لاَّ يَهِدِّيَ إِلاَّ أَن يُهْدَى﴾

«(گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە مۇھتاج بولغان (بۇتلاغا) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟»

اللە بويسۇنۇشقا ھەقلىقمۇ؟ ياكى ئۆزلىرىنىمۇ توغرا يولغا باشلىيالمايدىغان، ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە مۇھتاج بولىدىغان (بۇت)لار بويسۇنۇشقا لايىقمۇ؟

---

[1] سۈرە يۇنۇس: 25 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

گەرچە بۇ يەردىكى ئايەت جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ئىبادەت قىلغان بۇتلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئەمەلىيەتتە ھەر بىر جاھىلىيەتتىكى ئىنسانلار يۈزلىنىدىغان، ئۆزىنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان ۋە كىشىلەرنى توغرا يولدىن توسىدىغان ھەر بىر كىشىگە ماس كېلىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇقتىن باشقا قايسى يولغا باشلايدۇ؟

﴿فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ﴾

«سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟»

سىلەرنىڭ پىكىر قىلىدىغان ئەقلىڭلار قېنى؟ سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار قانداقسىگە سىلەرنى بۇ مەسىلىگە مۇشۇنداق خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، تىلىڭلار ياكى ھەرىكىتىڭلار ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەش ئۈچۈن ئاتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىمۇ يېتەكلىيەلمەيدىغان «بۇ مەبۇدلار ئەگىشىشكە ئەڭ لايىق» دېگەن قاراشقا ئېلىپ كەلدى.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى؛ ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ مەسىلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىرىگە ھۆكۈم قىلدۇرمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەقىللىرىگە ھۆكۈم قىلدۇرغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى توغرا ھۆكۈم چىقارغان بولاتتى. دەلىل ـ پاكىتلار ئېنىق. بىراق، ئۇلار گۇمانغا ئەگىشىدۇ ۋە توغرا يولدىن ئادىشىدۇ.

﴿وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلاَّ ظَنًّا إَنَّ الظَّنَّ لاَ يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا﴾

«ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ». الله ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿ إِنَّ اللهَ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.»

﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ﴾

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟[1]»

بۇ ئايەت گويا بۈگۈنكى كۈندە اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئازغۇنلۇق ۋە دىنسىزلىقتا چېكىدىن ئاشقان ئازغۇنلار ئۈچۈن چۈشكەندەك، تارىخ جەريانىدا ئېزىپ كەتكەن ئىنسانىيەت ئەقلىگە ئەڭ چوڭ مۇنازىرە ئېلان قىلىدۇ.

ئازغۇنلۇقتا مۇشۇ چەككىچە چېكىدىن ئاشقان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە، اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ـ ھەرقانچە ئېزىپ كەتسىمۇ ـ ياراتقۇچى اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىراق، ئۇلار ـ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ـ تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ ۋە ئىنكار قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

كوممۇنىست دۆلەتلىرىدىكى دىنسىزلىق سايىسىدا ياشاۋاتقان، مەكتەپلەردە دىنسىزلىق ئۆگىتىلىۋاتقان، دىنسىزلىق بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان، ھەر بىر قېتىملىق دەرستە دىنسىزلىقنى ئۆگىنىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ پەقەت شارائىتلارغا ماسلىشىش ۋە ئاشۇ كاپىر دۆلەتنىڭ بېسىمىدىن قورققانلىقى سەۋەبىدىنلا اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى مىسالنى ئوقۇپ بېقىڭ. تۇنجى ئالەم ئۇچقۇچىسى گاگارىن[2]

---

① سۈرە تۇر: 35 ـ ئايەت.

② راكىتاغا ئولتۇرۇپ، تۇنجى قېتىم يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا چىققان ئالەم ئۇچقۇچىسى، روسىيىلىك (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق).

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئالەم بوشلۇقىغا چىققاندا، كائىناتنىڭ گۈزەللىكى ئۇنى رام قىلىۋالدى ۋە كۆرگەن نەرسىلەردىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

گاگارىن كائىناتنى بىز يەر يۈزىدە ھاۋا پوستىنىڭ تەسرىگە ئۇچراپ تۇرۇپ كۆرگىنىمىزدىن باشقا شەكىلدە كۆردى. ئاسماننىڭ بىز كۆرگەندەك كۆپكۆك ئەمەس، بەلكى قاپقارا ئىكەنلىكىنى، پىلانىتلار ۋە يۇلتۇزلارنىڭ كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆردى. بۇ مەنزىرە ـ ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە ـ نۇر چاقناپ تۇرغان قىممەت باھالىق ئۈنچە مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن بىر پارچە قارا مەخمەلگە ئوخشايتتى.

گاگارىن كۆرگەن يېڭى تەجرىبىلىرىدىن ۋە يېڭى كۆرۈنۈشلەردىن ھەيران قالدى. يېڭى كۆرۈنۈش ـ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ تۇيغۇنى غەپلەتتىن ۋە ئۇيقۇدىن ئويغۇتىدۇ. كائىنات ئىنسان تونۇجى قېتىم كۆرگەندەك يېڭى ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. ئاندىن، ئىلگىرى ئىنسان غەپلەتتە قالغان كائىنات مۆجىزىسىنىڭ دەلىللىرىنى بىلىدۇ، اللەنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بۇ قۇدرەتنىڭ كائىنات قاتلاملىرىدىكى تەسىرلىرىنى ھېس قىلىدۇ.

مانا بۇ، گاگارىندا يۈزبەرگەن ھادىسە. گاگارىن مەكتەپتە ئۆگەنگەن دىنسىزلىقنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىسىدىن ھەيران بولۇپ، كۆرگەن مۆجىزىلەردىن ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ چەكچىيىشكە باشلىدى. ئۇ زېمىنغا چۈشۈپ ئۆزىنى كۈتۈۋالغان مۇخبىرلارغا تونجى بولۇپ تۆۋەندىكى سۆزنى قىلدى: «مەن ئالەم بوشلۇقىغا چىققان ۋاقتىمدا، مېنى كائىناتنىڭ گۈزەللىكى رام قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن اللەنى ئىزدىدىم.»

ئىنسان تەبىئىتى ھەقىقەتكە يۈزلەنگەن چاغدا مۇشۇنداق سۆزلەيدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

گاگارىننىڭ ئۆگەنگىنى پۈتۈنلەي دىنسىزلىق بولسىمۇ، مانا مۇشۇنداق بولدى[①].

شۇنداق! ئىنسان تەبىئىتى ھەرگىزمۇ اللەغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالمايدۇ.

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتَ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا أَن تَقُولُواْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: "ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق" دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: "بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز" دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر.[②]»

ئازغۇن ئىنسان اللەغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتكە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. ئۇ، ئەگەر اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلسا، ئۆزىنىڭ اللەغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ـ قانداقتۇر بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ـ بۇنداق قىلىشنى (اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ

---

① تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ بايانات سەۋەبىدىن دۆلەت گاگارىنغا غەزەپلەندى ۋە بۇ باياناتنى ئىنكار قىلدىغان بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇشقا بۇيرىدى. گاگارىن كېيىن مۇنداق دېدى: «مەن اللەنى ئىزدىدىم. لېكىن، تاپالمىدىم.» گېزىتلەردە ئۇنىڭ بىرىنچى باياناتى ئېلان قىلىنىپ بىر قانچە سائەت كېيىن، ئىككىنچى باياناتى ئېلان قىلىندى.

② سۈرە ئەئراف: 172 ـ ئايەت.

قىلىشنى) خالىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، خاتالىقتىن قايتىشنىڭ ئورنىدا بىلەرمەنلىك قىلىپ، اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

كائىنات قانداقىسىگە مۇشۇنداق بولدى؟ ياراتقۇچىسىز پەيدا بولدىمۇ؟ سەۋەبسىزلا مۇشۇنداق پەيدا بولۇپ قالدىمۇ؟ پەيدا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرى قانداقىسىگە بۇنداق تەرتىپلىك ھالەتتە يۈرۈشتى؟ ئىنسان ئەقلى ساناپ بولالمايدىغان مىليون يىللاردىمۇ ئۇنىڭ ئىنتىزامى قانداقىسىگە نۇقسان ياكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمەستىن تەرتىپلىك ھالەتتە ساقلىنىپ كەلدى؟

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىسىز ۋۇجۇدقا چىقامدۇ؟ ئەقىل ئېزىپ ھەتتا زۇلمەتلەرگە كىرىپ كەتسىمۇ بۇ سۆزنى قوبۇل قىلامدۇ؟

ئۇلار «تەبىئەت ياراتقۇچىدۇر» دەيدۇ. ئۇلار يالغان سۆزلىدى... تەبىئەت دېگەن نىمە؟

ئۇلار، «تەبىئەت ھەر قانداق نەرسىنى يارىتالايدۇ. ئۇنىڭ قۇدرىتى چەكسىز» دەيدۇ[①].

توۋا! ھەرقانداق نەرسىنى ياراتقۇچى، قۇدرىتى چەكسىز بولغان زات اللە ئەمەسمۇ؟

بىز نېمشقا اللەنى تەبىئەت دەپ ئاتايمىز؟ ئاتالغۇدىكى قانداق مەنتىقە بۇ؟ بىلىڭلاركى، ئۇ ئەقىل ۋە پەلسەپە ئەمەس بەلكى ھاۋايى-ھەۋەستۇر. چۈنكى، ھاۋايى-ھەۋەس دېگەن ئىنسانىي-كۆڭلىدە-ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن چەكلەپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر.

① دارۋىن مۇشۇنداق دەپ ئىلاھى قۇدرەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن، ئۇ قۇدرەتنى اللەقا نىسبەت بەرمەيدۇ.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَجَحَدُوا بِهَا وَاسْتَيْقَنَتْهَا أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا فَانظُرْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُفْسِدِينَ﴾

«ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.[1]»

بىراق، قۇرئان ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ. ئۇن تۆت ئەسىردىن بۇيان جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ. الله زېمىننى ۋە زېمىن ئۈستىدىكىلەرنى مىراس ئېلىپ بولغۇچە جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟».

ئەمما، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئازغۇنلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان. بىرىنچى سوئال جاۋابسىز قالدى. «ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟» بۇسوئالغا تەكەببۇرلاردىن بىرەرسىمۇ جاۋاب بېرەلمەي، سۈكۈتكە چۆمۈپ، ئېغىزىنى ئاچالماي قالىدۇ.

بۇ يەردە پەقەت بىرلا ئىش قالدى. ئۇ بولسىمۇ، ئۆز قۇدرىتى بىلەن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان ۋە ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز شېرىكسىز ئورۇنلاشتۇرىدىغان بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى. ئىنسان تەبىئىتى ھەرقانچە ئېزىپ، ئازغۇنلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كەتسىمۇ، بىر ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. پەقەت تەكەببۇرلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش تۇيغۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن يالغاندىن تىللىرىدا ئىنكار قىلىدۇ.

﴿إِنَّ الَّذِينَ يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَانٍ أَتَاهُمْ إِنْ فِي صُدُورِهِمْ إِلَّا كِبْرٌ مَا هُمْ بِبَالِغِيهِ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ إِنَّهُ

---

[1] سۈرە نەمل: 14 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾

«شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (اللە تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلارنىڭ كۆكرەكلىرىدە پەقەت كىبىرى بار، ئۇلار (اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت) مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، اللەغا سېغىنىپ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن)، ھەقىقەتەن اللە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[①]»

اللە بىزنى بۇيرىغان بويىچە اللەغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. بىز شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ تانغۇچىلارنىڭ پەقەت يالغاندىن تانغان بولىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز، تۇمان ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى، روھلىرىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە كۆزلىرىنى قاپلىۋېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، گاگارىن ئويغانغاندەك (ھامان بىر كۈنى) ئۇلارمۇ ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىگە چوقۇم ئويغىنىدۇ.

@ @ @ @ @

---

① سۈرە غافىر: 56 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئىنسان تەبىئىتىگە مەركەزلەشكەن ئىماننىڭ قىينچىلىق مەزگىللىرىدە ئويغىنىدىغانلىقى

ئىنسان خاتىرجەم ۋاقىتلاردا سەركەشلىك قىلىدۇ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. بەلكى، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ قەلبى كېسەل بولسا، ئازادىلىك ۋە خاتىرجەملىك ئۇ كىشىنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، اللەدىن ئېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن ئۇ، مۇشەققەتلىك ۋاقىتلاردا سەركەشلىك ۋە چوڭچىلىق قىلمايدۇ.

**قىينچىلىقنىڭ ئىنسانغا بولغان تەسرى:**

1 ـ بىر تەرەپتىن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىز، چارە ـ تەدبىرىنىڭ ئاز، ياردەمگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ اللەغا ۋە ئىنسانلارغا تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان تەكەببۇرلىقى يوقايدۇ.

2 ـ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان تەبىئىتىگە ئورۇنلاشقان، ئىنسان تەبىئىتى گۇۋاھلىق بەرگەن ئىمان ئويغىنىدۇ. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتَ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا أَن تَقُولُواْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: "ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن،

گۇۋاھلىــق بەردۇق" دېــدى. (ئــۇلارنى گۇۋاھلىــق بەرگــۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىــڭ: "بىــز بۇنىڭــدىن غەپلەتــتە قالغــان ئىكەنمىــز" دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر.[①]»

3 ـ ئىنسان ئەگەر اللەدىن باشقا مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلغان بولسا ياكى اللەغا باشقا مەبۇدلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان بولسا بۇ ئاتالمىش مەبــۇدلارنى ئۇنتۇيــدۇ يــاكى اللەنىــڭ مەۋجــۇتلۇقىنى تــۈپتىن ئىنكــار قىلغۇچى دىنسىزلاردىن بولسا، دىنسىزلىقنى ئۇنتۇيدۇ، چــن قەلبىــدىن ھەق اللەغا يۈزلىنىــدۇ، ئــۆزىگە كەلــگەن قىيىنچىلىقنــى كۆتۈرۈۋېتىشــى ئۈچۈن اللەغا دۇئا قىلىدۇ.

قۇرئان ئىنسانلارغا ھەقىقەتنى ئېچىــپ بېــرىش ئۈچــۈن ئــۇلارنى ئــۆز ھەقىقىــتىگە يۈزلەندۈرىــدۇ. ئۇلارغــا ئۆزلىرىنىــڭ مــاھىيىتىنى ئېچىــپ بېرىــدۇ. بەلكــى، ئــۇلارنى يەنە بىــر ھەقىقەتــكە، يەنــى ئۇلارنىــڭ كۆڭۈللىرىــدىكى ئازغۇنلۇققا قارشى ئەڭ كۈچلۈك پاكىتقا يۈزلەندۈرىدۇ.

كاشــكى، ئــۇلار قىيىنچىلىــق ۋاقتىــدا اللەنــى تونۇغانــدىن كېــيىن، ئــۆزلىرىگە ھەق ـ نــاھەق ئاشــكارا بولغانــدىن كېــيىن يېگــانە اللەنىــڭ قىيىنچىلىقنى ئېچىۋېتىدىغانلىقىنى، يېگانە اللەنىــڭ ئىبــادەت قىلىنىــش ۋە يۈزلىنىشكە لايىق زات ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇ بىلىشىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان بولسىچۇ؟

لېكىن ئۇلار ـ كۆڭۈللىرىــدىكى ئەگرىلىــك، كېسەللىك ســەۋەبىدىن ـ دىنىنــى اللەغــا خــالىس قىلىــپ تــۇرۇپ قىلغــان دۇئاســى ســەۋەبىدىن قىيىنچىلىق تۈگىسە، گويا ھېچ ئىش يــۈز بەرمىگەنــدەك، بېشــىغا بىــرەر قىيىنچىلىــق كېلىــپ باقمىغانــدەك، بــۇ جەريانــدا اللەغــا ئىشــىنىپ باقمىغاندەك باشتىكى يولىغا قايتىۋالىدۇ.

① سۈرە ئەئراف: 172 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى ۋە خاتالىقلىرىنى تونۇپ يېتىپ، توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن قۇرئان ئۇلارغا يۈزلەندۈرگەن ھەقىقەتتۇر.

﴿وَإِذَا مَسَّ الإِنسَانَ الضُّرُّ دَعَانَا لِجَنبِهِ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُ مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَا إِلَى ضُرٍّ مَّسَّهُ كَذَلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾

«ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، تۇرسىمۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.①»

﴿هُوَ الَّذِي يُسَيِّرُكُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِحَتَّى إِذَا كُنْتُمْ فِي الْفُلْكِ وَجَرَيْنَ بِهِمْ بِرِيحٍ طَيِّبَةٍ وَفَرِحُوا بِهَا جَاءَتْهَا رِيحٌ عَاصِفٌ وَجَاءَهُمُ الْمَوْجُ مِنْ كُلِّ مَكَانٍ وَظَنُّوا أَنَّهُمْ أُحِيطَ بِهِمْ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ لَئِنْ أَنْجَيْتَنَا مِنْ هَذِهِ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ، فَلَمَّا أَنْجَاهُمْ إِذَا هُمْ يَبْغُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّمَا بَغْيُكُمْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ مَتَاعَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ثُمَّ إِلَيْنَا مَرْجِعُكُمْ فَنُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾

«اللە سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزم قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) ”ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر

① سۈرە يۇنۇس: 12 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلغۇچىلاردىن بولىمىز“ دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ. اللە ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، (سىلەر) بۇ دۇنيا(نىڭ باقاسى يوق شەھۋەتلىرى)دىن بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ)، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمىز.[1]»

سۈرە يۇنۇستا كەلگەن بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە زىيان يەتسە اللەغا ئىلتىجا قىلىدىغان، ئۆزىگە كەلگەن مۇشەققەتنى ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن اللەغا دۇئا قىلىدىغان ئىنساننىڭ ئومۇمى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ گىرىپتار بولغان كېسەللىك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە ئۇنى ئورنىدىن تۇرماي يېتىشقا مەجبۇرلايدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھالىتىدە اللەغا دۇئا قىلىدۇ، يەنى يېتىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە بولسا، ئۇ شۇ ھالەتتىمۇ دۇئا قىلىدۇ.

يەنى، ئىنسانغا زىيان-زەخمەت كەلگەن چاغدا ئۇ قانداق ھالەتتە بولسا، ئۆزىگە كەلگەن يامانلىقنى توسۇش ئۈچۈن شۇ ھالەتتە تۇرۇپ اللەغا يېلىنىپ ئىلتىجا قىلىدۇ. بەزىدە ئۇ گىرىپتار بولغان نەرسە جىسمانى دەرت ئەمەس روھى غەم بولىدۇ، ئۇ مۇشۇ ھالەتتىمۇ ئوخشاشلا اللەغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھالىتىدە، يەنى «يېتىپ تۇرۇپ، ئۆرە تۇرۇپ» اللەغا دۇئا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنى قاپلىۋالغان غەم ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ ۋە ئۇنى ھەرقانداق ھالەتتە اللەغا دۇئا قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

---

① سۈرە يۇنۇس: 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

الـلـه قىيىنچىلىقنـى ئىچىـۋەتكە چاغـدا، ئـۇ ۋەز ـ نەسـىھەت ئالامـدۇ؟ قىيىنچىلىــق ۋاقتىتــا ئۆزىنىـــڭ اللەدىـــن باشــقا قۇتقۇزغۇچىســى يــوق ئىكەنلىكىگە چىـن كۆڭلـىدىن ئىشـىنىپ، اللەغا يىلىنغانلىقىـدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالامدۇ؟ ياق!

﴿فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُ مَرَّ كَأَنْ لَمْ يَدْعُنَا إِلَى ضُرٍّ مَسَّهُ﴾

«ئۇلارغـا يەتـكەن زىيـان ـ زەخمەتنـى كۆتۈرۈۋەتسـەك، گويـا ئـۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ»

قۇرئاننىـــڭ ئاشـــۇ ئىنســـاننىڭ ھـــالىتىنى «يامـــان ئىشـــنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىشى، ئاشۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە كەلگەن جىسمانى ياكى روھـى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلـۇپ شـۇنىڭ بىـلەن گويـا تېخـى تۇنۇگـۈنلا دەرت ئېيتىـپ اللەغـا يـالۋۇرۇپ باقمىغانـدەك، ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، پەرۋاسىز، ئېتىبارسىز، پـوچى ۋە كـۆرەڭ ھالدا يامانلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

﴿وَإِذَا أَنْعَمْنَا عَلَى الْإِنْسَانِ أَعْرَضَ وَنَأَى بِجَانِبِهِ وَإِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ فَذُو دُعَاءٍ عَرِيضٍ﴾

«ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە (اللەغا يۈزلىنىپ) ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ.①»

سـۈرە يۇنۇسـنىڭ بـۇ ئىككـى ئـايىتى ئالاھـدە بىـر ھـالەتنى تەسۋىرلەيدۇ. يەنى، شامال تىنچ ھالەتتە كېمىگە چىققان بىر قەۋمنىڭ ھـالىتىنى تەسـۋىرلەيدۇ، كـېمە ئـۇلارنى سـۇ يۈزىـدە خـاتىرجەم ئېلىـپ

① سۈرە فۇسسىلەت: 51 ـ ئايەت.

كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېمىگە چىققانلىقىدىن، ئۆز سەپەرلىرىدىن خۇشال. ئۇلار سەپىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، ھەممە نەرسە ئۆزگىرەيدۇ. خاتىرجەملىك ئورنىغا بىئاراملىق، خۇشاللىق ئورنىغا ئالاقزادىلىك ئالمىشىدۇ. بۇندىن بۇرۇن سىلىق، مۇلايىم بولغان كۆرۈنۈشلەر ئۈستىدە قىيىنچىلىق نامايان بولىدۇ. ئۇلار شۇ چاغدا كىمگە ئىلتىجا قىلىدۇ؟ اللەدىن باشقا پاناھگاھ يوقتۇر.

﴿دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ لَئِنْ أَنْجَيْتَنَا مِنْ هَذِهِ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ﴾

«(چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) ”ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز“ دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ.»

ئۇلارنىڭ ئامالى قالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى اللەنىڭ قۇدرىتىگە باغلاندى ۋە ئۇلار اللەنىڭ رەھمىتىدىن باشقا ئۆزلىرىگە يەتكەن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغۇچى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى، قىيىنچىلىق ئۇلارنىڭ كۈچىدىن چوڭ، ئۇلار قىيىنچىلىق ئالدىدا ئاجىز. ئىنسان ھەددىدىن ئاشىدۇ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. ئۆزىنى كۈچ-قۇۋۋەتلىك ھېساپلايدۇ ۋە ھەرقانداق نەرسە ئالدىدا ھەرگىز مەغلۇب بولمايمەن دەپ قارايدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلاۋاتقانلىقىنى، ھەتتا مۇشەققەتنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن ساختا تەكەببۇرلۇق ۋە سەركەشلىك يوقىلىدۇ. ھەقىقى كۈچكە... اللەنىڭ كۈچىگە «مېنى پەقەت اللەلا قۇتقۇزالايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كۈچ مېنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئايىتى بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق- ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئۇلار اللهغا چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ.» ئاشۇنداق قىيىنچىلىق ۋاقتتا يەنى قۇتۇلۇش ۋە ياردەمدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتا، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىلاھى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىدۇ. روھتا بۇ ھەقىقەتنى يۆگىۋالىدىغان پەردە بار بولۇپ، ئەمدى بۇ پەردە ئېچىلىپ، ھەقىقەت ئاشكارا بولىدى. ئىنسان اللهغا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇشتۇمتۇت كەلگەن خەتەر قورقۇنۇچلۇق بولۇپ، بىردىن ـ بىر پاناھلىق بەرگۈچى پەقەت يەككە ـ يېگانە اللهدۇر. شۇ چاغدا ئىنسان پاناھلىق بەرگۈچى اللهغا چىڭ ئېسىلىدۇ. اللهغا چىن كۆڭلىدىن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئۇلار اللهغا چىن قەلبىدىن دۇئا قىلغان... شۇ مىنۇتلاردا سۆزىدە راستچىل بولىدۇ: «ئەگەر سەن بىزنى ئۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ بىز چوقۇم شۈكرى قىلغۇچىلاردىن بولىمىز.» چۈنكى ئۇلار، قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇپ «ئەگەر خاتالىقلىرىمىزغا تەۋبە قىلساق ۋە ئىشلىرىمىزنى توغرىلىۋالساق، الله بىزدىن رازى بولىدۇ ۋە بېشىمىزغا كەلگەن قىيىنچىلىقلاردىن بىزنى قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. نەتىجىدە، بۇ قورقۇنچ ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا ۋە اللهغا شۈكرىنى ۋەدە قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۈكرى پەقەت اللهغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بىراق، ئاشۇ ھېس ـ تۇيغۇ قانچىلىك ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن ھالىتىدە داۋاملىشىدۇ؟ پەقەت مۇشەققەت ئاخىرلىشىپ، قىيىنچىلىق يوقالغان ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ.

﴿فَلَمَّا أَنْجَاهُمْ إِذَا هُمْ يَبْغُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ﴾

«الله ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ». ئىنسان نېمىدېگەن قەبىھ، نېمىدېگەن زىيانكار ـ ھە؟!

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنسانىنىڭ روھىدىكى ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى قاپلىۋالغان پەردە ئەسلىگە قايتتى ـ دە، قەلبىنى ئىلگىرىكىدەك توسۇۋالدى. ئىلگىرى قەلبىنى ئورىۋالغان تۇمان ئۇنى يەنە ئورىۋالدى. بۇ ئۇيغىنىش مۇشەققەت سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئۆتكۈنچى ئويغىنىشتۇر. مۇشەققەت يوقالغان چاغدا بۇ ئويغىنىش ئەسلىدىكى غەپلەتلىك ھالىتىگە ۋە ئىلگىرى بار بولغان ساختا نەرسىگە قانائەتلىنىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّمَا بَغْيُكُمْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ مَتَاعَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾

«ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، (سىلەر) بۇ دۇنيا(نىڭ باقاسى يوق شەھۋەتلىرى)دىن بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ).»

شۇنداق! ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەنە شۇ يوقالغۇچى، ساختا مەنپەئەتلەر ئۇلارنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنى ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقا ھەرقانداق ئىشنى تاشلاپ، ساختا مەنپەئەتلەرگە غەرق بولىدۇ.

بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ ھەددىدىن ئېشىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىگە زىيان. ئەگەر ئۇلار پۈتكۈل ئۆمرىنى دۇنيا مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەرپ قىلسا، قىسقىغىنە ئۆمۈرىدىكى مەلۇم مەزگىللىك چەكلىك مەنپەئەتتىن باشقا نېمىنى قولغا كەلتۈرەلىسۇن؟!

﴿ثُمَّ إِلَيْنَا مَرْجِعُكُمْ فَنُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾

«ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمىز »

مانا بۇ چاغدا، سىز بەھرىمەن بولىۋاتقان بارلىق نەرسىلەر يوقايدۇ،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بەلكى، سىزمۇ، ھەتتا ئاشۇ ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىك كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىمۇ يوقايدۇ. پەقەت شۇ مەنپەئەتلەرنىڭ ئىلگىرى ئەسلىنىپ، كېيىن ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتىلا قېپقالىدۇ.

سىز بۇ مەنانىڭ قۇرئاننىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا تەكرارلىنىپ كەلگەنلىكىنى بايقايسىز.

﴿قُلْ مَنْ يُنَجِّيكُمْ مِنْ ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ تَدْعُونَهُ تَضَرُّعاً وَخُفْيَةً لَئِنْ أَنْجَانَا مِنْ هَذِهِ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ﴾

«(ئى مۇھەممەد! بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (يەنى بالايى ـ ئاپەتلىرى)دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر اللە بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ اللەغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر.①»

﴿وَإِذَا مَسَّكُمُ الضُّرُّ فِي الْبَحْرِ ضَلَّ مَنْ تَدْعُونَ إِلَّا إِيَّاهُ فَلَمَّا نَجَّاكُمْ إِلَى الْبَرِّ أَعْرَضْتُمْ وَكَانَ الْإِنْسَانُ كَفُوراً﴾

«سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنىۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت اللەلا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا اللەدىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، اللە سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى اللەنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)②»

﴿لا يَسْأَمُ الْإِنْسَانُ مِنْ دُعَاءِ الْخَيْرِ وَإِنْ مَسَّهُ الشَّرُّ فَيَؤُوسٌ قَنُوطٌ، وَلَئِنْ أَذَقْنَاهُ رَحْمَةً مِنَّا مِنْ بَعْدِ ضَرَّاءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ هَذَا لِي وَمَا أَظُنُّ السَّاعَةَ قَائِمَةً وَلَئِنْ رُجِعْتُ إِلَى رَبِّي إِنَّ لِي عِنْدَهُ لَلْحُسْنَى فَلَنُنَبِّئَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِمَا عَمِلُوا وَلَنُذِيقَنَّهُمْ مِنْ عَذَابٍ غَلِيظٍ﴾

---

① سۈرە ئەنئام: 63 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىسرا: 67 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئىنسان (ئۆزىگە) ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا (اللەنىڭ رەھمىتىدىن) تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا كۈلپەتتىن كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: "بۇ ئۆزۈمنىڭ سەئىيى ـ ئىجتىھاتىمدىن كەلگەن، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ ئۇنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم جەننەتكە ئېرىشىمەن" دەيدۇ. ئەلۋەتتە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.①»

@ @ @ @ @

① سۈرە فۇسسىلەت: 49 ـ 50 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

**قۇرئان باتىل يولدىكىلەرنىڭ دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىشكە مەسئۇل**

الله ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا بارلىق ئىنسانلارغا ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى تولۇق بايان قىلدى. قۇرئان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن باشلاپ تاكى قىيامەت بولغىچە ياشايدىغان بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ ۋە قۇرئاندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىدىن كىتاب چۈشمەيدۇ.

بارلىق ئىنسانلار تۈنجى قىلىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىلاھىنى تونۇشى، اللەدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىقى، ھايات پىرىنسىپلىرىنى اللەنىڭ غەيرىدىن ئالماسلىقى، پەقەت اللەقىلا ئىبادەت قىلىشى، الله بۇيرىغان ئىشلارغا بويسۇنۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا دۇنيا ھاياتىدا ئىلاھى ئىنتىزام بىلەن ياشايدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرەلەيدۇ...

شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان تۈنجى قېتىم ئىنسانلارغا ئەڭ مۇھىم بولغان ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت ھەقىقىتىنى بايان قىلدۇ.

بىز ئىلگىرىكى ئۈچ بۆلۈمدە قۇرئان ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىنى قانداق تونۇتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق؛

بىر قېتىم اللەنىڭ كائىناتتىكى ۋە ھاياتتىكى مۆجىزىلىرىگە ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىش ئارقىلىق.

يەنە بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئەقلى بىلەن ھەقنى بايان قىلىپ بېرىدىغان دەلىل ـ پاكىتلار ئاساسىدا مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق...

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىر قىتىم مۇشەققەتلىك ئەھۋاللاردا، ئۇلارنىڭ اللەقىلا مۇراجىئەت قىلىدىغانلىقى، ئۇلار اللەنى قويۇپ ياكى اللەغا قوشۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق مەبۇدنى ئۇنتۇيدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆز ئىلاھىنى تونۇتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

بىراق، قۇرئان بىر قانچە خىل ئۇسۇلدا بايان قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، بەلكى، اللەنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دەۋالىرىغا بىر-بىرلەپ رەددىيە بېرىدۇ، ھەتتاكى بىرەر كىشى اللەغا ئىمان ئېيتماسلىققا باھانە تاپالمايدۇ.

قۇرئان نازىل بولغان ۋاقىتتا، ئىسلامى دەۋەت ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت ھەققىتىگە ئالاقىدار بولغان بىر قانچە خىل ئازغۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەن.

**قۇرئان نازىل بولغان ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان ئازغۇنلۇقلار تۆۋەندىكىچە:**

1 ـ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە بۇتلارنى بەزى سۈپەتلەردە اللە بىلەن ئورتاق دەپ قارايدىغان بۇتپەرەسلىك مەۋجۇت ئىدى. شۇنداقلا، بەزى كىشىلەر جىنلارغا ئىبادەت قىلاتتى.

2 ـ ئەھلى كىتابلار ئىچىدىن ئېزىپ كەتكەنلەر اللەنىڭ بالىسى بار دەيتتى.

﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللَّهِ وَقَالَتِ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللَّهِ﴾

«يەھۇدىيلار: ”ئۇزەير اللەنىڭ ئوغلىدۇر“ دېدى، ناسارالار: ”مەسىھ (يەنى ئىسا) اللەنىڭ ئوغلىدۇر“ دېدى[1]»

شۇنداقلا، ئەرەبلەر جاھىلىيەتتە پەرىشتىلەر اللەنىڭ قىزلىرى

① سۈرە تەۋبە: 30ـ

دەيتتى.

3ـ ئەرەپ جاھىلىيىتى اللەنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىكى قۇدرىتىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى ھەققىدە سۆزلەشنى ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان سارائلىق دەپ قارايتتى.

4ـ دەھرىيلەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى تۈپتىن ئىنكار قىلاتتى ياكى اللەنىڭ ئىشلارغا ئارلىششىنى ئىنكار قىلاتتى.

﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ﴾

«ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): ”ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز“ (دەيدۇ). ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ[1]»

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر شېرىككە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ الله نازىل قىلغان ھۆكۈمگە ئەگەشمەسلىك ۋە الله نازىل قىلغان ھۆكۈمنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتۇر.

قۇرئان كەرىم ئون تۆت ئەسىردىن بۇيان شۇ خىلدىكى شېرىكلەرنىڭ ھەممىسىگە رەددىيە بېرىپ، بارلىق باتىل دەۋالارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، سۈزۈك ھەقنى يەتكۈزۈپ كەلدى.

بۈگۈن زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئازغۇن ئىنسانلارغا قارىغان كىشى بۈگۈنكى ئازغۇنلۇقلارنىڭ بۇرۇنقى ئازغۇنلۇقلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

﴿وَقَالَ الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ لَوْلَا يُكَلِّمُنَا اللَّهُ أَوْ تَأْتِينَا آيَةٌ كَذَلِكَ قَالَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ مِثْلَ قَوْلِهِمْ تَشَابَهَتْ

[1] سۈرە جاسىيە 23ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قُلُوبُهُمْ قَدْ بَيَّنَّا الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

«بىلمەيدىغانلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى): "اللە نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بىزگە (راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە) بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟" دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان (يەنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان) قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن بايان قىلدۇق①»

شۇنداقلا، قۇرئاننىڭ ئون تۆت ئەسىردىن بۇيان بۇ ئازغۇنلۇلارغا رەددىيە بېرىپ كەلگەنلىكىنى، ھازىرقى مۇشرىكلارنىڭ قىلغانلىرى يېڭىلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ۋە ياخشى ئويلانغان كىشى قۇرئان خۇددى بۈگۈنكى كۈندە توغرا يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى ھەق يولغا قايتۇرۇش ئۈچۈن چۈشكەندەك ھېس قىلىدۇ.

﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾

«(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر②»

بۇ بۆلۈمدە، قۇرئاننىڭ ئىغىپ كەتكۈچىلەرگە قانداق رەددىيە بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇ رەددىيەلەرنىڭ بەزىسى قۇرئاننىڭ ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى بايان قىلىشتىكى ئۇسلۇبىنى شەرھلەش جەريانىدا سۆزلەنگەنلىكىنى ۋە بەزىسىنىڭ ئىلگىرى سۆزلەنمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاخىرىدا اللەنىڭ ياردىمى بىلەن، قۇرئاننىڭ بۇ تىمىنى تولۇق

---

① سۈرە بەقەرە: 118 ـ ئايەت
② سۈرە ساد: 29 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھەل قىلىنىشتىكى ئۇسۇلى ھەققىدە ئەتراپلىق بايانىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

## 1. شېرىك:

مۇشرىكلار بۇتلار شەكلىدىكى ھەرخىل ئىلاھلارغا، ياكى پەرىشتىلەرگە، ياكى جىنلارغا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار "ھەرخىل ئىلاھلار اللەنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلالايدۇ. اللە ئۇلارنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ" دەپ ئويلايتتى، يەنى ئۇلار قۇرئان ئۇلار توغۇرلۇق ئېيتقاندەك بۇتلارنى اللەغا ۋاستە قىلاتتى.

﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾

«بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر[1]»

قۇرئان بۇ ھەقتىكى ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىككى خىل يول بىلەن بايان قىلىدۇ .

**بىرىنچى يول:** اللە ياراتقۇچى، بۇ كائىناتنىڭ ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى، اللە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىراۋنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج ئەمەس. اللەنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالايدىغان بىرەر كىشى يوق، يارىتىشتا اللەغا شېرىك بولالايدىغان بىرەرسى تېپىلمايدۇ ــ بۇھەقتە بىرەر كىشى، ھەتتاكى مۇشرىكلارمۇ جېدەللەشمەيدىغان ئىش ـ ئۇنداقتا ئورۇنلاشتۇرۇشتا اللەغا شېرىك بولالايدىغان كىشى قانداقسىگە تېپىلسۇن؟ دېگەننى بايان قىلىدۇ.

﴿ أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ تَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾

---

① سۈرە زۇمەر: 3 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر.[1]»

**ئىككىنچى يول:** ئاشۇ مەبۇدلار ئۆزلىرىنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا ئىگە بولۇشتىنمۇ ئاجىز كېلىدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ باشقىلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ؟ دېگەننى بايان قىلىدۇ.

بەزىدە، ئىككى يول بىر ئايەتتە ياكى بىر قانچە ئايەتتە بىرگە سۆزلىنىدۇ ياكى بەزىدە، بايانىنىڭ داۋامى ئىككى يولنىڭ بىرىگە خاسلىشىدۇ .

تۆۋەندىكى ئايەت (گەرچە يەنە بىر يولغا بولغان ئىشارەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ) بىراق، ئۇ بىرىنچى يولنىڭ مىساللىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

﴿وَاللّهُ أَنزَلَ مِنَ الْسَّمَاء مَاء فَأَحْيَا بِهِ الأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ ، وَإِنَّ لَكُمْ فِي الأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهِ مِن بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَّبَنًا خَالِصًا سَآئِغًا لِلشَّارِبِينَ ، وَمِن ثَمَرَاتِ النَّخِيلِ وَالأَعْنَابِ تَتَّخِذُونَ مِنْهُ سَكَرًا وَرِزْقًا حَسَنًا إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ، وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ الشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ ، ثُمَّ كُلِي مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ فَاسْلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلاً يَخْرُجُ مِن بُطُونِهَا شَرَابٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ فِيهِ شِفَاء لِلنَّاسِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ، وَاللّهُ خَلَقَكُمْ ثُمَّ يَتَوَفَّاكُمْ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْ لاَ يَعْلَمَ بَعْدَ عِلْمٍ شَيْئًا إِنَّ اللّهَ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ، وَاللّهُ فَضَّلَ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ فِي الْرِّزْقِ فَمَا الَّذِينَ فُضِّلُواْ بِرَآدِّي رِزْقِهِمْ عَلَى مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَهُمْ فِيهِ سَوَاء أَفَبِنِعْمَةِ اللّهِ يَجْحَدُونَ ، وَاللّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَجَعَلَ لَكُم مِّنْ أَزْوَاجِكُم بَنِينَ وَحَفَدَةً وَرَزَقَكُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ أَفَبِالْبَاطِلِ يُؤْمِنُونَ وَبِنِعْمَتِ اللّهِ هُمْ يَكْفُرُونَ ، وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَمْلِكُ لَهُمْ رِزْقًا مِّنَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ شَيْئًا وَلاَ يَسْتَطِيعُونَ﴾

«اللە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن قاغجىراپ قالغان زېمىندا (تۈرلۈك زىرائەتلەرنى) ئۈندۈردى، بۇنىڭدا (ۋەز ـ نەسىھەت

[1] سۈرە ئەئراف: 54 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، (اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. چاھارپايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز. (سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار. پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: "تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن. ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل ـ چېچەكلەر)دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن"، ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ ـ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار. اللە سىلەرنى ياراتتى، ئاندىن (ئەجىلىڭلار پۈتكەندە) سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاراڭلاردا ئۆمرىنىڭ يامان (يەنى ئەڭ قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ھەتتا (بىر نەرسىلەرنى) بىلگەندىن كېيىن، ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇپ قالىدۇ (يەنى ئىلگىرى بىلىدىغانلىرىنى ئۇنتۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى تۈگەپ، ئەقلى كېمىيىپ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ). اللە ھەقىقەتەن (مەخلۇقاتنى باشقۇرۇشنى) بىلگۈچىدۇر، (ئۆزى ئىرادە قىلغان نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا) قادىردۇر. اللە سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى، رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى باراۋەر بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قۇللارغا بەرمەيدۇ، ئۇلار اللەنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟. اللە سىلەر(نىڭ ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن

ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ اللەنىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟. ئۇلار اللەنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ھېچقانداق رىزىق چۈشۈرۈپ ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق چىقىرىپ (يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە يەردىن زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ) بېرەلمەيدىغان، (شۇنداق قىلىشقا) قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامدۇ؟.[1]»

بۇ يەردە، اللەنىڭ يارىتىش ۋە رىزىق بېرىشتىكى مۆجىزىلىرى كەڭ دائىرىلىك بايان قىلىنىدۇ. اللەنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاسماندىن چۈشكەن سۇدا مۆجىزە بار. اللە ئۆلۈك (قورغان) زېمىننى سۇ ئارقىلىق تىرىلدۈرىدۇ ۋە زېمىندا ھەر خىل يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرىدۇ.

چاھارپايلاردا مۆجىزە بار. اللە ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدىن ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن سىڭىشلىك ساپ سۈتنى چىقىرىدۇ، بۇ سۈت قەيەردىن چىقىدۇ؟ قان بىلەن ژىن ئارىسىدىن چىقىدۇ. ژىن دېگەن ئۈچەيلەردە ھەزىم قىلىنغان يېمەكلىكنىڭ قالدۇقى بولۇپ، ھەزىم قىلىنغان سۈيۈقلۇقلارنىڭ قانغا ئۆزگىرىشى، بۇ قاننىڭ بەدەندىكى ھەرخىل ئەزالارغا ئۆتۈپ، ئەزالارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىنىڭ ئوزۇقىنى بېرىشى، ئاندىن ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ غىزاسىنى قاندىن ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى ۋە يېلىندىكى سۈت بېزىنىڭ سۈت چىقىرىشى ياكى باشقىچە دېگەندە ژىننىڭ قانغا، قاننىڭ سۈتكە ئۆزگىرىشى... قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى اللەنىڭ مەخلۇقاتتىكى مۆجىزە خاراكتېرلىك بەلگىلىرىدىندۇر[2]. شۇنداقلا اللە ئىنسانغا ئىنئام قىلغان

[1] سۈرە نەھل: 65 ـ 73 ـ ئايەتلەر

[2] ژىننىڭ قانغا، ئاندىن قاننىڭ يېلىندا سۈتكە ئايلىنىشىغا دائىر ئىلمىي سىرلار قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نامەلۇم ئىدى، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى زاماندا

رىزىقتىكى مۆجىزىلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

گۈل ـ چېچەك شىرىنلىرىنى يەپ ئۈنگەندىن پايدىسى ئۇزۇقلۇق خۇسۇسىيىتىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، كۆپ كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان ئاجايىپ غىزا چىقىرىدىغان ھەسەل ھەرىسىدە مۆجىزە بار. شۇنداقلا، ئۇ يارىتىش ۋە رىزىق بېرىشتىكى بىر مۆجىزىدۇر. ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا مۆجىزە بار. قۇرئان كەرىم بۇلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن شۇ كۈنلەردە ئەرەبلەردە مەۋجۇت بولغان قۇللۇق تۈزۈمگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ. قۇرئان ئارقىلىق بىۋاستە خىتاب قىلىنغان كىشىلەرگە مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى چاغدا مەۋجۇت بولغان ئەھۋالنى مىسال ئىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن اللە ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن رىزىقتا ئارتۇق قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى خوجايىن بەزىسىنى قۇل قىلدى. خۇجايىنلار قۇللارنىڭ خۇجايىنلىقتا ۋە ھۆكۈمرانلىقتا ئۆزىگە شېرىك بولىشىنى، خوجايىنلار قۇللار بىلەن باراۋەر بولۇشنى قوبۇل قىلامدۇ؟ ئۇلار قۇللارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن باراۋەر بولۇشىنى قوبۇل قىلمىسا، نېمىشقا ئۇنى اللەغا قوبۇل كۆرۈپ، اللەنىڭ بەندىلىرىدىن بىرەر بەندىسىنى اللەغا شېرىك قىلىپ ئۇنى اللە بىلەن قوشۇپ ئىلاھ قىلىۋالىدۇ؟».

ئاندىن يارىتىش ۋە رىزىق بېرىشتىكى يەنە بىر مۆجىزىگە قايتىدۇ. اللە سىلەر ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن جۈپلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكىگە ۋە توي قىلىش يولى ئارقىلىق ئوغۇللارنى، نەۋرىلەرنى بەرگەنلىكىگە ۋە پاك رىزىقلارنى بەرگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

---

بايقالدى. ئاشۇنىڭدا دەلىل كۆرمەكچى بولغان كىشىگە بۇ قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بار. چۈنكى، شۇ چاغدا ئىنسانىيەت بۇ نەرسىلەرنى بىلمەيتتى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بارلىق نېمەتلەرنىڭ نەتىجىسى شۈكرى قىلىشنىڭ ئورنىغا كۇپرىلىق قىلىش بولامدۇ؟ ئۇلار داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كۇپرىلىق ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

﴿ويَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللهِ مَا لاَ يَمْلِكُ لَهُمْ رِزْقًا مِّنَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ شَيْئًا وَلاَ يَسْتَطِيعُونَ ﴾

«ئۇلار اللەنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ھېچقانداق رىزىق چۈشۈرۈپ ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق چىقىرىپ (يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە يەردىن زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ) بېرەلمەيدىغان، (شۇنداق قىلىشقا) قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامدۇ؟.①».

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇيغۇ ۋە ئەقىلگە نىسبەتەن ئايدىڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بۇنداق ئىبادەتنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئادىمىيلىكى كەمچىل بىر قەۋم ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاساسسىز باتىلغا ئىشىنىپ، ھېچبىر پاكىتسىزلا ھەقنى ئىنكار قىلىدۇ.

﴿قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلَامٌ عَلَى عِبَادِهِ الَّذِينَ اصْطَفَى آللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ، أَمَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ السَّمَاء مَاء فَأَنبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمْ أَن تُنبِتُوا شَجَرَهَا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ ، أَمَّن جَعَلَ الْأَرْضَ قَرَارًا وَجَعَلَ خِلَالَهَا أَنْهَارًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَاسِيَ وَجَعَلَ بَيْنَ الْبَحْرَيْنِ حَاجِزًا أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ، أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ ، أَمَّن يَهْدِيكُمْ فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَن يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ تَعَالَى اللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

«جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن!» دېگىن. الله ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل

---

① سۈرە نەھل: 73 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بــاغلارنى يېتىشــتۈرۈپ بەرگەن كىــم؟ ئــۇ باغلارنىــڭ دەرەخلىرىنــى ئۆسـتۈرۈش سـىلەرنىڭ قولـۇڭلاردىن كەلمەيـدۇ، اللەدىــن باشـقا ئىـلاھ بـارمۇ؟ باشـقا ئىـلاھ يوقتـۇر، ئـۇلار (ھەقىقەتـتىن) بۇرۇلـۇپ كەتـكەن قەۋمدۇر زېمىننى)ئىنسـانلارغا ۋە ھايۋانلارغـا) تۇرالغـۇ قىلغـان، ئۇنىـڭ تۇرلـۇك تەرەپلىرىـدە دەريـالارنى ئاققۇزغـان، ئۇنىـڭ ئۈسـتىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىـلاھ يـوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى بىلمەيـدۇ. بېشـىغا كـۈن چۈشـكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلــگەن ئېغىرچىلىقنــى كۆتۈرۈۋېتىــدىغان ۋە ســىلەرنى زېمىننىــڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بـارمۇ؟ سـىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر. قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىـڭ قاراڭغۇلۇقلىرىـدا ســىلەرگە يــول كۆرســىتىپ بېرىــدىغان، رەھمىتىــدىن (يەنــى يــامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بېشارەت قىلىـپ ئەۋەتىـدىغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بـارمۇ؟ (ھېچ ئىـلاھ يوقتـۇر)، اللـە ئۇلارنىـڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر[1]»

(بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى يۇقىرىقى بۆلۈمدە تەپسىلى ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا ئىزاھلاپ ئولتۇرمايمىز.)

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَاسْتَمِعُوا لَهُ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَنْ يَخْلُقُوا ذُبَاباً وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِنْ يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئاً لا يَسْتَنْقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ﴾

«ئـى ئىنسـانلار! (يەنـى مۇشـرىكلار جامائەسـى!) بىـر مىسـال كەلتۈرۈلـدى، ئۇنىڭغـا قـۇلاق سـېلىڭلار، شۈبھىسـىزكى، سـىلەر اللەنـى

---

[1] سۈرە نەمل: 59 ـ 63 ـ ئايەتلەر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر[1]»

## ئىككىنچى يولنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

﴿أَيُشْرِكُونَ مَا لاَ يَخْلُقُ شَيْئاً وَهُمْ يُخْلَقُونَ ، وَلاَ يَسْتَطِيعُونَ لَهُمْ نَصْرًا وَلاَ أَنفُسَهُمْ يَنصُرُونَ ، وَإِن تَدْعُوهُمْ إِلَى الْهُدَى لاَ يَتَّبِعُوكُمْ سَوَاء عَلَيْكُمْ أَدَعَوْتُمُوهُمْ أَمْ أَنتُمْ صَامِتُونَ ، إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ فَادْعُوهُمْ فَلْيَسْتَجِيبُواْ لَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ ، أَلَهُمْ أَرْجُلٌ يَمْشُونَ بِهَا أَمْ لَهُمْ أَيْدٍ يَبْطِشُونَ بِهَا أَمْ لَهُمْ أَعْيُنٌ يُبْصِرُونَ بِهَا أَمْ لَهُمْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا قُلِ ادْعُواْ شُرَكَاءكُمْ ثُمَّ كِيدُونِ فَلاَ تُنظِرُونِ ، إِنَّ وَلِيِّيَ اللّهُ الَّذِي نَزَّلَ الْكِتَابَ وَهُوَ يَتَوَلَّى الصَّالِحِينَ ، وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَكُمْ وَلآ أَنفُسَهُمْ يَنْصُرُونَ ، وَإِن تَدْعُوهُمْ إِلَى الْهُدَى لاَ يَسْمَعُواْ وَتَرَاهُمْ يَنظُرُونَ إِلَيْكَ وَهُمْ لاَ يُبْصِرُونَ﴾

«ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللەغا شېرىك كەلتۈرەمدۇ!. ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش (يەنى سىلەر قايسى ھالەتتە بولماڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر). سىلەر اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن. ئۇلار (يەنى بۇتلار) نىڭ

[1] سۈرە ھەج: 73 ـ ئايەت

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋە ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار (مەن اللهغا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). ھەقىقەتەن كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان الله مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. سىلەرنىڭ اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭلار، ئۇلار (ھىدايەت تاپماق تۇگۇل دەۋىتىڭنى) ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆرمەيدۇ①»

بىرىنچى ئايەت يولىنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان سوئال بىلەن باشلىنىدۇ. ئىنسانلار ئىشىنىشكە ۋە ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىلاھ ھەقىقى ياراتقۇچى ئىلاھتۇر. ئۇنداقتا، ھېچنەرسىنى يارىتالمايدىغان، ئۆزلىرى يارىتىلغان، ئىنسانلار قوللىرى بىلەن ياساپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇۋالغان بۇتلارنى اللهغا شېرىك قىلىۋالغان مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ (بۇ يەردىكى ئىشارەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇتلارغا قارىتىلغان) مانا بۇ ئىشتا ئەقىل ۋە ئىنساننىڭ توغرا خاراكتېرى قوبۇل قىلالايدىغان مەنتىقە بارمۇ؟

ئاندىن ئايەتنىڭ داۋامى تېمىدىن بۇرۇلۇپ، مۇشرىكلار ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەيدۇ. بۇتلار باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر كىشى ئۇلارغا زۇلۇم قىلسا، ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ. بىراۋ ئۇلارنى چاقىرسا

① سۈرە ئەئراف: 191 ـ 198 ـ ئايەتلەر

ئاڭلىيالمايدۇ. سىز ئۇلارغا سۆزلىسىڭىزمۇ ياكى سۆزلىمىسىڭىزمۇ بەربىر، نەتىجە ئوخشاش.

ئاندىن ئايەتنىڭ داۋامى اللەدىن باشقا ھەرقانداق مەبۇدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ.

﴿إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ﴾

«سىلەر اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر.»

گەرچە بۇ ئايەت، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇتلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ سۆپەتكە اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كىرىپ كېتىدۇ.

اللەنىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىۋاتقانلار مەيلى ئۆلۈك ياكى تىرىك شەخسلەر بولسۇن، جىن ياكى پەرىشتە بولسۇن، دەرەخ ياكى تاش، قۇياش ياكى يۇلتۇز ـ پىلانىتلارنىڭ بىرەرسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىندۇر. يەنى «سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر.» ئۇلار اللەنىڭ بەندىلىرى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ئىبادەت ياكى دۇئا ئارقىلىق يۈزلىنىشكە بولمايدۇ.

ئايەتنىڭ داۋامى ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغان ئاشۇ بۇتلارنى ئېزچىل سۈپەتلەيدۇ: ئەجەبا، ئاشۇ بۇتلارنىڭ ماڭىدىغان پۇتى، كۆرىدىغان كۆزى، ئاڭلايدىغان قۇلىقى، تۇتىدىغان قولى بارمۇ؟ ئويلاپ بېقىڭ، ئاشۇ كىشىلەر بۇتلارنىڭ خار ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىدا ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپمۇ نېمىشقا يەنىلا ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدۇ؟

ئاندىن، خىتاب رەسۇلۇللاغا، يەنى رەسۇلۇللانىڭ ئۇلارنىڭ ئاشۇ بۇتلىرىغا «ماڭا زىيان يەتكۈزۈپ بېقىڭلار!» دەپ جەڭ ئېلان قىلىشىغا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يۈزلىنىپ (مۇشرىكلار رەسۇلۇللانىڭ ئاتالمىش ئىلاھلارغا ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالاتتى) اللە رەسۇلۇللاغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ماڭا تەھدىت سېلىۋاتقان ھىيلە ـ مىكىرلىرىڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار، كېچىكتۈرمەڭلار (ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار) ۋە ئىلاھلىرىڭلارنىڭ قانداق قىلالايدىغانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويۇڭلار! اللە ماڭا ۋە مۇئمىن بەندىلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەمما، سىلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلار ـ ئەگەر اللە سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا ـ سىلەر تۇگۇل ھەتتا ئۆزىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىلاھلار ھېچنىمىنى ئاڭلىمايدۇ ۋە كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار، نە ئىبادەت قىلىنىشقا، نە دۇئا قىلىنىشقا لايىق ئەمەس.

﴿تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا، الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا، وَاتَّخَذُوا مِن دُونِهِ آلِهَةً لا يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ وَلا يَمْلِكُونَ لِأَنفُسِهِمْ ضَرًّا وَلا نَفْعًا وَلا يَمْلِكُونَ مَوْتًا وَلا حَيَاةً وَلا نُشُورًا﴾

«پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللەنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر، اللەنىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، اللە ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى. مۇشرىكلار اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا ئىبادەت قىلدى. ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ

جىننى ئىلىشقا، (باشقىلارغا) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.[1]»

﴿وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنْ يَدْعُو مِنْ دُونِ اللَّهِ مَنْ لا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَهُمْ عَنْ دُعَائِهِمْ غَافِلُونَ﴾

«اللەنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر.[2]»

## 2. اللەنىڭ بالىسى بار دەپ بىلجىرلاش:

بۇ ئازغۇنلۇقتا يەھۇدىيلار، خىرىستىئانلار ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرى ئورتاق. گەرچە ئۇلارنىڭ شەكلى ئوخشىمىسىمۇ ھەممىسى بىر تۈردىكى ئازغۇنلۇقتۇر.

**يەھۇدىيلار:** ئۇزەير اللەنىڭ ئوغلى دەيدۇ، **خىرىستىئانلار:** مەسىھ (ئىسا) اللەنىڭ ئوغلى دەيدۇ، **ئەرەب مۇشرىكلىرى بولسا:** پەرىشتىلەر اللەنىڭ قىزلىرى دەيدۇ.

قۇرئان بۇ ئازغۇنلۇقنى سۆزلەيدۇ ۋە شېرىك ئازغۇنلۇقنى بەربات قىلغان يوللار ئارقىلىق بۇ خىل ئازغۇنلۇقنىمۇ بەربات قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئازغۇنلۇق «اللەنىڭ بالىسى بار» دېگەن شەكىلنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ شېرىكتۇر.

﴿إِنَّ اللّهَ فَالِقُ الْحَبِّ وَالنَّوَى يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ الْمَيِّتِ مِنَ الْحَيِّ ذَلِكُمُ اللّهُ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ، فَالِقُ الإِصْبَاحِ وَجَعَلَ اللَّيْلَ سَكَنًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ حُسْبَانًا ذَلِكَ تَقْدِيرُالْعَزِيزِ الْعَلِيمِ، وَهُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ النُّجُومَ لِتَهْتَدُواْ بِهَا فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ، وَهُوَ الَّذِي أَنشَأَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ فَمُسْتَقَرٌّ وَمُسْتَوْدَعٌ قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ، وَهُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ فَأَخْرَجْنَا

---

① سۈرە فۇرقان: 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئەھقاف: 5 ـ ئايەت.

مِنْهُ خَضِرًا نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ النَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّاتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ انظُرُواْ إِلِى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ إِنَّ فِي ذَلِكُمْ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ، وَجَعَلُواْ لِلّهِ شُرَكَاء الْجِنَّ وَخَلَقَهُمْ وَخَرَقُواْ لَهُ بَنِينَ وَبَنَاتٍ بِغَيْرِ عِلْمٍ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَصِفُونَ، بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَنَّى يَكُونُ لَهُ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُن لَّهُ صَاحِبَةٌ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ وهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ، ذَلِكُمُ اللّهُ رَبُّكُمْ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَاعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ، لاَّ تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن اللەدۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ اللە دۇر، (اللەنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟ اللە سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللە كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنە كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. اللە سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. اللە بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

(ياغمۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا اللهنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار. جىنلارنى الله ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) جىنلارنى اللهغا شېرىك قىلىشۋېلىشتى،اللهغا جاھالەتتىن ئوغۇل ـ قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى، الله (مۇشرىكلار ئېيتىپرا قىلغان نەرسىلەردىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر. الله ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، اللهنىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى الله ياراتقان، ھەممە نەرسىنى الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، اللەدىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر. كۆزلەر اللهنى كۆرمەيدۇ، الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، الله (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.[1]»

بۇ كەڭ دائىرىلىك تېكىست «بالا چاقىلىق بولۇش» مەسىلىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك مۇنازىرە ئېلان قىلىدۇ. شۇنداقلا «اللهنىڭ بالىسى بار» دېگۈچىلەرمۇ بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

﴿ وَخَرَقُواْ لَهُ بَنِينَ وَبَنَاتٍ بِغَيْرِ عِلْمٍ﴾

«ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ اللهغا ئوغۇل ـ قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى.»

بۇ تېكىست اللهنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى گۈزەل شەكىلدە

[1] سۈرە ئەنئام: 93 ـ 105 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ بايان ئاسمان ـ زېمىن، ئىنسان، ئۆسۈملۈك قاتارلىق كەڭ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بايانلار تۇيغۇلارنى ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىگە ئويغىتىدۇ ۋە كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەرۋەردىگارىنى تونۇتىدۇ. ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى ۋە ھەق پەرۋەردىگارىنى تونۇغاندىن كېيىن، ئازدۇرغۇچىلارنىڭ ئازدۇرۇشىنىڭ مەنىسىز ۋە ئاساسسىز نەرسە ئىكەنلىكى (ئۇلارغا) ئايان بولىدۇ.

ئايەت «خىلمۇ ـ خىل زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈش ئۈچۈن داننى ۋە ئۇرۇقنى يارغۇچى ھەقىقەتەن اللەدۇر» دېگەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن باشلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلار بەزىدە ئۇ ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قېلىپ، زىرائەتلەر ئۆزلىكىدىن ئۈنىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. سىز پەقەتلا ئۇرۇقنى زېمىنغا سالىسىز ۋە ئۇنى سۇ بىلەن سۇغىرىسىز. شۇنداق! سىز پەقەت شۇنىلا قىلالايسىز. بىراق، «ئۆسۈپ مېۋە بېرىشى» ئۈچۈن يۇمران مايسىنى ئۈندۈرۈش مەقسىتىدە زېمىننىڭ تېگىدىكى ئۇرۇق ۋە دانلارنى بىخلاندۇرغان زات كىم؟ ئۇ ھەممىنى ياراتقۇچى، پاك الله ئەمەسمۇ؟ ئۆسۈملۈكلەرگە ئۆسۈش خۇسۇسىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان، ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆسۈشىگە ئىجازەت بەرگەن زات الله ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۆسۈش ۋە ئۈنۈشمۇ مەۋجۇت بولمايتتى.

الله تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقىرىدۇ (خۇددى زىرائەت ئۆلۈك زېمىندىن ئۈنگەندەك)، ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقىرىدۇ (ھاياتنىڭ جانلىق مەۋجۇدىيەتتىكى رولى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆلىدۇ)، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى اللەنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ.

ئاشۇلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئاخىرقى يەكۈن مەيدانغا كېلىدۇ:

﴿ذَلِكُمُ اللهُ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ﴾

«(يۇقىرىقى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى) ئەنە شۇ اللە دۇر،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

(اللەنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟»

ئەنە ئاشۇ زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدىغان، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە تىرىكلەرنى ئۆلتۈرىدىغان ھەق اللەدۇر. مانا بۇ اللەنىڭ كەڭرى قۇدرەت ساھەلىرىنىڭ بىرىدۇر. سىلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلار ئىچىدە بۇ ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قىلالايدىغانلىرى بارمۇ؟ سىلەر نېمىشقا ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ، پىتنە ـ ئىغۋالارغا ئەگىشىسىلەر؟

ئايەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئۇرۇق ۋە دانلار، زېمىن ئۈستىدىكى تىرىك ۋە ئۆلۈك نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەنگەن بولسا، ئىككىنچى بۆلىكىدە ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە سۆزلەندى.

﴿فَالِقُ الإِصْبَاحِ وَجَعَلَ اللَّيْلَ سَكَنًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ حُسْبَانًا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾

«اللە سۇبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللە كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر.»

اللە داننى ۋە ئۇرۇقنى يارغۇچىدۇر، شۇنداقلا سۇبھىنى يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر). خۇددى چىرايلىق ئۆسۈملۈك قاراڭغۇ زېمىننىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك، زۇلمەتنىڭ ئىچىدىن سۇبھىنى چىقارغۇچىدۇر. اللە كېچىنى ئارام ئالىدىغان ۋاقىت قىلدى. ياراتقان جانلىق كائىناتنىڭ كۆپىنچىسىنى كۈندۈزنىڭ يورۇقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئارام ئالىدىغان قىلغانلىقى اللەنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

كېچە ـ كۈندۈز ھەققىدە سۆزلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئايەت قۇياش ۋە ئاي توغرۇلۇق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿والشمس والقمر حسباناً﴾

«(سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى.»

يەنى الله قۇياشنى ۋە ئاينى سىلەرنىڭ ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى. كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار قۇياش ۋە ئاي ئارقىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، قۇياش ۋە ئاينىڭ ھەر بىرى قىلچە بۇزۇلمايدىغان ئىنچىكە ئىلاھى ئۆلچەم بويىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

﴿ذلك تقدير العزيز العليم﴾

«بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر.»

بۇ ئىنچىكە تەرتىپلەر ئارقىلىق ئىنسان ۋاقتىنى ھېسابلايدۇ ۋە ئەتراپىدىكى كائىناتنىڭ ئىنچىكە سىرلىرىنى تونۇپ چىقالايدۇ.

﴿وَهُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ النُّجُومَ لِتَهْتَدُواْ بِهَا فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ﴾

«قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنە كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى.»

نە نۇر، نە بەرەر يول باشلىغۇچىمۇ بولمىغان كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا يۆنىلىشىڭلارنى پەقەت يۇلتۇزلار ئارقىلىقلا تونۇيالايسىلەر.

﴿قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾

«(اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.»

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئەگەر، اللە ئايەتلەرنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىپ بەرمىسە، كىممۇ بۇ ئايەتلەرنى ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ شېرىكسىز يەككە ـ يېگانە اللە تەرەپكە يېتەكلەيدىغان مەزمۇننى چۈشىنەلىسۇن؟

ئاندىن، ئايەتنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى ئىنسان ھەققىدە سۆزلەيدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِيَ أَنشَأَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ﴾

«اللە سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى.»

اللە سىلەرنى، تۇپراقتىن يارىتىپ ئاندىن ئۇنىڭدىن ئايالى ھەۋۋانى ياراتقان ئادەم (ئەلەيھىسسالام)دىن ياراتتى.

﴿فَمُسْتَقَرٌّ وَمُسْتَوْدَعٌ﴾

«سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى.»

چۈنكى، اللە شۇنىڭدىن كېيىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋانى ياراتقاندىن كېيىن) ئىنسانلارنىڭ نەسىل قالدۇرۇشىنى توي قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. نەسىل قالدۇرۇش ئەرنىڭ ئۇمۇرتقىسىدا ئورۇنلاشقان ئەرنىڭ ھۆجەيرىسى بىلەن ئايالنىڭ ھۆجەيرىسىنىڭ بالىياتقۇدا ئۇچرىشىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

﴿قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ﴾

«چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.»

بۇ ئىش بۇ مۆجىزىنى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ياراتقۇچىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلىدىغان ئاڭلىق دەرىجىدىكى ئويلىنىشقا مۇھتاج.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇ ئەڭ ئاخىرقى بۆلەكتە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ﴾

«الله بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى». ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى سۇغا مۇھتاج، ئەگەر، سۇغا قانمىسا زېمىندىن ھەرگىزمۇ ئۈنۈپ چىقمايدۇ.

ئاندىن، ئايەتنىڭ داۋامى ئىخچام بايان قىلغاندىن كېيىن تەپسىلى بايان قىلىدۇ:

﴿فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ النَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّاتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ﴾

«ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى».

مانا بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە يۇمران، يېشىل ھالەتتە ئۈنۈپ چىقىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈشكە باشلايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن (بۇغداي، ئارپا ۋە باشقا باشاقلارغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن دانلار چىقىدۇ. تۈرلۈك خورما ۋە شەكلى، رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ئوخشىمايدىغان ئۈزۈم، زەيتۇن، ئانار چىقىدۇ. بەلكى، بۇ تۈرلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بەرگەن مېۋىسىدە ئوخشاشلىقنى ھەم ئوخشىمايدىغانلىقنى بايقايسىز.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنسان ھەرخىل شەكىلدىكى تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرگە تولغان بۇ چىرايلىق مەنزىرىنى ئويلانسا، ئۇنىڭ تۈيغۇسى بۇ كۆرۈنۈشلەردىن تەسىرلىنىدۇ، بۇ كۆرۈنۈشلەر ھەققىدە ئويلىنىشنى ۋە بۇ مەنزىرىدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قۇرئان ئىنساننى دەل شۇنىڭغا چاقىرىدۇ. قۇرئان بۇ يەردە ئىنساننى بۇ مېۋىلەردىن يېيىشكە چاقىرمايدۇ، ئەكسىچە، يېيىشنى سۈرىنىڭ باشقا بىر يېرىدە تىلغا ئالىدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِي أَنْشَأَ جَنَّاتٍ مَعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفاً أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهاً وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾

«الله بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اللە ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ[1]».

بىراق، قۇرئان بۇ يەردىكى ئايەتتە ئىنساننى يېيىشكە بۇيرۇماستىن ۋە يۈزلەندۈرمەستىن باشقا بىر ئىشقا يۈزلەندۈرىدۇ:

﴿انظُرُواْ إِلِى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ﴾

«(ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار!»

---

[1] سۈرە ئەنئام: 141 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىنىڭ قولى بارلىققا كەلتۈرگەن بەدىئىي گۈزەللىككە قاراپ بېقىڭلار! تۈيغۇڭلارنى ۋە ھېسلىرىڭلارنى بۇ گۈزەللىكلەر بىلەن توشقۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئويلىنىپ بېقىڭلار! گۈزەل، جەلىپ قىلارلىق بۇ مەنزىرىدىن نېمىنى ھېس قىلالايسىلەر؟

﴿إِنَّ فِي ذَلِكُمْ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾

«ئۇلاردا اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار». ھەر قانداق كىشى قارىسا ۋە ئويلانسا، ئۆزىنى ئىمان ئېيتىشقا يېتەكلەيدىغان مۆجىزىلەرنى تاپالايدۇ.

بۇ يەردە ـ تۈيغۇ تەسىرلىنىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرغان چاغدا ـ ئايەتنىڭ داۋامى مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇنلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن كېيىن ئازغۇنلۇقنىڭ مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدىغان ۋە ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان ئىش ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

﴿وَجَعَلُواْ لِلّهِ شُرَكَاء الْجِنَّ وَخَلَقَهُمْ﴾

«جىنلارنى اللە ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) جىنلارنى اللەغا شېرىك قىلىشىۋېلىشتى».

دېمەك، جىنلار اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى اللەغا شېرىك قىلىشىۋېلىشتى.

﴿وَخَرَقُواْ لَهُ بَنِينَ وَبَنَاتٍ بِغَيْرِ عِلْمٍ﴾

«(مۇشرىكلار) اللەغا نادانلارچە ئوغۇل ـ قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى»

ئۇلار ئوغۇل ـ قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنى نادانلىقتىن اللەغا

نىسبەت بەردى. بۇ ئازغۇنلۇقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان زادى قانداق ئىلىم؟

﴿سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«اللە (مۇشرىكلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر».

﴿بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ﴾

«اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر».

ئۇ بولسا ئاسمان ـ زېمىننى ئۆرنەكسىز ئىجاد قىلغان زات.

﴿أَنَّى يَكُونُ لَهُ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُن لَّهُ صَاحِبَةٌ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ وهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«اللەنىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى اللە ياراتقان، ھەممە نەرسىنى اللە ئوبدان بىلگۈچىدۇر».

قۇرئان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە مۇنازىرە ئېلان قىلىدۇ: اللەنىڭ ئايالى بولمىسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار ـ اللەغا بۇ ئوغۇل ـ قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان چاغدا ـ بۇ ئوغۇل ـ قىزلارنى تۇغۇش ئۈچۈن خوتۇن ئويدۇرۇپ چىقىرىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى.

اللە ھەرقانداق نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ـ ئۇلار بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ ـ ياراتقۇچىنى قايسى نەرسە بالا بېقىۋېلىشقا مۇھتاج قىلىدۇ؟ اللە ھەرقانداق نەرسىگە «ۋۇجۇدقا كەل!» دېسە ۋۇجۇدقا كېلىدىغان تۇرسا، ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى اللە بارلىققا كەلتۈرگەن تۇرسا، اللەنىڭ ئۇلارغا قانداقمۇ ئېھتىياجى چۈشسۇن؟

﴿وهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«اللە ھەممە نەرسىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر».

يارىتىش مۆجىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ۋە ئازغۇنلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا مۇنازىرە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخىرقى خۇلاسە مەيدانغا كېلىپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ:

﴿ذَلِكُمُ اللهُ رَبُّكُمْ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَاعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾

«ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، اللەدىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر».

سىلەر ئۇنىڭ يارىتىش مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن ئەنە شۇ ياراتقۇچى اللە سىلەرنىڭ ھەقىقى پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق. دىنىنى خالىس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئاتالمىش بالىنى ياكى ئاتالمىش ئىلاھلارنى شېرىك قىلىۋالماڭلار، ئۇ اللە ھەرقانداق نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە باشقۇرغۇچىدۇر.

﴿وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾

«ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر».

﴿لاَّ تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«كۆزلەر اللەنى كۆرمەيدۇ، اللە كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، اللە (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر».

كۆزلەر اللەنى دۇنيادا كۆرەلمەيدۇ. ھالبۇكى، اللە ئۆز يۈكسەكلىكى ئارقىلىق ھەر بىر كۆزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. اللە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىكى مەيلى توغرا يول تاپقۇچىلار بولسۇن ياكى ئازغۇنلۇققا چۆمۈپ كەتكۈچىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە كېچىۋاتقان پىكىر، ھېس-تۇيغۇلاردىنمۇ خەۋەرداردۇر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا، لَقَدْ جِئْتُمْ شَيْئًا إِدًّا، تَكَادُ السَّمَاوَاتُ يَتَفَطَّرْنَ مِنْهُ وَتَنشَقُّ الأَرْضُ وَتَخِرُّ الْجِبَالُ هَدًّا، أَن دَعَوْا لِلرَّحْمَنِ وَلَدًا، وَمَا يَنبَغِي لِلرَّحْمَنِ أَن يَتَّخِذَ وَلَدًا، إِن كُلُّ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ إِلا آتِي الرَّحْمَنِ عَبْدًا، لَقَدْ أَحْصَاهُمْ وَعَدَّهُمْ عَدًّا، وَكُلُّهُمْ آتِيهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَرْدًا﴾

«ئۇلار: اللەنىڭ بالىسى بار دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللەنىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى. بالىسى بولۇش اللەغا لايىق ئەمەستۇر. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا اللەغا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ[①]».

### 3. تىرىلىشنى ئىنكار قىلىش:

ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئەڭ قەبىھ ئازغۇنلۇقلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆلۈپ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن اللەنىڭ ئۇلارنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشاتتى. ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلىشتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، رەسۇلۇللا ئۇلارغا ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ھەققىدە سۆزلەپ بەرسە ئۇلار ھەيران قالاتتى. قۇرئان ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا هَلْ نَدُلُّكُمْ عَلَى رَجُلٍ يُنَبِّئُكُمْ إِذَا مُزِّقْتُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمْ لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ، أَفْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَم بِهِ جِنَّةٌ﴾

«كاپىرلار (بىر ـ بىرىگە) ئېيتىدۇ: "سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم يېڭىدىن

① سۈرە مەريەم: 88 ـ 95 ـ ئايەتلەر.

يارىتىلىسلەر دەپ خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟ ئۇ اللهغا يالغاننى توقۇدىمۇ؟ يا ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ؟"①» .

قۇرئـان ئۇلارغـا اللهنىـڭ چەكسىز كـۈچ ـ قۇدرەتلىـك يـاراتقۇچى ئىكەنلىكىنـى، ئاسـمان ـ زېمىنـدىكى ھېچقانـداق نەرسـىنىڭ اللهنـى بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى، مەخلۇقـاتلارنى تـۈنجى قېـتىم يوقلـۇقتىن ياراتقـان زات اللهنىـڭ ئـۇنى يەنە قايتـا يارىتالايـدىغانلىقىنى تۇنۇتـۇش ئارقىلىق بۇ ئىشنى ھەل قىلىدۇ. ئاندىن، ئۇلارغا ئەتراپىتىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تىرىلدۈرۈش مۆجىزىلىرىنى، ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئالدىـدا كۆرۈلـۈپ تۇرۇۋاتقـان ئۆلـۈكتىن تىرىكنـى چىقىـرىش ئەمەلىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تىرىـك نەرسىلەرنى ئۆلـۈك نەرسىلەردىن چىقارغـان زات، خالىغـان چاغـدا ئۆلـۈكلەرنى تىرىلـدۈرۈپ ۋە ئـۇلارنى ھاياتلىققا قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ.

﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ، بَلْ عَجِبُوا أَن جَاءهُمْ مُنذِرٌ مِّنْهُمْ فَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا شَيْءٌ عَجِيبٌ، أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا ذَلِكَ رَجْعٌ بَعِيدٌ، قَدْ عَلِمْنَا مَا تَنقُصُ الأَرْضُ مِنْهُمْ وَعِندَنَا كِتَابٌ حَفِيظٌ، بَلْ كَذَّبُوا بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءهُمْ فَهُمْ فِي أَمْرٍ مَّرِيجٍ، أَفَلَمْ يَنظُرُوا إِلَى السَّمَاء فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَاهَا وَزَيَّنَّاهَا وَمَا لَهَا مِن فُرُوجٍ، وَالْأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ، تَبْصِرَةً وَذِكْرَى لِكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ، وَنَزَّلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء مُّبَارَكًا فَأَنبَتْنَا بِهِ جَنَّاتٍ وَحَبَّ الْحَصِيدِ، وَالنَّخْلَ بَاسِقَاتٍ لَّهَا طَلْعٌ نَّضِيدٌ، رِزْقًا لِّلْعِبَادِ وَأَحْيَيْنَا بِهِ بَلْدَةً مَّيْتًا كَذَلِكَ الْخُرُوجُ، كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَأَصْحَابُ الرَّسِّ وَثَمُودُ، وَعَادٌ وَفِرْعَوْنُ وَإِخْوَانُ لُوطٍ، وَأَصْحَابُ الْأَيْكَةِ وَقَوْمُ تُبَّعٍ كُلٌّ كَذَّبَ الرُّسُلَ فَحَقَّ وَعِيدِ، أَفَعَيِينَا بِالْخَلْقِ الْأَوَّلِ بَلْ هُمْ فِي لَبْسٍ مِّنْ خَلْقٍ جَدِيدٍ﴾

«قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن. بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆز ئىچىدىن ئۇلارغا بىـر ئاگاھلانـدۇرغۇچى كەلگەنلىكـىدىن ئەجەبلەندى، كاپىرلار ئېيتتى: بۇ قىزىق ئىشتۇر. بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەنـدىن كېـيىن (تىرىلىـپ ئىلگىرىكـى ھـالىتىمىزگە قايتامـدۇق)،

---

① سۈرە سەبەئ: 7 ـ 8 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن) يىراقتۇر. ئۇلارنى زېمىننىڭ كېمەيتكىنىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەر يەپ كەتكىنىدىن) بىز ھەقىقەتەن خەۋەردارمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) بار. بەلكى ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، ئۇلار قالايمىقان ھالەتتىدۇر. ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟ يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. اللەغا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق). كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق. (ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئۇلاردىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغانلار نۇھنىڭ قەۋمى، رەس ئاھالىسى، سەمۇد (قەۋمى)، ئاد (قەۋمى)، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى (يەنى شۇئەيب قەۋمى) تۇببە قەۋمى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابىم (ئۇلارغا) تېگىشلىك بولدى. (ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ (ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلمايمىز) ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە) قارىتا گۇماندىدۇر[①]».

بۇ ئايەت يارىتالايدىغان ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىلىك ئىلاھى قۇدرەتنىڭ ساھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىش نورمال ئىنساندىن سادىر بولمايدىغان، ئەرزىمەس پىكىر ۋە نادانلىق ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

تۇنجى ئايەت اللە تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى ھىدايەتكە چاقىرىپ چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى سۆزلەش بىلەن باشلىنىدۇ. بىراق، قۇرئان كاپىرلارنى ھىدايەتكە چاقىرغاندا، كاپىرلار ئۆزلىرىگە تىرىلىش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەنلىكىگە ھەيران قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

﴿هَذَا شَيْءٌ عَجِيبٌ﴾

«بۇ قىزىق ئىشتۇر».

ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار توپىغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن اللەنىڭ ئۇلارنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانلىقىدىندۇر. شۇڭا ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:

﴿ذَلِكَ رَجْعٌ بَعِيدٌ﴾

«بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن) يىراقتۇر».

بۇ ئايەت، ھەممىنى بىلگۈچى اللە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆلىدىغان ھەر بىر كىشىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرەرسى اللەنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ، اللەنىڭ قېشىدا ھەر قانداق نەرسە تېزىملانغان خاتىرە

① سۈرە قاف: 1 ـ 15 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

(لەۋھۇلمەھپۇز) بار دېگەن ھەقىقەتنى دەپ بايان قىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتلەر، ئۇلارنىڭ «بىز توپا بولۇپ كەتسەك، بىزنىڭ ھەرقانداق تەسىرلىرىمىز شەرتسىز تەلتۆكۈس يوقىلىدۇ» دېگەن ئويلىرىغا رەددىيە بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار، بۇ ئالەمدىن يوقالغان ھەرقانداق نەرسە اللهنىڭ دەرگاھىدىنمۇ يوقىلىدۇ، الله ئۇنى يېڭىدىن تىرىلدۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، پەيدا قىلىشقىمۇ قادىر ئەمەس دەپ ئويلايتتى.

ئايەتنىڭ داۋامى ئۇلارنىڭ نەزىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى يارىتىش مۆجىزىلىرىگە، كەڭ ئاسمان، كۆز يەتكۈسىز بىپايان زېمىن، زېمىن ئۈستىدىكى تاغلار ۋە زىرائەتلەرگەقارىتىدۇ.

ئاندىن، اللهنىڭ يارىتىشقا ۋە تىرىلدۈرۈشكە بولغان قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەرنى سۆزلەيدۇ. ئاسماندىن چۈشكەن سۇدىن زېمىندىن مېۋىلىك باغلار، دانلىق زىرائەتلەر ۋە بۆك ـ باراقسان خورمىلار ئۈنۈپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەندىلەرنىڭ رىزقىدۇر، الله يامغۇر بىلەن قورغاق، ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ. الله ئۆلۈكلەرنىمۇ شۇ شەكىلدە تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنى زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى چىقارغاندەك چىقىرىدۇ. تىرىلدۈرۈش ئەمەلىيەتتە يۇقارقى ئىككى ھالەتتە بىردەكتۇر، بىرىنچىسىگە قادىر زات ئىككىنچىسىگىمۇ قادىر بولالايدۇ. بىراق، ئەقىل كۆزى كور ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، شۇڭا بىرىنچىسىگە قايىل بولىدۇ، ئەمما، ئىككىنچىسىگە قايىل بولمايدۇ.

قۇرئان تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ پەقەت ئەرەب مۇشرىكلىرىلا ئەمەسلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرىمۇ كۆپ جاھىلىيەتلەر تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان. قۇرئان ئۇلاردىن نۇھ قەۋمى، رەس ئاھالىسى، سەمۇد، ئاد، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكىلىقلار (شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى) ۋە تۇببە قەۋمىنى تىلغا ئالىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاندىن، ئىنكار قىلغۇچى ئەرەبلەرگە: «بۇ قەۋملەرنىڭ ھەممىسى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە، اللە ئۇلارنى ۋەيران قىلدى، ئۇلارغا اللەنىڭ جازاسى لايىق بولدى. ئەگەر، سىلەرمۇ تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالساڭلار، سىلەر ئۈچۈن اللەنىڭ دەرگاھىدا مۇشۇ ئاقىۋەتتىن باشقا ئاقىۋەت يوق» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

ئايەت ھەقىقەتنى بايان قىلىدىغان ئىنكارى سوئال بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

﴿أَفَعَيِينَا بِالْخَلْقِ الْأَوَّلِ﴾

«(ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟»

كائىناتنىڭ ھەممىسىنى اللە ياراتقاندى. ئىنسانلار كائىناتنىڭ ئۆزلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ. جۈملىدىن بۇ (يەنى كائىناتنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقانلىقى) كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاملالارنىڭ بېرىدۇر. ئۇنداقتا، ئۇلار قايسى ئاساسقا تايىنىپ، اللەنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشتىكى قۇدرىتىدىن گۇمانلىنىدۇ؟

﴿المر تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ وَالَّذِيَ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ الْحَقُّ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يُؤْمِنُونَ، اللّهُ الَّذِي رَفَعَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لأَجَلٍ مُّسَمًّى يُدَبِّرُ الأَمْرَ يُفَصِّلُ الآيَاتِ لَعَلَّكُم بِلِقَاء رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ، وَهُوَ الَّذِي مَدَّ الأَرْضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْهَارًا وَمِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ جَعَلَ فِيهَا زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ، وَفِي الأَرْضِ قِطَعٌ مُّتَجَاوِرَاتٌ وَجَنَّاتٌ مِّنْ أَعْنَابٍ وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَى بِمَاء وَاحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ فِي الأُكُلِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ، وَإِن تَعْجَبْ فَعَجَبٌ قَوْلُهُمْ أَئِذَا كُنَّا تُرَابًا أَئِنَّا لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ أُوْلَئِكَ الَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمْ وَأُوْلَئِكَ الأَغْلاَلُ فِي أَعْنَاقِهِمْ وَأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«ئەلىف، لام، مىم، را. بۇ، كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (قۇرئاندا) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىنغان نەرسىلەر ھەقتۇر، بىراق، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننىڭ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ. اللە ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ، اللە (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. اللە يەر يۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك ـ چىشى ـ ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى). بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. يەر يۈزىدە بىر بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر (بىرەر نەرسىدىن) ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ (يەنى كۇففارلارنىڭ): بىز (ئۆلۈپ) تۇپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا تىرىلەمدۇق؟ دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە لايىقتۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، (قىيامەت كۈنى) ئەنە شۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدۇ، ئەنە

شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر[1]».

﴿وَضَرَبَ لَنَا مَثَلا وَنَسِيَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ، قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ، الَّذِي جَعَلَ لَكُم مِّنَ الشَّجَرِ الأَخْضَرِ نَارًا فَإِذَا أَنتُم مِّنْهُ تُوقِدُونَ، أَوَلَيْسَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يَخْلُقَ مِثْلَهُم بَلَى وَهُوَ الْخَلَّاقُ الْعَلِيمُ، إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَنْ يَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ، فَسُبْحَانَ الَّذِي بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾

«ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟ دېدى. ئېيتقىنكى، ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر. اللە سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۇنىڭغا قادىر، اللە ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. اللە بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ۋۇجۇتقا كەل دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. اللە پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر[2]».

@ @ @ @ @

---

① سۈرە رەئد: 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ياسىن: 78 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئىماننى مۇستەھكەملەش

قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەت روھىيىتى ئالدىدىكى رولى ساغلام ئەقىدىنى بايان قىلىش ۋە جاھىلىيەت سادىر قىلغان ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت ھەقىقىتى ھەققىدىكى خاتالىقلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلىش بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. بەلكى، قۇرئان ئاشۇ ساغلام ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش ۋە شېرىكتىن، تەڭتۇشى بولۇشتىن پاك، يەككە ـ يېگانە اللهغا بولغان ئىماننى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەيدۇ. ساغلام ئەقىدىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ چوڭ چارىسى ھەقنى ئەسلىتىشتۇر.

﴿وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنفَعُ الْمُؤْمِنِينَ﴾

«ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ۋەز ـ نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىق[①]».

**ئىنسانىيەت روھىيىتىدىكى ئىماننى مۇستەھكەملەشنىڭ ۋاستىلىرى:**

1 ـ قەلبىنىڭ اللهدىن قورقۇپ، اللهغا بويسۇنىشى ئۈچۈن ھەرۋاقىت اللهنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئەتراپىدىكى ئالەمدىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى اللهنىڭ قۇدرەت مۆجىزىلىرىنى... ئەسلىتىش.

2 ـ اللهدىن قورقۇش قەلب تۈيغۇلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ۋە قەلبىتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈككە ئايلىنىشى ئۈچۈن اللهنىڭ ھەر ۋاقىت ئىنسان بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى، ئىنساننى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش.

3 ـ قۇرئان ئىنسان قەلبىنى خۇشاللىق ھالەتتىمۇ، قىيىنچىلىق ھالەتتىمۇ دائىم اللهنى ئەسلەشكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئىنسان خۇشال

---

① سۈرە زارىيات: 55 ـ ئايەت.

چاغلاردا اللەنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ اللەنى ئەسلەيدۇ، مۇشەققەتلىك چاغلاردا سەبرى قىلىپ اللەنىڭ قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشكە تەلپۈنۈپ اللەنى ئەسلەيدۇ.

4 ـ قۇرئان كەرىم ئىماننى مۇستەھكەملەيدىغان قىسسەلەرنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ اللەنىڭ ياردىمى كېلىپ بولغۇچە مۇشەققەتلەرگە سەبىر قىلغان مۆئمىن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى، پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغان ۋە كاپىرلىقى سەۋەبىدىن اللە ۋەيران قىلغانغا قەدەر بۇيۇنتاۋلۇق قىلغان كاپىرلارنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەيدۇ.

5 ـ ئاخىردا قۇرئان كەرىم مۆئمىنلەرنىڭ ياخشى كۆرۈنۈشلىرىنى، سۈپەتلىرىنى، ئاخىرەتتە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك جەننەتلەردىكى مۇكاپاتنى، كاپىرلارنىڭ يىرگىنىشلىك، قەبىھ كۆرۈنۈشلىرىنى، سۈپەتلىرىنى ۋە قىيامەت كۈنى ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابلارنى تەسۋىرلەيدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇ كۆرسەتمىلەرنى كۆڭۈلدە مۇستەھكەملەنگەنگە قەدەر ئىزچىل تەكرارلايدۇ. نەتىجىدە، اللە قەلبتە ھازىر بولۇپ ئىنسان ئۇنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قالمايدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى توغرىلىنىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە اللەغا يېقىن، خۇداگۈي بەندىلەردىن بولىدۇ. اللە ئۇنىڭغا دۇنيادا خاتىرجەملىكنى ۋە بەخت ـ سائادەتنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۆز جەننىتىنى ۋە رازىلىقىنى بېرىدۇ.

تۆۋەندە، ئىلگىرىكى بابلاردىكىگە ئوخشاش قۇرئان كەرىمدىن ئۆرنەكلەرنى كەلتۈرىمىز:

**1 ـ اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ۋە ئۆزىمىزدىكى**

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

**قۇدرىتىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئەسلىتىش:**

بىز ئىلگىرىكى بابلاردا اللەنىڭ چەكسىز كاتتىلىقىنى، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچقانداق نەرسە ئۇنى بويسۇندۇرالمايدىغان قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەتلەردىن ئۆلگىلەرنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. شۇنداقلا، قۇرئاننىڭ تۇيغۇغا ۋە ئەقىلگە خىتاب قىلغان چاغدا ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈش ياكى اللەنىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلىش ياكى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىش ياكى ـ ئەگەر زېمىندا اللەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەم بار بولسا ـ ئۇنىڭ اللەنى ئىنكار قىلىشتىكى دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىدىغان چاغدا اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى ئىشقا سالىدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق.

قۇرئاننىڭ ساغلام ئەقىدىنى روشەنلەشتۈرۈش ۋە شۇنداقلا ئۇنى قەلبتە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە مۇشۇنداق ئايەتلەرنى كەلتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بايان قىلىشتا بىزگە ئىلگىرىكى ئۆلگىلەر يېتەرلىك ئىدى.

بىراق، قۇرئان كەرىمدىكى ئۆلگىلەرنىڭ كۆپلىكى بىزنى بۇرۇن كەلتۈرگەن شۇنچە كۆپ ئۆلگىلەر بىلەنلا بولدى قىلمايدىغان، بەلكى، ئۇلارغا يېڭى ئۆلگىلەرنى قوشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. سىز ئىلگىرى شەرھلەنگەن مىساللارغا ئاساسەن ئۇلارنى چۈشىنەلەيسىز. بىراق، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتلەرنى ئىنسان زېھنىدە ئورۇنلىشىپ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدىغان مەلۇمات بولۇشى ئۈچۈنلا ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. بەلكى، اللە قۇرئاندا ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە ئەتراپى ئالەمدىكى مۆجىزىلىرىنى دائىم ئەسلىتىشتە بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئىنسان قەلبىگە دائىم تەسىر قىلىپ، بۇ تەسىرنىڭ ئۆتكۈنچى ئويلىنىش مىنۇتلىرىدا تۈگەپ كەتمەستىن، اللەغا بولغان ئىماننىڭ ئىنسان روھىدا ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتىدە ئەكس ئېتىدىغان مۇستەھكەم

ھەقىقەتكە ئايلىنىشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

اللەنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقانلىقىنى ۋە اللە ياراتقان ھەرقانداق نەرسىدە مۆجىزە بار ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن كېيىن قەلب اللەنى ئەسلەشتىن، اللە بۇيرىغان ۋە توسقان ئىشلاردا اللەغا ئىتائەت قىلىشتىن بۇرۇلۇپ كەتسە، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

اللەنىڭ يەككە ـ يېگانە، شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى، كائىناتنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتقانلىقىنى، كائىناتتىكى نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى تونۇپ قويۇپ بىرەر ئىش قىلماقچى بولغاندا، اللە بۇ ئىشتىن رازى بولامدۇ ياكى رازى بولمامدۇ دەپ ئويلىنىپ باقمىسا بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

شۇنداق! ئۇنداقتا، بۇ بىلىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ئەرەبلەر جاھىلىيەتتە ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۆزلىرىنى ياراتقان زاتنىڭ اللە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. قۇرئان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم اللە دەپ جاۋاب بېرىدۇ[①]».

﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَهُمْ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم اللە دەيدۇ[②]».

بىراق، ئۇلار بۇنى بىلىپ تۇرسىمۇ اللەغا ئىبادەت قىلمايتتى، اللەغا

---

① سۈرە لوقمان: 25 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇخرۇف: 87 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىشۋالاتتى، ئۇلار الله بۇيرىغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردا اللەنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ بىلىمى ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمىدى، الله ئۇلارنى: «جاھىلىيەتتىكى كىشىلەر» دەپ ئاتىدى، ئۇلارنى: «ئۇلار بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر» دەپ سۈپەتلىدى.

الله بەندىلىرىنىڭ ئۆزىگە ھەقىقى ئىبادەت قىلىشى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىگە بويسۇنۇشى ئۈچۈن، بەندىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە كاتتىلىقىنى بىلىشىنى خالايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ اللەدىن قورقۇشى ۋە قەلبلەرگە ئىمان ئورۇنلىشىپ زېمىن رېئاللىقىدىكى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن، الله ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى مۆجىزىلىرىنى داۋاملىق ئەسلىتىدۇ.

**1) اللەنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى يارىتىش ۋە پەيدا قىلىش مۆجىزىلىرى:**

﴿وَآيَةٌ لَّهُمُ الأَرْضُ الْمَيْتَةُ أَحْيَيْنَاهَا وَأَخْرَجْنَا مِنْهَا حَبًّا فَمِنْهُ يَأْكُلُونَ، وَجَعَلْنَا فِيهَا جَنَّاتٍ مِن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ وَفَجَّرْنَا فِيهَا مِنْ الْعُيُونِ، لِيَأْكُلُوا مِن ثَمَرِهِ وَمَا عَمِلَتْهُ أَيْدِيهِمْ أَفَلا يَشْكُرُونَ، سُبْحَانَ الَّذِي خَلَقَ الأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ وَمِنْ أَنفُسِهِمْ وَمِمَّا لا يَعْلَمُونَ، وَآيَةٌ لَّهُمْ اللَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ النَّهَارَ فَإِذَا هُم مُّظْلِمُونَ، وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ، وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ حَتَّى عَادَ كَالْعُرْجُونِ الْقَدِيمِ، لا الشَّمْسُ يَنبَغِي لَهَا أَن تُدْرِكَ الْقَمَرَ وَلا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ﴾

«ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (اللەنىڭ قۇدرىتى كامىلەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

(ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟ ئاللاھ (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار. ئۇلارغا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز ـ دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز ـ دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ.[1]»

﴿وَالأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ شَيْءٍ مَّوْزُونٍ، وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَايِشَ وَمَن لَّسْتُمْ لَهُ بِرَازِقِينَ، وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلاَّ عِندَنَا خَزَائِنُهُ وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلاَّ بِقَدَرمَّعْلُومٍ، وَأَرْسَلْنَا الرِّيَاحَ لَوَاقِحَ فَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَسْقَيْنَاكُمُوهُ وَمَا أَنتُمْ لَهُ بِخَازِنِينَ﴾

«يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق (ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى سىلەر ئەمەس، بىز يارىتىمىز). قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى)

---

① سۈرە ياسىن: 33 ـ 40 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز. بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق، بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر.①»

﴿أَلَمْ تَرَوْا كَيْفَ خَلَقَ اللَّهُ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ طِبَاقًا، وَجَعَلَ الْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ الشَّمْسَ سِرَاجًا، وَاللَّهُ أَنْبَتَكُم مِّنَ الْأَرْضِ نَبَاتًا، ثُمَّ يُعِيدُكُمْ فِيهَا وَيُخْرِجُكُمْ إِخْرَاجًا، وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ بِسَاطًا، لِتَسْلُكُوا مِنْهَا سُبُلًا فِجَاجًا﴾

«سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، اللە قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى، ئاينى ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى. اللە سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى). ئاندىن اللە سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ. زېمىندا كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى.②»

﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ مِهَادًا، وَالْجِبَالَ أَوْتَادًا، وَخَلَقْنَاكُمْ أَزْوَاجًا، وَجَعَلْنَا نَوْمَكُمْ سُبَاتًا، وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ لِبَاسًا، وَجَعَلْنَا النَّهَارَ مَعَاشًا، وَبَنَيْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعًا شِدَادًا، وَجَعَلْنَا سِرَاجًا وَهَّاجًا، وَأَنزَلْنَا مِنَ الْمُعْصِرَاتِ مَاءً ثَجَّاجًا، لِنُخْرِجَ بِهِ حَبًّا وَنَبَاتًا، وَجَنَّاتٍ أَلْفَافًا﴾

«(زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىشىشىڭلار ۋە كەڭ تۈزلەڭلىكلەرگە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن) زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ (زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ سىلەرنى ئەر ـ ئايال قىلىپ ياراتتۇق. ئۇيقۇنى سىلەرنىڭ (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق. كېچىنى لىباس قىلدۇق. كۈندۈزنى (سىلەر

---

① سۈرە ھىجر: 19 ـ 22 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نۇھ: 15 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق. ئۇستۇڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق. (سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنى (كۈننى) ياراتتۇق. ئاشلىقلارنى، ئوت ـ چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول ياغدۇرۇپ بەردۇق.①»

﴿فَلْيَنظُرِ الْإِنسَانُ إِلَى طَعَامِهِ، أَنَّا صَبَبْنَا الْمَاء صَبًّا، ثُمَّ شَقَقْنَا الأَرْضَ شَقًّا، فَأَنبَتْنَا فِيهَا حَبًّا، وَعِنَبًا وَقَضْبًا، وَزَيْتُونًا وَنَخْلا، وَحَدَائِقَ غُلْبًا، وَفَاكِهَةً وَأَبًّا، مَّتَاعًا لَّكُمْ وَلأَنْعَامِكُمْ﴾

«(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاندىن زېمىننى (ئۈنگەن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق. سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتىياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق.②»

﴿أَفَلا يَنظُرُونَ إِلَى الإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ، وَإِلَى السَّمَاء كَيْفَ رُفِعَتْ، وَإِلَى الْجِبَالِ كَيْفَ نُصِبَتْ، وَإِلَى الأَرْضِ كَيْفَ سُطِحَتْ﴾

«ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى، ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى، زېمىن قانداق يېيىلدى؟③»

2) اللەنىڭ بەدىنىمىزدىكى تەڭداشسىز قۇدرىتىنىڭ مۆجىزىلىرى:

﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لا تَعْلَمُونَ شَيْئاً وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، اللە سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق،

① سۈرە نەبە: 6 ـ 16 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئەبەسە: 24 ـ 32 ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە غاشىيە: 17 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.①»

﴿وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ مِنَ الْمَاءِ بَشَراً فَجَعَلَهُ نَسَباً وَصِهْراً وَكَانَ رَبُّكَ قَدِيراً﴾

«الله ئىنسانىنى ئابىمەندىن ياراتتى، ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا ـ باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر.②»

﴿ذَلِكَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ، الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ وَبَدَأَ خَلْقَ الإِنسَانِ مِن طِينٍ، ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُ مِن سُلالَةٍ مِّن مَّاء مَّهِينٍ، ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ قَلِيلا مَّا تَشْكُرُونَ﴾

«ئۇ (الله) يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر. (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمىتىگە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنىي) دىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جاننى كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.③»

﴿قُلْ هُوَ نَبَأٌ عَظِيمٌ، أَنتُمْ عَنْهُ مُعْرِضُونَ، مَا كَانَ لِي مِنْ عِلْمٍ بِالْمَلإِ الأَعْلَى إِذْ يَخْتَصِمُونَ، إِن يُوحَى إِلَيَّ إِلَّا أَنَّمَا أَنَا نَذِيرٌ مُّبِينٌ، إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِن طِينٍ﴾

«(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئۇ (يەنى اللەنىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلغۇچى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىم) چوڭ خەۋەردۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز

---

① سۈرە نەھل: 78 ـ ئايەت.
② سۈرە فۇرقان: 54 ـ ئايەت.
③ سۈرە سەجدە: 6 ـ 9 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۆرۈيسىلەر. پەرىشتىلەر (ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا) مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغدا، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم. ماڭا پەقەت ۋەھيى قىلىنىدۇكى، مەن روشەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن.①»

﴿خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَأَنزَلَ لَكُم مِّنْ الأَنْعَامِ ثَمَانِيَةَ أَزْوَاجٍ يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقًا مِن بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلَاثٍ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ لا إِلَهَ إِلا هُوَ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ﴾

«اللە سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۇپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى② سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنىي، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق اللەغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇنىڭدىن غەيرىيگە چوقۇنۇشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر.③»

﴿فَلْيَنظُرِ الإِنسَانُ مِمَّ خُلِقَ، خُلِقَ مِن مَّاء دَافِقٍ، يَخْرُجُ مِن بَيْنِ الصُّلْبِ وَالتَّرَائِبِ﴾

«ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى. ئۇ مەنى ئۇمۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ.④»

---

① سۈرە ساد: 67 ـ 71 ـ ئايەتلەر.
② يەنى تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىدىن ئەركەك ـ چىشى بولۇپ جەمئىي سەككىز.
③ سۈرە زۇمەر: 6 ـ ئايەت.
④ سۈرە تارىق: 5 ـ 7 ـ ئايەتلەر.

### 3) اللەنىڭ بەندىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىدىكى مۆجىزىلىرى:

﴿وَالأَنْعَامَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَافِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ، وَلَكُمْ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ، وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَى بَلَدٍ لَّمْ تَكُونُواْ بَالِغِيهِ إِلاَّ بِشِقِّ الأَنفُسِ إِنَّ رَبَّكُمْ لَرَؤُوفٌ رَّحِيمٌ، وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾

«اللە چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈنياراتتى، ئۇلار (نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى) نى يەيسىلەر. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىنەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ). ئۇلار يۈك ـ تاقىلىرىڭلارنى سىلەر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر. اللە ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىنەت ئۈچۈن ياراتتى، اللە يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ.[①]»

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعَ طَرَائِقَ وَمَا كُنَّا عَنِ الْخَلْقِ غَافِلِينَ، وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّاهُ فِي الأَرْضِ وَإِنَّا عَلَى ذَهَابٍ بِهِ لَقَادِرُونَ، فَأَنشَأْنَا لَكُم بِهِ جَنَّاتٍ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ لَّكُمْ فِيهَا فَوَاكِهُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ، وَشَجَرَةً تَخْرُجُ مِن طُورِ سَيْنَاء تَنبُتُ بِالدُّهْنِ وَصِبْغٍ لِّلآكِلِينَ، وَإِنَّ لَكُمْ فِي الأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ، وَعَلَيْهَا وَعَلَى الْفُلْكِ تُحْمَلُونَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق، بىز مەخلۇقاتتىن غاپىل ئەمەسمىز. بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز. شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە خورما باغچىلىرى ۋە ئۈزۈم

---

① سۈرە نەھل: 5 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

باغچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق، سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا نۇرغۇن مېۋىلەر بار، ئۇلاردىن يەيسىلەر. شۇ يامغۇر بىلەن تۇرسىنادىن چىقىدىغان (زەيتۇن) دەرىخىنى (ئۆستۈرۈپ بەردۇق)، ئۇنىڭدىن ماي چىقىدۇ، يېگۈچىلەر (نانلىرىنى شۇ ماي بىلەن) مايلايدۇ. چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەر (يەنى سۈتلەر) بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر. ئۇلار (يەنى تۆگە ۋە ئۆكۈزلەر) بىلەن (قۇرۇقلۇقتا)، كېمە بىلەن (دېڭىزدا) يۈك توشۇيسىلەر.①»

﴿الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ مَهْدًا وَجَعَلَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلا لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ، وَالَّذِي نَزَّلَ مِنَ السَّمَاء مَاء بِقَدَرٍ فَأَنشَرْنَا بِهِ بَلْدَةً مَّيْتًا كَذَلِكَ تُخْرَجُونَ، وَالَّذِي خَلَقَ الأَزْوَاجَ كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ الْفُلْكِ وَالأَنْعَامِ مَا تَرْكَبُونَ، لِتَسْتَوُوا عَلَى ظُهُورِهِ ثُمَّ تَذْكُرُوا نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا اسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ وَتَقُولُوا سُبْحانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ، وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾

«اللە سىلەر ئۈچۈن زېمىننى قارارگاھ قىلدى، (سەپەردە كۆزلىگەن يېرىڭلارغا) يېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە زېمىندا نۇرغۇن يوللارنى ياراتتى. اللە بۇلۇتتىن (سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەي، پايدا يەتكۈزىدىغان) ئۆلچەمدە يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن بىز (گىيا ئۈنمەس قاقاس) ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق، سىلەر مۇشۇنداق (يەنى ئۆلۈك يەردىن ئۆسۈملۈك چىقىرىلغاندەك) (قەبرەڭلاردىن) چىقىرىلىسىلەر. اللە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز

① سۈرە مۇئمىنۇن: 17 ـ 22 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز دېگەيسىلەر.①»

﴿اللَّهُ الَّذِي سَخَّرَ لَكُمُ الْبَحْرَ لِتَجْرِيَ الْفُلْكُ فِيهِ بِأَمْرِهِ وَلِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللەنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ اللەنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن) ۋە (اللەغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.②»

﴿وَالْأَرْضَ وَضَعَهَا لِلْأَنَامِ، فِيهَا فَاكِهَةٌ وَالنَّخْلُ ذَاتُ الْأَكْمَامِ، وَالْحَبُّ ذُو الْعَصْفِ وَالرَّيْحَانُ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ﴾

«زېمىننى كىشىلەرنىڭ (پايدىلىنىشى) ئۈچۈن (ياپياڭ) قىلدى. زېمىندا مېۋىلەر، بوغۇنلۇق خورمىلار بار. سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟③»

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾

«اللە سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.④»

4) اللەنىڭ كائىناتنى شېرىكسىز باشقۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مۆجىزىلىرى:

---

① سۈرە زۇخرۇف: 10 ـ 14 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە جاسىيە: 12 ـ ئايەت.
③ سۈرە رەھمان: 10 ـ 13 ـ ئايەتلەر.
④ سۈرە مۇلك: 15 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الأَرْضِ إِلا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا كُلٌّ فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾

«يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى اللە (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، اللە ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر.①»

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُزْجِي سَحَابًا ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُ ثُمَّ يَجْعَلُهُ رُكَامًا فَتَرَى الْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلالِهِ وَيُنَزِّلُ مِنَ السَّمَاء مِن جِبَالٍ فِيهَا مِن بَرَدٍ فَيُصِيبُ بِهِ مَن يَشَاء وَيَصْرِفُهُ عَن مَّن يَشَاء يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِ يَذْهَبُ بِالأَبْصَارِ﴾

«كۆرمەمسەنكى، اللە بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن، اللە ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئۇنى اللە خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ئۇنىڭ (زىيىنىدىن) خالىغان ئادەمنى ساقلايدۇ، چاقماقنىڭ يورۇقى (قارىغۇچىلارنى) كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ.②»

﴿وَاللَّهُ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ جَعَلَكُمْ أَزْوَاجًا وَمَا تَحْمِلُ مِنْ أُنثَى وَلا تَضَعُ إِلا بِعِلْمِهِ وَمَا يُعَمَّرُ مِن مُّعَمَّرٍ وَلا يُنقَصُ مِنْ عُمُرِهِ إِلا فِي كِتَابٍ إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ، وَمَا يَسْتَوِي الْبَحْرَانِ هَذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَائِغٌ شَرَابُهُ وَهَذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ وَمِن كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُونَ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ، يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لأَجَلٍ مُّسَمًّى ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِ مَا يَمْلِكُونَ مِن قِطْمِيرٍ﴾

«اللە سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن ياراتتى. ئاندىن ئابمەنىيدىن پەيدا قىلدى. ئاندىن سىلەرنى (ئەر-

---

① سۈرە ھۇد: 6 ـ ئايەت.

② سۈرە نۇر: 43 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئايالدىن ئىبارەت) بىر جۈپ قىلدى، ھەر قانداق ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى اللەنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن اللەغا ئاسان. ئىككى دېڭىز (يەنى دېڭىز بىلەن دەريا) ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭ (يەنى دەريانىڭ) سۈيى تاتلىق، تەملىك بولۇپ (گالدىن) سىلىق ئۆتىدۇ، بۇ (يەنى دېڭىز) ناھايىتى ئاچچىق، تۇزلۇق، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن يېڭى گۆشلەرنى (يەنى بېلىقلارنى) يەيسىلەر، (دېڭىزدىن) سىلەر تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە ـ مارجانلار) نى چىقىرىسىلەر، اللەنىڭ نېمىتىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن (اللەنىڭ ئەمرى بىلەن يۈك ـ تاق، يېمەك ـ ئىچمەكلەر قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. اللە كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)، اللە كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس.[①]»

﴿قُلْ أَئِنَّكُمْ لَتَكْفُرُونَ بِالَّذِي خَلَقَ الأَرْضَ فِي يَوْمَيْنِ وَتَجْعَلُونَ لَهُ أَندَادًا ذَلِكَ رَبُّ الْعَالَمِينَ، وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ مِن فَوْقِهَا وَبَارَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا فِي أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَاء لِّلسَّائِلِينَ، ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاء وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلأَرْضِ اِئْتِيَا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ، فَقَضَاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ فِي يَوْمَيْنِ وَأَوْحَى فِي كُلِّ سَمَاء أَمْرَهَا وَزَيَّنَّا السَّمَاء الدُّنْيَا بِمَصَابِيحَ وَحِفْظًا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾

«(ئۇلارغا) سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللەنى ئىنكار

① سۈرە فاتىر: 11 ـ 13 ـ ئايەتلەر.

قىلالامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار) دېدى. ئىككىلىسى ئىختىيارىي كەلدۇق دېدى. اللە يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ تەقدىرىدۇر.[1]»

﴿يَسْأَلُهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِي شَأْنٍ﴾

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە اللەدىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە اللەغا مۇھتاجدۇر)، اللە ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر (يەنى اللە ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۆلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ).[2]»

﴿كَتَبَ اللَّهُ لأَغْلِبَنَّ أَنَا وَرُسُلِي إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾

«اللە (لەۋھۇلمەھپۇزغا): "مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم

① سۈرە فۇسسىلەت: 9 ـ 12 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە رەھمان: 29 ـ ئايەت.

غەلىبە قىلىمىز” دەپ يازدى، اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.“①»

5) ئەلچىلەرنى مۆجىزىلەر ئارقىلىق قوللىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتلىرى:

﴿وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَا مُوسَى، قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّأُ عَلَيْهَا وَأَهُشُّ بِهَا عَلَى غَنَمِي وَلِيَ فِيهَا مَآرِبُ أُخْرَى، قَالَ أَلْقِهَا يَا مُوسَى، فَأَلْقَاهَا فَإِذَا هِيَ حَيَّةٌ تَسْعَى، قَالَ خُذْهَا وَلَا تَخَفْ سَنُعِيدُهَا سِيرَتَهَا الْأُولَى، وَاضْمُمْ يَدَكَ إِلَى جَنَاحِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاء مِنْ غَيْرِ سُوءٍ آيَةً أُخْرَى، لِنُرِيَكَ مِنْ آيَاتِنَا الْكُبْرَى، اذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَى﴾

«ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ مۇسا ئېيتتى: ”ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار“. اللە: ”ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن“ دېدى. مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى. اللە ئېيتتى: ”ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز. قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب- نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق) بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر. ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز. پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى.“②»

﴿إِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسى ابْنَ مَرْيَمَ اذْكُرْ نِعْمَتِي عَلَيْكَ وَعَلَى وَالِدَتِكَ إِذْ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ الْقُدُسِ تُكَلِّمُ النَّاسَ فِي الْمَهْدِ وَكَهْلاً وَإِذْ عَلَّمْتُكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتَّوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ الطِّينِ كَهَيْئَةِ الطَّيْرِ بِإِذْنِي فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًا بِإِذْنِي وَتُبْرِىءُ الأَكْمَهَ وَالأَبْرَصَ بِإِذْنِي وَإِذْ تُخْرِجُ الْمَوتَى بِإِذْنِي وَإِذْ كَفَفْتُ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَنكَ إِذْ جِئْتَهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْهُمْ إِنْ هَذَا إِلاَّ سِحْرٌ مُّبِينٌ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا اللە ئېيتتى: ”ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە

① سۈرە مۇجادەلە: 21 ـ ئايەت.
② سۈرە تاھا: 17 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

(پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زامانىدا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ ـ دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: ‹بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر› دېدى".①»

﴿يَا زَكَرِيَّا إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى لَمْ نَجْعَل لَّهُ مِن قَبْلُ سَمِيًّا، قَالَ رَبِّ أَنَّى يَكُونُ لِي غُلَامٌ وَكَانَتِ امْرَأَتِي عَاقِرًا وَقَدْ بَلَغْتُ مِنَ الْكِبَرِ عِتِيًّا، قَالَ كَذَلِكَ قَالَ رَبُّكَ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٌ وَقَدْ خَلَقْتُكَ مِن قَبْلُ وَلَمْ تَكُ شَيْئًا﴾

«(اللە ئېيتتىكى): "ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسمداش قىلمىدۇق". زەكەرىيا ئېيتتى: "ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن؟". (نىدا قىلغان پەرىشتە) ئېيتتى: "ئىش ئەنە شۇنداقتۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ‹بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، سېنى مەن ياراتتىم، ھالبۇكى سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغاندەك، يەھيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)› ".②»

﴿قَالُوا حَرِّقُوهُ وَانصُرُوا آلِهَتَكُمْ إِن كُنتُمْ فَاعِلِينَ، قُلْنَا يَا نَارُ كُونِي بَرْدًا وَسَلَامًا عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَأَرَادُوا بِهِ كَيْدًا فَجَعَلْنَاهُمُ الأَخْسَرِينَ﴾

---

① سۈرە مائىدە: 110 ـ ئايەت.
② سۈرە مەريەم: 7 ـ 9 ـ ئايەتلەر.

«ئۇلار ئېيتتى: ”ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار. بىز ئوتقا: ”ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن“ دېدۇق. ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق.[1]»

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ مِنَّا فَضْلًا يَا جِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُ وَالطَّيْرَ وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ، أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

«بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق. ”ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار“ (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق): ”مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن، (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن.“[2]»

﴿وَلِسُلَيْمَانَ الرِّيحَ غُدُوُّهَا شَهْرٌ وَرَوَاحُهَا شَهْرٌ وَأَسَلْنَا لَهُ عَيْنَ الْقِطْرِ وَمِنَ الْجِنِّ مَن يَعْمَلُ بَيْنَ يَدَيْهِ بِإِذْنِ رَبِّهِ وَمَن يَزِغْ مِنْهُمْ عَنْ أَمْرِنَا نُذِقْهُ مِنْ عَذَابِ السَّعِيرِ، يَعْمَلُونَ لَهُ مَا يَشَاء مِن مَّحَارِيبَ وَتَمَاثِيلَ وَجِفَانٍ كَالْجَوَابِ وَقُدُورٍ رَّاسِيَاتٍ اعْمَلُوا آلَ دَاوُودَ شُكْرًا وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ﴾

«سۇلەيمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى

[1] سۈرە ئەنبىيا: 68 ـ 70 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە سەبەئ: 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۈلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز. ئۇلار سۈلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، (ئېيتتۇقكى) ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (اللەنىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز.[1]»

### 2 ـ اللەنىڭ ئىنسانىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش:

﴿وَمَا تَكُونُ فِي شَأْنٍ وَمَا تَتْلُو مِنْهُ مِنْ قُرْآنٍ وَلا تَعْمَلُونَ مِنْ عَمَلٍ إِلا كُنَّا عَلَيْكُمْ شُهُوداً إِذْ تُفِيضُونَ فِيهِ وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الأَرْضِ وَلا فِي السَّمَاءِ وَلا أَصْغَرَ مِنْ ذَلِكَ وَلا أَكْبَرَ إِلا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾

«سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى اللەنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر.[2]»

﴿وَإِنْ تَجْهَرْ بِالْقَوْلِ فَإِنَّهُ يَعْلَمُ السِّرَّ وَأَخْفَى﴾

«ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، اللەنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.[3]»

---

[1] سۈرە سەبەئ: 12 ـ 13 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس: 61 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تاھا: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِنْ تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ فَتَكُنْ فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾

«(لوقمان ئېيتتى): ”ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. “[①]»

﴿يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ السَّمَاء وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا وَهُوَ الرَّحِيمُ الْغَفُورُ، وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لا تَأْتِينَا السَّاعَةُ قُلْ بَلَى وَرَبِّي لَتَأْتِيَنَّكُمْ عَالِمِ الْغَيْبِ لا يَعْزُبُ عَنْهُ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلا فِي الأَرْضِ وَلا أَصْغَرُ مِن ذَلِكَ وَلا أَكْبَرُ إِلا فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ، لِيَجْزِيَ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُوْلَئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ، وَالَّذِينَ سَعَوْا فِي آيَاتِنَا مُعَاجِزِينَ أُوْلَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مِّن رِّجْزٍ أَلِيمٌ﴾

«الله زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان (يەنى يامغۇر، كان ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش) نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان (پەرىشتە، يامغۇر، ئەجەل، رىزىق قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان (ياخشى ئەمەللەر، مەقبۇل دۇئالار قاتارلىق) نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. كاپىرلار: بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ دەيدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ، الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە اللەدىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە) دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق.

① سۈرە لوقمان: 16 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

(ئۇلارنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇلار مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.①»

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَا يَكُونُ مِنْ نَجْوَى ثَلاثَةٍ إِلا هُوَ رَابِعُهُمْ وَلا خَمْسَةٍ إِلا هُوَ سَادِسُهُمْ وَلا أَدْنَى مِنْ ذَلِكَ وَلا أَكْثَرَ إِلا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا ثُمَّ يُنَبِّئُهُمْ بِمَا عَمِلُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«اللەنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، اللە ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، اللە ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، اللە ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى اللە ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.②»

﴿إِنَّهُ يَعْلَمُ الْجَهْرَ وَمَا يَخْفَى﴾

«اللە (بەندىلەرنىڭ) ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى) بىلىپ تۇرىدۇ.③»

## 3 ـ ئىنساننىڭ قەلبىنى اللەنى ئەسلەشكە يۈزلەندۈرۈش:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾

① سۇرە سەبەئ: 2 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
② سۇرە مۇجادەلە: 7 ـ ئايەت.
③ سۇرە ئەئلا: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).[1]»

﴿ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعاً وَخُفْيَةً إِنَّهُ لا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾

«پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلىسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، تۇۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ.[2]»

﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾

«(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.[3]»

﴿فِي بُيُوتٍ أَذِنَ اللَّهُ أَن تُرْفَعَ وَيُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ يُسَبِّحُ لَهُ فِيهَا بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ، رِجَالٌ لا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلاةِ وَإِيتَاء الزَّكَاةِ يَخَافُونَ يَوْمًا تَتَقَلَّبُ فِيهِ الْقُلُوبُ وَالأَبْصَارُ، لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا وَيَزِيدَهُم مِّن فَضْلِهِ وَاللَّهُ يَرْزُقُ مَن يَشَاء بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾

«اللەنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۇئمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى اللەنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە

① سۈرە بەقەر: 186 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 55 ـ ئايەت.
③ سۈرە رەئد: 28 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ. اللەنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بەرسۇن دەپ (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ) الله خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.①»

﴿اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ﴾

«الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن اللەنىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى اللەنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) اللەنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (الله) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، الله ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.②»

﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾

«پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: "ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن. "③»

**4 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى:**

بۇ قىسسىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن سۈرىلىرىدە بولۇپمۇ،

---

① سۈرە نۇر: 36 ـ 38 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە زۇمەر: 23 ـ ئايەت.
③ سۈرە غافىر: 60 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

سۈرە ئەئراف، سۈرە يۇنۇس، سۈرە ھۇد، سۈرە مەريەم، سۈرە تاھا، سۈرە ئەنبىيا، سۈرە شۇئەرا، سۈرە نەمل ۋە سۈرە قەسەستە كۆپرەك سۆزلىنىدۇ. قۇرئاندىكى بۇ سۈرىلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇسىڭىز، بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇشنىڭ تولىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ، سۈرە ئەئراف، سۈرە ھۇد، ۋە سۈرە شۇئەرادا قۇرئان كەرىمنىڭ بىزنىڭ نەزىرىمىزنى بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدىكى مۇئەييەن ئىشلارغا قارىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز:

بىرىنچى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوق» دېگەن بىرلا دەۋەتنى ئېلىپ كەلدى. بۇ بىزگە اللەنىڭ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبىنىڭ «ئىنسانلارنىڭ اللەنىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ياراتقۇچىسىنى تونۇتۇش» ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قەۋمىنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇلار خورلاشقا، ئەزىيەتكە، ئۆلتۈرۈلۈش ۋە يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش ۋە تەھدىت سېلىنىشلارغا دۇچ كەلدى. بىراق، ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىدىن ۋە دەۋىتىدىن ۋاز كەچمىدى. مانا بۇ، بىزلەرگە ئەقىدىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئىنسان ئۇنىڭ يولىدا ھەرقانچە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى: ئۇلار ئىنكار قىلىشقا ۋە خورلىنىشقا ئۇچرىغان چاغدا ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلدى. قەۋمىنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىنى شىكايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلدى. اللهدىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشنى، ئۆزلىرىنى ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى قۇتۇلدۇرۇشنى سورىدى. بىراق، ئۇلار ئەزىيەتلەرگە سەبىر قىلدى، مەيداننى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. مانا بۇ، بىزلەرگە مۇئمىننىڭ قىيىنچىلىق ۋاقتىدا اللهغا قايتىدىغانلىقىنى، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن اللهغا دۇئا قىلىدىغانلىقىنى، بىراق، مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقىنى ۋە اللهنىڭ غەلىبىسى كېلىپ بولغۇچە سەبىر قىلىپ، ئاجىزلاپ ۋە بوشىشىپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى: الله ھەرۋاقىت ئەلچىلىرىگە ۋە مۇشەققەتلەرگە سەبىرى قىلغان ۋە ئەقىدىلىرىنى قوغدىغان ۋە ئەقىدىسىدىن مەڭگۈ ۋاز كەچمىگەن مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ، بىزگە قىيىنچىلىقلار ھەرقانچە كۈچىيىپ كەتسىمۇ، مەڭگۈ اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىزنى، الله بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلىغان، اللهنىڭ بۇيرۇقىنى توغرا ئىجرا قىلغان ۋە اللهنىڭ ھىدايىتىگە ئەگەشكەن ھالدا قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دائىم اللهغا تەلپۈنىشىمىزنى ئۆگىتىدۇ.

بەشىنچى: قىسسىلەردە باشقا ئىبرەتمۇ بار؛ يەنى، باتىل ئەھلى زېمىندا مەلۇم ۋاقىت ئىنتايىن قۇدرەتلىك ۋە ھەممە ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە، الله ئۇلارغا مۆھلەت بېرىۋاتىدۇ. بىراق، الله ئۇلارنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن قويۇۋەتمەيدۇ. ئەبى مۇسا ئەشئەرى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله زالىمغا بىر مەزگىل مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇنى جازالىغان چاغدا ئۇنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيدۇ[①]» . ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

① بۇخارى ئەبۇ مۇسادىن رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ﴾

«ئەگەر، پەرۋەردىگارىڭ زالىم كەنت ئاھالىسىنى جازالىسا، ئەنە شۇنداق جازالايدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

تۆۋەندە، قۇرئان كەرىم قىسسىلىرىدىن بىر قىسىم نەمۇنىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى!.

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ فَقَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ إِنِّيَ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ، قَالَ الْمَلأُ مِن قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ، قَالَ يَا قَوْمِ لَيْسَ بِي ضَلاَلَةٌ وَلَكِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ الْعَالَمِينَ، أُبَلِّغُكُمْ رِسَالاَتِ رَبِّي وَأَنصَحُ لَكُمْ وَأَعْلَمُ مِنَ اللهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ، أَوَعَجِبْتُمْ أَن جَاءكُمْ ذِكْرٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَلَى رَجُلٍ مِّنكُمْ لِيُنذِرَكُمْ وَلِتَتَّقُواْ وَلَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ، فَكَذَّبُوهُ فَأَنجَيْنَاهُ وَالَّذِينَ مَعَهُ فِي الْفُلْكِ وَأَغْرَقْنَا الَّذِينَ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا إِنَّهُمْ كَانُواْ قَوْماً عَمِينَ﴾

«شەك شۈبھىسىزكى، نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: ”ئى قەۋمىم! اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن“ دېدى. قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: ”بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرۈمىز“ دېدى. نۇھ ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن اللهنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن. سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (كۇفرىدىن) ساقلىنىشىڭلار ۋە اللهنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كېلىشىدىن

ئەجەبلىنەمسىلەر؟“. ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى، نۇھنى ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈنلەي (سۇغا) غەرق قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ھەقنى كۆرۈشتىن دىللىرى) كور قەۋم ئىدى.①»

﴿وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٌ مُّجِيبٌ، قَالُواْ يَا صَالِحُ قَدْ كُنتَ فِينَا مَرْجُوًّا قَبْلَ هَذَا أَتَنْهَانَا أَن نَّعْبُدَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِي شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَا إِلَيْهِ مُرِيبٍ، قَالَ يَا قَوْمِ أَرَأَيْتُمْ إِن كُنتُ عَلَى بَيِّنَةً مِّن رَّبِّي وَآتَانِي مِنْهُ رَحْمَةً فَمَن يَنصُرُنِي مِنَ اللهِ إِنْ عَصَيْتُهُ فَمَا تَزِيدُونَنِي غَيْرَ تَخْسِيرٍ، وَيَا قَوْمِ هَذِهِ نَاقَةُ اللهِ لَكُمْ آيَةً فَذَرُوهَا تَأْكُلْ فِي أَرْضِ اللهِ وَلاَ تَمَسُّوهَا بِسُوءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابٌ قَرِيبٌ، فَعَقَرُوهَا فَقَالَ تَمَتَّعُواْ فِي دَارِكُمْ ثَلاَثَةَ أَيَّامٍ ذَلِكَ وَعْدٌ غَيْرُ مَكْذُوبٍ، فَلَمَّا جَاء أَمْرُنَا نَجَّيْنَا صَالِحًا وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ بِرَحْمَةٍ مِّنَّا وَمِنْ خِزْيِ يَوْمِئِذٍ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ الْقَوِيُّ الْعَزِيزُ، وَأَخَذَ الَّذِينَ ظَلَمُواْ الصَّيْحَةُ فَأَصْبَحُواْ فِي دِيَارِهِمْ جَاثِمِينَ، كَأَن لَّمْ يَغْنَوْاْ فِيهَا أَلاَ إِنَّ ثَمُودَ كَفرُواْ رَبَّهُمْ أَلاَ بُعْدًا لِّثَمُودَ﴾

«سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى، اللهدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر“. ئۇلار: ”ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز“ دېيىشتى. سالىھ ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى

① سۈرە ئەئراف: 59 ـ 64 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

(يەنــى پەيغەمبەرلىــك)گە ســازاۋەر بولســام، شــۇنداق تۇرۇقلــۇق اللەغــا قارشــىلىق قىلسام، اللەنىــڭ ئازابىــدىن مېنــى كىــم قۇتقۇزىــدۇ؟ (مېنــى ئۆزۈڭلارغــا ئەگىشىشــكە دەۋەت قىلىــش بىــلەن) ماڭــا پەقەت زىيانــدىن باشقىسىنى زىيادە قىلالمايسىلەر. ئى قەۋمىم! بۇ الله (بىۋاسىتە) ياراتقان چىشــى تــۆگە ســىلەرگە مېنىــڭ مۆجىزەمــدۇر، ئــۇنى اللەنىــڭ زېمىنىغــا قويــۇۋېتىڭلار، ئىختىيــارى ئوتلىســۇن، ئۇنىڭغــا زىيــان زەخــمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات كېلىدىغان ئــازاب هــالاك قىلىــدۇ“. ئــۇلار چىشــى تــۆگىنى بوغۇزلىــدى، ســالىھ ئېيتتــى: ”ئۆيــۈڭلاردا (هاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس “. بىزنىــڭ (ئــازاب قىلىــش) ئەمرىمىــز كەلگەنــدە، ســالىھنى ۋە ئۇنىــڭ بىــلەن بىلــلە ئىمــان ئېيتقــانلارنى رەھمىتىمىــز بىــلەن شــۇ كۈننىــڭ شــەرمەندىچىلىكىدىن قۇتقــۇزدۇق، پەرۋەردىگارىــڭ ھەقــقەتەن كۈچلۈكتــۇر، غــالىبتۇر. زالىملارغــا قــاتتىق ئــاۋاز يۈزلەنــدى ـ دە، ئــۇلار ئۆيلىرىــدە ئولتۇرغــان پېتــى قېتىــپ قالــدى. گويــا ئــۇلار ئۆيلىرىــدە تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغانــدەك) بولــۇپ قالــدى، بىلىڭلاركــى، ســەمۇد پەرۋەردىگــارىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد هالاك بولسۇن.[1]»

﴿أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَأُ الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَالَّذِينَ مِن بَعْدِهِمْ لاَ يَعْلَمُهُمْ إِلاَّ اللّهُ جَاءتْهُمْ رُسُلُهُم بِالْبَيِّنَاتِ فَرَدُّواْ أَيْدِيَهُمْ فِي أَفْوَاهِهِمْ وَقَالُواْ إِنَّا كَفَرْنَا بِمَا أُرْسِلْتُم بِهِ وَإِنَّا لَفِي شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَنَا إِلَيْهِ مُرِيبٍ، قَالَتْ رُسُلُهُمْ أَفِي اللهِ شَكٌّ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ يَدْعُوكُمْ لِيَغْفِرَ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرَكُمْ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى قَالُواْ إِنْ أَنتُمْ إِلاَّ بَشَرٌ مِّثْلُنَا تُرِيدُونَ أَن تَصُدُّونَا عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ آبَآؤُنَا فَأْتُونَا بِسُلْطَانٍ مُّبِينٍ، قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن نَّحْنُ إِلاَّ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَكِنَّ اللهَ يَمُنُّ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ وَمَا كَانَ لَنَا أَن نَّأْتِيَكُم بِسُلْطَانٍ إِلاَّ بِإِذْنِ اللهِ وَعلَى اللهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ، وَمَا لَنَا أَلاَّ نَتَوَكَّلَ عَلَى اللهِ وَقَدْ هَدَانَا سُبُلَنَا وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَى مَا آذَيْتُمُونَا وَعَلَى اللهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ، وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُواْ لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُم مِّنْ أَرْضِنَآ أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ لَنُهْلِكَنَّ الظَّالِمِينَ، وَلَنُسْكِنَنَّكُمُ الأَرْضَ

[1] سۇرە ھۇد: 61 ـ 68 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مِن بَعْدِهِمْ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَافَ مَقَامِي وَخَافَ وَعِيدِ﴾

«سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن، (سانىنى) پەقەت اللە بىلىدىغان ئۇممەتلەرنىڭ خەۋىرى سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، ئۇلار قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ (يەنى ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى كۆرسىتىپ): ”بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلە دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشقا ھەقىقەتەن زور گۇماندىمىز “ دېدى. پەيغەمبەرلىرى: ”ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى اللەنىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟ اللە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى (ئىمانغا) دەۋەت قىلىدۇ، سىلەرنى (جازالاشنى) مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلىڭلار يەتكۈچە) تەخىر قىلىدۇ “ دېدى. ئۇلار: ”سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان (بۇتلار) غا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسماقچى بولىسىلەر، (راستلىقىڭلار ئۈچۈن) بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار “ دېدى. پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: ”بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمىز، لېكىن اللە بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) مەرھەمەت قىلىدۇ، اللەنىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز، مۇئمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر اللەغىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى اللەغا تاپشۇرسۇن)، اللە بىزنى (بىز تونۇيدىغان) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا اللەغا تەۋەككۇل قىلمايلى؟ بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىڭلارغا، ئەلۋەتتە، سەۋر قىلىمىز، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت اللەغا تەۋەككۇل قىلسۇن “ دېدى. كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: ”سىلەرنى زېمىنىدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك

" دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيى قىلدى: "زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز. ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر. "①»

﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ إِبْرَاهِيمَ، إِذْ قَالَ لأَبِيهِ وَقَوْمِهِ مَا تَعْبُدُونَ، قَالُوا نَعْبُدُ أَصْنَامًا فَنَظَلُّ لَهَا عَاكِفِينَ، قَالَ هَلْ يَسْمَعُونَكُمْ إِذْ تَدْعُونَ، أَوْ يَنفَعُونَكُمْ أَوْ يَضُرُّونَ، قَالُوا بَلْ وَجَدْنَا آبَاءنَا كَذَلِكَ يَفْعَلُونَ، قَالَ أَفَرَأَيْتُم مَّا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ، أَنتُمْ وَآبَاؤُكُمُ الأَقْدَمُونَ، فَإِنَّهُمْ عَدُوٌّ لِّي إِلا رَبَّ الْعَالَمِينَ، الَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهْدِينِ، وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ، وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ، وَالَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحْيِينِ، وَالَّذِي أَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّينِ، رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ، وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الآخِرِينَ، وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ، وَاغْفِرْ لأَبِي إِنَّهُ كَانَ مِنَ الضَّالِّينَ، وَلا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ، يَوْمَ لا يَنفَعُ مَالٌ وَلا بَنُونَ، إِلا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ، وَأُزْلِفَتِ الْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ، وَبُرِّزَتِ الْجَحِيمُ لِلْغَاوِينَ، وَقِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ، مِن دُونِ اللَّهِ هَلْ يَنصُرُونَكُمْ أَوْ يَنتَصِرُونَ، فَكُبْكِبُوا فِيهَا هُمْ وَالْغَاوُونَ، وَجُنُودُ إِبْلِيسَ أَجْمَعُونَ، قَالُوا وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ، تَاللَّهِ إِن كُنَّا لَفِي ضَلالٍ مُّبِينٍ، إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ الْعَالَمِينَ، وَمَا أَضَلَّنَا إِلا الْمُجْرِمُونَ، فَمَا لَنَا مِن شَافِعِينَ، وَلا صَدِيقٍ حَمِيمٍ، فَلَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ، إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ، وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ﴾

«ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: "نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ " دېدى. ئۇلار: "بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز، بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرىمىز " دېيىشتى. ئىبراھىم ئېيتتى: "دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار (دۇئايىڭلارنى ئاڭلامدۇ؟). يا سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ يا زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟ ". ئۇلار ئېيتتى: "ئۇنداق ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق ". ئىبراھىم ئېيتتى: "ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟ سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ ئۇلار (يەنى بۇتلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ

① سۈرە ئىبراھىم: 9 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

پەرۋەردىگارىمدۇر). ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ. ئۇ مېنى قەبزى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن. ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن گۇمراھلاردىن بولدى ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن ". ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (اللەنىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ. جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرستىلىدۇ. ئۇلارغا: "سىلەر ئىلگىرى اللەنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ " دېيىلىدۇ. بۇتلار، گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى- ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ. ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: "اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق. بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق. ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق. ئەگەر بىزگە (دۇنياغا) قايتىشقا مۇمكىن بولسا ئىدى، بىز مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق". شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (يەنى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسىدە) (ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ

تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.[1]»

﴿وَعَادًا وَثَمُودَ وَقَد تَّبَيَّنَ لَكُم مِّن مَّسَاكِنِهِمْ وَزَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَكَانُوا مُسْتَبْصِرِينَ، وَقَارُونَ وَفِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَلَقَدْ جَاءَهُم مُّوسَى بِالْبَيِّنَاتِ فَاسْتَكْبَرُوا فِي الْأَرْضِ وَمَا كَانُوا سَابِقِينَ، فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنبِهِ فَمِنْهُم مَّنْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِ حَاصِبًا وَمِنْهُم مَّنْ أَخَذَتْهُ الصَّيْحَةُ وَمِنْهُم مَّنْ خَسَفْنَا بِهِ الْأَرْضَ وَمِنْهُم مَّنْ أَغْرَقْنَا وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَكِن كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾

«ئادنى ۋە سەمۇدنى (ھالاك قىلدۇق)، (ئى ئەھلى مەككە!) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ (ھىجازدىكى، يەمەندىكى) تۇرالغۇ جايلىرىدىن ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىقى مەلۇم بولدى، شەيتان ئۇلارغا (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن ئىبارەت) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ئەقىل ئىگىلىرى ئىدى. (بىراق، ئۇلار تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئەقلىنى جايىدا ئىشلەتمىدى). (دۇنيا ـ دەپىنىسى ئۇرغۇن) قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ زۇلۇمىدا ياردەمچى بولغان ۋەزىرى) ھاماننى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلار زېمىندا چوڭچىلىق قىلدى (يەنى اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن بويۇنتاۋلۇق قىلدى)، ئۇلار (ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمىدى. (بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق تاۋۇش ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق، الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.[2]»

﴿وَاذْكُرْ أَخَا عَادٍ إِذْ أَنذَرَ قَوْمَهُ بِالْأَحْقَافِ وَقَدْ خَلَتِ النُّذُرُ مِن بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ إِنِّي

---

① سۈرە شۇئەرا: 69 ـ 104 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئەنكەبۇت: 38 ـ 40 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ، قَالُوا أَجِئْتَنَا لِتَأْفِكَنَا عَنْ آلِهَتِنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَا إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ، قَالَ إِنَّمَا الْعِلْمُ عِندَ اللَّهِ وَأُبَلِّغُكُم مَّا أُرْسِلْتُ بِهِ وَلَكِنِّي أَرَاكُمْ قَوْمًا تَجْهَلُونَ، فَلَمَّا رَأَوْهُ عَارِضًا مُّسْتَقْبِلَ أَوْدِيَتِهِمْ قَالُوا هَذَا عَارِضٌ مُّمْطِرُنَا بَلْ هُوَ مَا اسْتَعْجَلْتُم بِهِ رِيحٌ فِيهَا عَذَابٌ أَلِيمٌ، تُدَمِّرُ كُلَّ شَيْءٍ بِأَمْرِ رَبِّهَا فَأَصْبَحُوا لا يُرَى إِلا مَسَاكِنُهُمْ كَذَلِكَ نَجْزِي الْقَوْمَ الْمُجْرِمِينَ، وَلَقَدْ مَكَّنَّاهُمْ فِيمَا إِن مَّكَّنَّاكُمْ فِيهِ وَجَعَلْنَا لَهُمْ سَمْعًا وَأَبْصَارًا وَأَفْئِدَةً فَمَا أَغْنَى عَنْهُمْ سَمْعُهُمْ وَلا أَبْصَارُهُمْ وَلا أَفْئِدَتُهُم مِّن شَيْءٍ إِذْ كَانُوا يَجْحَدُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِؤُون﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئادنىڭ قېرىندىشى (يەنى ھۇد ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەھقاف (دېگەن يەر)دىكى قەۋمىنى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇردى، ئۇنىڭدىن (يەنى ھۇدتىن) ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. ئۇ (يەنى ھۇد) (قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ) ئېيتتى: ”سىلەر پەقەت اللەغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (اللەدىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلساڭلار) بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن“. ئۇلار: ”(ئى ھۇد!) سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر سەن (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرگىن“ دېدى. ئۇ: ”(سىلەرگە ئازابنىڭ قاچان كېلىشىنى) پەقەت اللە بىلىدۇ، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن نەرسىنى تەبلىغ قىلىمەن ۋە لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرىمەن“ دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ: ”مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر“ دېيىشتى. (ھۇد ئېيتتى): ”ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر بالدۇرراق ئىشقا ئېشىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ بىر بوران بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بار. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بىر ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىدۇ“. (ئەمەلىيەتتە بوران كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جايلىرىنىڭ (يەنى

تۇرغان ماكانلىرىنىڭ ئىزىدىن) باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى، گۇناھكار قەۋمنى مۇشۇنداق جازالايمىز. بىز ئۇلارنى (يەنى ئاد قەۋمىنى) (پۇل ـ مال، كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە) سىلەرنى قادىر قىلمىغان نەرسىلەرگە قادىر قىلدۇق. (ئۇلارنىڭ شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى ئاللاھنى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلاردىن (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى.[①]»

**5 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى:**

قۇرئان كەرىم مۇئمىنلەرنىڭ خىسلەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى ئىپادىلەيدىغان چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىكى ئىماننىڭ تەسىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ چىرايلىق كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىزدە ئەمەللىشىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن، بۇ كۆرۈنۈشلەر بىزگە مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشىمىزنى ياخشى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاپىرلارنىڭ يىرگىنىشلىك كۆرۈنۈشلىرى، قەبىھ سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرىنى، ئاللاھدىن يىراقلىشىشىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ۋە ئەمەلىي ئىش ھەرىكەتلىرىدىكى تەسىرلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىغا ۋە غەزىپىگە ئۇچرىماسلىقىمىز ئۈچۈن بىزنى ئۇلاردىن نەپرەتلەندۈرىدۇ، ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشنى بىزگە يامان كۆرسىتىدۇ.

---

① سۈرە ئەھقاف: 21 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇ خىلدىكى تەسۋىرلەش ۋە سۈپەتلەر قۇرئاندا ئىنتايىن كۆپ. چۈنكى، بۇ كۆرۈنۈشلەردە اللە بىزنى تەبىئىتىمىزنىڭ ساغلام، ھەرىكىتىمىز ۋە ئەھۋالىمىزنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تەربىيىلەيدىغان تەربىيىۋى دەرسلەر بار.

تۆۋەندە بۇ ئايەتلەردىن بىر قىسىم نەمۇنىلەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز!.

﴿أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ، الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَلاَ يِنقُضُونَ الْمِيثَاقَ، وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الحِسَابِ، وَالَّذِينَ صَبَرُواْ ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً وَيَدْرَؤُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُوْلَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ، جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالمَلاَئِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ، سَلاَمٌ عَلَيْكُم بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللەنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ ئەھدىگە (يەنى اللە تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اللەنىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اللەدىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (اللە يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرىپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇئاسىۋەتتە بولىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ. ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىقلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) سەۋرىنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان! دەيدۇ①».

مانا بۇ ئايەتلەر مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق باشلىنىدۇ. بۇ ئايەتلەردىن ئۇلارنىڭ سۈپىتى، ھاياتى ۋە ئىدىيۋى پىرىنسىپلاردا بىر ـ بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇرئان مۇئمىنلەرنى «پەيغەمبەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر» دەپ سۈپەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا كاپىرلارنى «كور» دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئاندىن تۆۋەندىكى بۇ ئىنكارى (ئۇنىڭ جاۋابى دائىم «ياق» بولىدىغان) سۇئالنى سورايدۇ.

﴿أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى﴾

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟» بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى «ياق!» بولۇشى مۇقەرەر. چۈنكى، كىممۇ كور ئادەم كۆزى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن ۋە بىلىدىغان ئادەم بىلمەيدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاش دېيەلىسۇن؟

قۇرئاننىڭ گۈزەل ئىپادىلەشلىرى بىزگە قۇرئان كەرىم ۋە ۋەھيىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ تۈز يولدىكى نۇر ئۈستىدە ماڭىدىغان، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرگەنلىكى ئۈچۈن

① سۈرە رەئد: 19 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قالايمىقان ماڭمايدىغان كۆزى ئوچۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەھيىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئەگەشمەيدىغان كىشىنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يولدا قالايمىقان ماڭىدىغان قارىغۇ ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتتۇر.

مۇئمىن ـ ئىماننىڭ ئىلھامى ئارقىلىق ـ ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى غايىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن قايسى يولدا مېڭىش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ غايىسى اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتۇر. اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى ياخشى ئەمەل ۋە اللەنىڭ بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت. بىراق، كاپىر ئۆزىنى كۆتۈپ تۇرىۋاتقان ئاخىرەتتىن بىخۇد ھالەتتە كۆز ئالدىدىكى شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا «پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ» دېگەن خۇلاسە كېلىدۇ. ئەقلى بار كىشىلەر ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلاردىن باشقىلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالمايدۇ ۋە ئىبرەت ئالمايدۇ. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى بىزگە يەنە بىر قېتىم كاپىرلارنىڭ ئەقىل ئىگىلىرى ئەمەسلىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئەقىلسىز مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، كاپىرلار اللەنىڭ ئۇلارغا پىكىر قىلىشى، ئويلىنىشى ئۈچۈن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت ھەقىقىتىنى بىلىشى ئۈچۈن بەرگەن بۇ ئەقلى بىلەن پىكىر قىلمايدۇ.

﴿إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ، الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللهِ وَلاَ يِنقُضُونَ الْمِيثَاقَ﴾

«(اللەنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئالىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ ئەھدىگە (يەنى اللە تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ» . ئەقىل ئىگىلىرى بولسا ئايەت ئۇلارنى «اللە پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن كىشىلەردۇر. لېكىن ئىككىنچى ئايەت بىزگە ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلىنغىنى پەقەت قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشلامۇ؟ اللەنىڭ دەرگاھىدا پەقەت مۇشۇلا يېتەرلىكمۇ؟ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەر بىزگە بۇ ئىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىكى، پىكرىدىكى ۋە ھېس-تۇيغۇسىدىكى تەسىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەرنى اللە «ئۇلار اللەنىڭ ئەھدىسىگە (يەنى اللە تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

ئۇنداقتا، ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلىنغىنى پەقەت بىلىشلا ئەمەس. بەلكى، بۇ خىل بىلىشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا تەسىرى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىلىشنىڭ تەسىرى بولمىسا، ئۇ مەنىسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، بىلىش بىلەن بىلمەسلىكنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولماي قالىدۇ.

قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەر سۈپەتلەنگەن ئەڭ چوڭ سۈپەت بولسا ئۇلارنىڭ اللەغا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقى ۋە ۋەدىسىنى بۇزمايدىغانلىقىدۇر. ئايەت مۇئەييەن ئەھدە ۋە مۇئەييەن ۋەدە بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى، اللە بىلەن بولغان ھەرقانداق ئەھدە ۋە ۋەدىنى ئۆز-ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ چوڭ ئەھدە بولسا، اللە ئىنسان تەبىئىتىگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەن «شېرىكسىز، يەككە-يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش» ئەھدىسىدۇر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ :مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ دېدى. (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار : ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق دېدى.[1]»

ياسىن سۈرىسىدە سۆزلەنگەن ئەھدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ، وَأَنْ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ﴾

«سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق) :ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟[2]»

مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى ئۇلارنىڭ اللەنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقى ۋە ئەھدىنى بۇزمايدىغانلىقى بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. بەلكى، ئايەت ئۇلارنى باشقا چىرايلىق سۈپەتلەر بىلەن داۋاملىق سۈپەتلەيدۇ. «ئۇلار اللەنىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىش ھەققىدىكى ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ ۋە قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ.»

«ئۇلار اللەنىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىش ھەققىدىكى ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ» ، يەنى اللە ئۇلاشقا بۇيرىغان ھەر قانداق مۇناسىۋەتنى ئۇلايدۇ. چۈنكى، ئايەتتىكى «نەرسە» دېگەن سۆز

---

① سۈرە ئەئراف: 172 ـ ئايەت.
② سۈرە ياسىن: 60 ـ 61 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئومۇمى بىر مەنـانى ئىپادىلەيـدۇ. چەك ـ چېگـرا ئايرىماسـتىن مۇشـۇنداق ئىپـادىلەش الـلە ئۇلاشـقا بۇيرىغـان ھەر قانـداق مۇناسـۋەتنى ئۇلاشـنى ئۆز ـ ئىچىگە ئالىدۇ.

تەبىئىيكى، ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ ئالـدىنقى ئورۇنـدا تۇرىـدۇ. دېـمەك، الـلە ئۇلاشـقا بۇيرىغـان بىرىنچـى مۇناسـۋەت بولسـا اللەغـا ھەقىقـى ئىبـادەت قىلىـش مۇناسـۋىتىدۇر. ئىنسانىنىڭ ئاتـا ـ ئانىسـى بىـلەن بولغـان مۇناسـىۋىتى، يېـقىن ئـۇرۇق ـ تۇققـانلار بىــلەن ۋە بــارلىق مۇسـۇلمانلار بىــلەن بولغــان مۇناســۋىتى ئۇنىڭـدىن كېيىنكـى ئورۇنـدا تۇرىـدۇ. مۇسـۇلمان ياخشـىلىقلارنى ئـۆزى ئۈچۈن دوست تۇتقاندەك، (باشقا) مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ دوست تۇتىدۇ. شــۇنىڭدەك، بــۇ قىســقىغىنە ئــايەت ئىنســانىنىڭ كــۆپلىگەن ئىــش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار اللە ئۇلاشقا بۇيرىغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۇلاش بىلەن بىرۋاقىتتىـا پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ. بۇ خىل قورقـۇش ئـۇلارنى ھەر ۋاقىـت الـلە رازى بولىــدىغان ئىشــلارنىلا قىلىــدىغان ھــالەتكە كەلتۈرىــدۇ، شــۇنىڭ بىلەن ئۇلار اللەنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ ئـۆز ـ ئـارا راسـتچىل، ئىخلاسـمەنلىك ۋە ئىشـەنچلىك رەۋىشـتە مۇئـامىلە قىلىشـىدۇ. شـۇنداقلا ئـۇلار قـاتتىق ھېسـابتىن قورقىــدۇ، ئـۆزىنى قـاتتىق ھېسـابقا دۇچـار قىلىدىغان سۆز ۋە ئەمەللەردىن ساقلىنىدۇ.

«ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كـۆزلەپ (يەتـكەن كـۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ» يەنى، ئۇلار اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ مۇشـەققەتلەرگە سـەبىر قىلىــدۇ. ئۇمىــد بىــلەن اللەغــا تەلپۈنىــدۇ. بىــراق، ئــۇلار ســەبىر قىلىــدۇ. چــۈنكى، ئــۇلار ئــۆزلىرىگە يەتــكەن مۇســىبەتلەرنىڭ اللەنىــڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. اللەنىڭ ئۆزلىرىدىن رازى بولۇشى ئۈچۈن اللەغا يېقىنلىششنى ۋە اللەنىڭ ياخشى كۆرۈشـگە ئىرىششـنى كـۆزلەپ

مۇسىبەتلەرگە رازى بولىدۇ.

«ئۇلار نامازنى ۋاقتىدا ۋە قائىدىسىگە رىئايە قىلىپ ئوقۇيدۇ» يەنى، ناماز ئوقۇش ئۈنىڭ پۈتكۈل شەرتلىرىنىڭ تولۇق ئورۇندالغان بولۇشىنى ۋە ئۇنى تەمكىنلىك ۋە اللەدىن قورققان ھالەتتە ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ئۇلار بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن اللە يولىدا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يۇسۇندا سەرىپ قىلىدۇ». ئۇلار ماللىرىدا بېخىللىق قىلمايدۇ، شۇنداقلا، ئۇنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ چىقىم قىلمايدۇ. بەلكى، اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ يۇشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا چىقىم قىلىدۇ.

«ئۇلار ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ». ئۇلار باشقىلارنىڭ يامانلىقىغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يامانلىقلارغا ئاجىزلىق ۋە خارلىق سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى، ئىسسىلىك، ئالىيجانابلىق ۋە اللەغا يېقىنلىشىش سەۋەبىدىن ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾

«تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ اللە يولىدا (پۇل ـ مال سەرىپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. اللە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ[1]».

بىز يۇقىرىدا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قۇرئاننى ھەق دەپ بىلىدىغان، ئىسىل، گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران:134 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئىنتايىن پاك. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن گۈزەل. ئۇلارنىڭ مېڭىۋاتقان يولى توغرا. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئۇلار ھەقنى تونۇغان ئىدى. مانا بۇ، الله بەندىلىرىدىن تەلەپ قىلىۋاتقان ھەقىقىي تونۇشتۇر. ئۇلار ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى تونۇغان چاغدا، ئاشۇ تونۇش ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئەكس ئېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى اللەمۇ ھەم ئىنسانلارمۇ ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇنداق سۈيۈملۈك شەكىلگە كىرىدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇنىڭ بەدىلىگە قانداق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ؟

«ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ.» ئۇلارغا ئاخىرەت دۇنياسىدا ياخشى مۇكاپاتلار بار. «ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ.» ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن گۈزەل ھە!!!

بىراق، الله ئۇلارغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ نېمەتلەرنى ئېھسان قىلىپ بېرىدۇ.

﴿جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ﴾

«ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ.» جەننەتكە مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىلا كىرمەيدۇ. بەلكى، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ئاتا ـ ئانىلىرى، ئاياللىرى ۋە بالىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كىرىدۇ. اللەنىڭ بۇيرىقى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مۇكاپاتى بولغان نېمەتلىك جەننەتلەردىكى ھەمراھلىق لەززىتى نېمىدېگەن ياخشى ھە!!!

ئىش مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشامدۇ؟ ياق! اللەنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مۇكاپاتى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

قىنى ئويلاپ بېقىڭ؟ ئەگەر سىز بىرەر ئادەمنىڭ ئۆيىدە مېھمان

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بولسىڭىز، ساھىبخان ئىشىكىدىن كىرىپ سىزگە سالام بەرسە، بۇ چاغدا قەلبىڭىز قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ـ ھە! بۇ ئۇنىڭ سىزنى نەقەدەر قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىنى ۋە ھۆرمەتلىگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرمامدۇ؟ سالام بېرىش ئۈچۈن قېشىڭىزغا قايتا ـ قايتا كىرىپ چىقىۋەرسىچۇ؟ بۇ سىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلمامدۇ؟ ئەگەر پۈتۈن ئۆي ـ ئەھلى كېلىپ سىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشسە، سىزنىڭ تۇيغۇلىرىڭىز قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە؟! سىز تولۇپ تاشقان بەخت، مەمنۇنىيەت ۋە رازىلىقنى ھېس قىلمامسىز؟ الله سىزنى جەننەتتە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتىپ سىزگە سالام بەرگۈزىدۇ. «پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ.» پەرىشتىلەر مۇئمىنلەرگە سالام بېرىش، قىزغىن قارشى ئېلىش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈن كىرىدۇ، «(پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان ـ ھە! دەيدۇ.»

بۇ نېمەتلەر سىزگە ياقمىدىمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ الله شۇ قەدەر ھۆرمەتلىگەن بۇ كىشىلەر بىرەرسى بولۇپ قېلىشىڭىزنى خالىمامسىز؟

ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە خالايسىز!!!

ئەمدى، ھىدايەتنى رەت قىلغان ۋە ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن كورلۇقتا چېكىگە يەتكەن بىر گۇرۇھنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى! مانا بۇ، ئىلگىرىكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر ـ بىرىگە قارشى شەكىلدە نامايەن بولىدۇ.

﴿وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾

«اللهغا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

اللهنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ.①»

سىز ئۇلار (مۆئمىنلەر)نىڭ ۋە بۇلار (كاپىرلار)نىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى توپنىڭ قايسىسىنىڭ قاتارىدىن بولۇشنى ياخشى كۆرىسىز؟

﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلامًا، وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا، وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا، إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا، وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا، وَالَّذِينَ لا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلا بِالْحَقِّ وَلا يَزْنُونَ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا، يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا، إِلا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلا صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا، وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَابًا، وَالَّذِينَ لا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا، وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا، وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا، أُوْلَئِكَ يُجْزَوْنَ الْغُرْفَةَ بِمَا صَبَرُوا وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً وَسَلامًا، خَالِدِينَ فِيهَا حَسُنَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا﴾

«مەرھەمەتلىك اللهنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان)بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز دەيدۇ. (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار (الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر.

① سۈرە رەئد:25 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ. ئۇلار اللەغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اللە ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، اللە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، اللە تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمىلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ اللەغا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ). ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ). ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن دەيدۇ. ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي ـ ھە![1]»

﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ، آخِذِينَ مَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَلِكَ مُحْسِنِينَ، كَانُوا قَلِيلا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ، وَبِالأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ، وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾

«شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى. ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) مۇھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە مۇھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى).[2]»

قۇرئان كەرىم مۇشۇنداق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىنسانلار قەلبىدە ئىماننى مۇستەھكەملەيدۇ.

ئىنسان ھەر بىر دەقىقىلەردە اللەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا....

ئەتراپىدىكى كائىنات ۋە ئۆز بەدىنىدىكى اللەنىڭ قۇدرەت مۆجىزىلىرىنى ھېس قىلغان چاغدا...

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشىنى، بۈگۈننى شۇنداقلا كەلگۈسىنىمۇ اللەنىڭ قۇدرىتى ۋە تەدبىرىنىڭ كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا...

پۈتۈن دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ئاخىرەتنىڭمۇ اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا...

پۈتۈن ئەمەللىرىنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە

---

① سۈرە فۇرقان: 63 ـ 76 ـ ئايەتلەر.

②سۈرە زارىيات: 15 ـ 19 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا...

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى، چىدامچانلىقلىرىنى ۋە تەقدىم قىلغان قۇربانلىقلىرىنى كۆرگەن چاغدا...

مۇئمىنلەرنىڭ ئىسىل، پاك، جەلىپ قىلارلىق كۆرۈنۈشلىرىنى، شۇنداقلا كاپىرلارنىڭ يىرگىنىشلىك، قەبىھ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن چاغدا...

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنساننىڭ قەلبى اللهدىن قورقۇش، اللهغا تەقۋادارلىق قىلىش تۇيغۇسىغا تولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، اللهنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ۋە رازىلىقىغا تەلپۈنۈش تۇيغۇسىغا تولىدۇ.

مانا بۇ، الله ياخشى كۆرىدىغان بەندە ئۇ ئارقىلىق اللهغا يېقىنلىشىدىغان ۋە اللهنىڭ دوستلىرىغا ئايلىنالايدىغان ھەقىقىي ئىماندۇر. ئۇلار توغرىسىدا الله ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾

«راستلا اللهنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللهنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر.[1]»

---

① سۈرە يۇنۇس: 62 ـ ئايەت.

## اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش

بىز ئىلگىرىكى بابلاردا مۇئمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى تونۇشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا ئەمەلىي تەلەپلىرى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ زېھىندىلا ساقلىنىپ تۇرىدىغان ھېس-تۇيغۇلا ئەمەس بەلكى، ئەمەلىي رېئاللىقتا ئايلىنىشى زۆرۈر بولغان تونۇش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

بۇ ھەقىقەتنى تەدبىقلاشنىڭ تۇنجى مەيدانى ۋە ئەڭ گەۋدىلىك نامايەندىسى ـ اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش ۋە ھاياتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇشتۇر.

«بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ گۇۋاھلىق بېرىش مۇسۇلمان سۆزلەيدىغان تۇنجى سۆزدۇر. ئۇ بولسا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى» دېگەن تولۇقلىمىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى جاكارلاشتۇر.

بۇنداق گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ تەلەپلىرىچۇ؟

بۇنداق گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مەنىسى ـ بۇنى سۆزلىگەن ئىنسان اللەنىڭلا ئىبادەتكە لايىق زات ئىكەنلىكىنى ۋە اللەدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. يەنى «اللەدىن باشقا ھەقىقىي مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئىبادەت قىلىنىش اللەنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. يەككە-يېگانە بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ تېپىلمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا، اللەدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بولىدىغان كىشى يوق، ئىبادەتتە اللەدىن باشقىسىغا يۈزلىنىش توغرا بولمايدۇ-دېگەنلىكتۇر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

**اللەغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**

قىنى ئويلاپ بېقىڭ؟ ئەگەر تىلىمىزدىلا شاھادەت ئېيتىپ، قەلبىمىزدە ئىقرار قىلمىساق اللەغا ھەقىقى ئىبادەت قىلغان بولىمىزمۇ؟

تىلىمىزدا شاھادەت ئېيتىپ تۇرۇپ: اللەنىڭ بۇيرۇقلىرى بىزگە پەرز ئەمەس، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىگە قارشى چىقىش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز. ئىجرا قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئۆزىمىز تاللايمىز، باشقا نەرسىلەرنى ئىجرا قىلىشقا بويسۇنمايمىز دەپ جار سالساق، مانا بۇ ھالەتتە بىز اللەغا ھەقىقى ئىبادەت قىلغان بولىمىزمۇ؟ قەلبىمىز پەقەت اللەقىلا ئىبادەت قىلىشنى ئىقرار قىلغان بولامدۇ؟

ياق! ئىقرار قىلىشنىڭ مەنىسى بويسۇنۇشتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ تىلدا دېيىلىدىغان ئەمەلىيەتتە رولى يوق قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

الله ھالال ـ ھارام ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇئەييەن شەرىئەتنى چۈشۈردى ۋە بۇ شەرىئەتنى زېمىن رېئاللىقىدا ئىجرا قىلىشقا بۇيرىدى. ئەگەر بىر ئىنسان تىلىدا ﴿لا إله إلا الله، محمد رسول الله﴾ دەپ قويۇپ، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشنى رەت قىلسا، الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال، ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا ئۇنىڭ تىلىدا سۆزلىگەن بۇ سۆزىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بۇنداق ھالەتتىمۇ ئۇ يەنىلا راست سۆز ھېسابلىنامدۇ؟ بۇنداق قۇرۇق سۆز اللەنىڭ دەرگاھىدا ئىنسانغا ئەسقاتامدۇ؟

﴿إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْأِسْلَامُ﴾

«ھەقىقەتەن اللەنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.[1]»

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 19 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كىتابنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، *ئىسلام ـ ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرۇش، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تولۇق بويسۇنۇش ۋە ئېتقادتىا اللەغا تولۇق يۈزلىنىشتۇر.* مانا بۇ خىل ئىمان ئارقىلىق ئىنسان «پۈتكۈل كائىناتتا اللەدىن باشقا ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرگۈچى يوق» دەپ ئېتقاد قىلىدۇ.

ئىسلام ـ ئىبادەت بەلگىلىمىلىرىدە اللەغا تولۇق يۈزلىنىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان نامازنى پەقەت اللە ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ، روزىنى اللە ئۈچۈنلا تۇتىدۇ، اللە ئۈچۈنلا زاكات بېرىدۇ ۋە اللە ئۈچۈنلا ھەج قىلىدۇ.

ئىسلام ـ دۇئادا اللەغا تولۇق يۈزلىنىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان اللەدىن باشقىغا دۇئا قىلمايدۇ.

ئىسلام ـ ھۆكۈم ئاساسلىرىدا اللەغا تولۇق يۈزلىنىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان پەقەت اللە چۈشۈرگەن قۇرئان بىلەنلا ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئىسلام ـ ئەخلاق ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە اللەغا تولۇق يۈزلىنىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان اللە بۇيرىغان ئەخلاقى قىممەت قاراش ۋە ھەرىكەت پىرىنسىپلىرىنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

مانا بۇ ھەقىقىي ئىسلام! مانا بۇ «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ شاھادەت ئېيتىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر.

ئىسلام جەمئىيىتى بولسا يۇقىرىقى پىرىنسىپلارنى چىڭ تۇتقان جەمئىيەتتۇر. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈم، ئىدىيە، ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە ھەرىكەت پىرىنسىپلىرىنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ كىتابىدىن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن ئېلىنغان بولىدۇ.

دەل مۇشۇنداق بولغان چاغدىلا بۇ جەمئىيەتتە اللە ھەقىقىي

مەئبۇدلۇق ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ.

مەسجىد ئىچىدە ئىبادەت بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق اللەغا ئىبادەت قىلىپ، مەسجىدتىن چىققاندا اللەدىن باشقا تەرەپكە يۈزلىنىپ كەتسەك، ئىدىيە، ئېتىقاد، ھەرىكەت پىرىنسىپى ۋە ھالال ـ ھارام ھۆكۈملىرىمىزنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن باشقا مەنبەلەردىن قوبۇل قىلساق، بۇ ھالەتتە بىز اللەغا ھەقىقىي ئىبادەت قىلغان بولمايمىز.

ئۇنداقتا، مەسجىد ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئىبادەت بەلگىلىمىلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

مەسجىد ئىچىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ـــ يەككە ـ يىگانە اللەقىلا قۇلچىلىق قىلىمىز ۋە اللەنىلا ھەقىقى مەئبۇد دەپ ئېتىراپ قىلىمىز، شۇڭا، الله بۇيرىغان پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغىلى كەلدۇق دېگەنلىكتۇر. ئەگەر مەسجىدتىن چىقىپلا باشقا تەرەپكە يۈزلىنىپ، ھۆكۈملىرىمىز، شەرىئەت ۋە ياشاش يولىمىزنى قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ غەيرىدىن قوبۇل قىلساق، ئۇنداقتا، بۇ بىر ئىلاھقا ئەمەس بەلكى، ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ. بىرىنچى ئىلاھ بىز ناماز ۋە دۇئادىن ئىبارەت ئىبادەت بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق مەسجىد ئىچىدە ئىبادەت قىلغان ئىلاھتۇر، ئىككىنچى ئىلاھ بولسا، بىز مەسجىد سىرتىدا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋە ھالال ـ ھارام ھۆكۈملەرنى، جەمئىيەت ئىنتىزامى ۋە شەخسىي ئالاقىلارنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىۋاتقان ئىلاھتۇر. الله ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا بىزنى بۇ ئىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ اللَّهُ لا تَتَّخِذُوا إِلَهَيْنِ اثْنَيْنِ إِنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾

«الله: ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار دېدى.①»

---

① سۈرە نەھل: 51 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئەگەر بىز ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىنى اللەغا قىلىپ باشقا قىسىملىرىنى ئايرىپ چىقىرىۋالساق، تىلىمىزدا يەككە ـ يىگانىلىقىنى ئىقرار قىلىۋاتقان يەككە ـ يىگانە بىر اللەغا ئىبادەت قىلغان بولىمىزمۇ ياكى ئۇنىڭغا يەنە بىر ئىلاھنى شېرىك قىلغان ۋە تىلىمىزدا بەرگەن گۇۋاھلىقىمىزدا يالغانچىلىق قىلغان بولىمىزمۇ؟ چۈنكى، بىز ھايات ئەمەلىيىتىمىزدە ئىقرار قىلىۋاتقان گۇۋاھلىقىمىزنى بۇزۇپ تاشلىدۇق.

مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ اللە بىزدىن يەنىلا ئەنە شۇنداق يالغان گۇۋاھلىقىمىزنى قوبۇل قىلامدۇ؟ ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا قاتتىق تەسىرلىنىپ ياش تۆكۈپ، مەسچىتتىن چىقىپلا ئىلگىرىكى تەسراتلىرىمىز ئالللىقاياقلارغىدۇر يوقۇلۇپ، ياشاش يولىمىزنى اللەنىڭ غەيرى مەنبەلەردىن قوبۇل قىلساق، مەسچىتتە قىلغان ئىبادەتلىرىمىزنى اللە قوبۇل قىلامدۇ؟

اللەنىڭ بۇ مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى!

﴿فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً﴾

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.①»

اللە ئېنىق، كەسكىن سۆزلەر ئارقىلىق «ئىمان»نىڭ تىلدىكى دەۋالا ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمىنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە

① سۈرە نىسا: 65 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھۆكۈم قىلىش ئىككەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

بىز بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇيلى!

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُواْ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُواْ إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُواْ أَن يَكْفُرُواْ بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلاَلاً بَعِيدًا، وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ إِلَى مَا أَنزَلَ اللّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ رَأَيْتَ الْمُنَافِقِينَ يَصُدُّونَ عَنكَ صُدُودًا، فَكَيْفَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ثُمَّ جَآؤُوكَ يَحْلِفُونَ بِاللّهِ إِنْ أَرَدْنَا إِلاَّ إِحْسَانًا وَتَوْفِيقًا، أُولَئِكَ الَّذِينَ يَعْلَمُ اللّهُ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَعِظْهُمْ وَقُل لَّهُمْ فِي أَنفُسِهِمْ قَوْلاً بَلِيغًا، وَمَا أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلاَّ لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللّهِ وَلَوْ أَنَّهُمْ إِذ ظَّلَمُواْ أَنفُسَهُمْ جَآؤُوكَ فَاسْتَغْفَرُواْ اللّهَ وَاسْتَغْفَرَ لَهُمُ الرَّسُولُ لَوَجَدُواْ اللّهَ تَوَّابًا رَّحِيمًا، فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾

«ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: اللە نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ اللە بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، اللە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى، مىكرىنى) بىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن. بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىتائەت قىلغانلىق اللەغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كېلىپ اللەدىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار اللەنى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى. (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.[1]»

بۇ ئايەت، ئۆزلىرىنى «اللەغا ۋە قۇرئانغا ئىشەندۇق» دەپ دەۋا قىلىدىغان ئاندىن، ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرى (تاغۇت)نىڭ قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلىنىپ، ئۇلارنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلدۇرمىغىچە ۋە كۆڭۈللىرىدە اللەنىڭ شەرىئىتى ھۆكۈم قىلغان ئىشقا قايىل بولمىغىچە، اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمىسا ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە مۇئمىن بولالمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى كەسكىن ئىلاھى بايان بىلەن ئاخىرلاشتى.

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىشتا ئىنتايىن روشەندۇر. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە سۈرە نۇرنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى!

﴿وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِّنْهُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُوْلَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ، وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُم مُّعْرِضُونَ، وَإِن يَكُن لَّهُمُ الْحَقُّ يَأْتُوا إِلَيْهِ مُذْعِنِينَ، أَفِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ ارْتَابُوا أَمْ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُ بَلْ أُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ، إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ

---

① سۈرە نىسا: 60 ـ 65 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ، وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾

«(مۇناپىقلار) اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۇئمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالدا كېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟ ياكى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىمدۇر. (پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار:ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان اللەدىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.[1]»

مانا بۇلار اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق دەيدىغان قەۋمدۇر، يەنى ئۇلار :«بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ ھەم تەكىتلەپ «ئىتائەت

---

[1] سۈرە نۇر: 47 ـ 52 ـ ئايەتلەر.

قىلدۇق» دەيدۇ ـ دە، كۆڭۈللىرىدە :«ئىتائەت دېگەن شۇنداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

﴿ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٌ مِّنْهُم مِّن بَعْدِ ذَٰلِكَ وَمَا أُولَٰئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ﴾

«ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىمانىنى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۇئمىن ئەمەس.»

مۇشۇ جامائەتتىن كېلىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇئمىنلىك سۈپىتىنى يوقاتقان ۋە الله ئۇلار توغرۇلۇق: «ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۇئمىن ئەمەس» دەپ سۈپەتلىگەن بۇ ئادەملەر قانداقسىگە ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەن بولۇپ قالدى؟

مانا بۇنى كېيىنكى ئايەت بايان قىلىپ بېرىدۇ:

﴿وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُم مُّعْرِضُونَ﴾

«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ.»

الله ئۇلاردىن «ئىمان» سۈپىتىنى يوققا چىقارغان بۇ بىر توپ كىشىلەر، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىشنى دەۋا قىلىدىغان ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغان كىشىلەردۇر. مەيلى قەلبىدە يۈز ئۆرۈش بولسۇن ياكى ئاشكارا ھەرىكىتىدە يۈز ئۆرۈش بىلەن بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەر ئىككىلىسى ئىمانىنى يوقىتىدۇ، بۇ خىل يۈز ئۆرۈش ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدا سۆزلەۋاتقان گۇۋاھلىقىنىڭ ھەقىقىتىگە قارشى كېلىدۇ. چۈنكى، الله يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن سۈرە نىسانىڭ ئايىتىدە «قەلبىدە قايىل بولۇش»نى «ئىماننىڭ شەرتى» قىلىپ بەلگىلىدى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»

ئايەتنىڭ داۋامى ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن داۋاملىشىدۇ. يەنى، ئۇلار بىرەر ئىشتا اللەنىڭ ھۆكۈمى ئۆزلىرىنى قىزىقتۇرسا ياكى اللەنىڭ ھۆكۈمىنىڭ بىرەر ئىشتا ئۆزلىرىگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسە اللەنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنىدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇلارنى ئىمانسىزلىق سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەپ بولغاندىن كېيىن، بىر قېتىم اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم ئىزدەپ بارىدىغان ۋە يەنە بىر قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان مۇشۇنداق ئەگرى يولىغا ئاساسەن ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ.

مۇئمىنلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىلارنىڭ ئەھۋالىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا، ئۇلارنىڭ دە ـ تالاشلىرىنى اللەنىڭ شەرىئىتىگە ئېلىپ بارغانلىقىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

«(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار:ئاڭلىدۇق ۋە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»

ئاخىرقى ئايەت اللەنىڭ شەرىئىتىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىدىغان، اللەغا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە اللەدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي نىجات تاپقۇچىلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مانا بۇنىڭدىن شۇنىسى ئېنىق ئايدىڭلىشىدۇكى، ئىماننىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى «اللەنىڭ شەرىئىتىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىش»دۇر. كىشىلەر تىلىدا ﴿لا إله إلا الله، محمد رسول الله﴾ دېيىش بىلەن بىرگە پەرز ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئادا قىلىپ، قالغان قىسىملىرىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلسا ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇئمىن بولالمايدۇ.

يەنە شۇنىسى ئايدىڭلىشىدۇكى، يەككە ـ يىگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش رېئال دۇنيادا اللەغا تولۇق ئىبادەت قىلمىغۇچە ئەمەلىيلەشمەيدۇ. تولۇق ئىبادەت بولسا ئېتىقاد ئاساسلىرىنى، ئىبادەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىشنى ۋە ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىگە اللەنىڭ پىرىنسىپلىرىنى تەتبىقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ غەيرى بويىچە ھالال ـ ھارام (يەنى، قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز) دەپ ھۆكۈم چىقىرىش شېرىكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ئۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىبادەتتىكى شېرىكتىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇشرىكلارنىڭ مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

﴿لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلا آبَاؤُنَا وَلا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ﴾

«مۇشرىكلار: مۇبادا الله خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، اللەنىڭ رۇخسىتىسىز (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام

قىلمىغان بولاتتۇق دېدى.[1]»

ئايەتنىڭ داۋامى ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى تەرىپىدىن سادىر بولغان بۇ شېرىكنى «اللەنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئىرادىسىدۇر» دەپ دەۋا قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، اللە ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچىلەر ئۇلارنى اللەغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توستى. بىراق، ئايەتتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئىشتا اللەغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ:

(1) «اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق»؛

(2) «اللەنىڭ رۇخسىتىسىز (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق».

دېمەك، اللەنىڭ رۇخسىتىسىز ھالال ـ ھارام (يەنى، قانۇنلۇقى ياكى قانۇنسىز) دەپ ھۆكۈم قىلىش بۇتلارغا، تاشلارغا ئىبادەت قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

ئىسلام ھايات رېئاللىقىدىن ئايرىلغان، تۈيغۇدىكى ئەقىدىلا ئەمەس. ھايات ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىدىغان شەرىئىتى بولمىغان، پەقەت ئەقىدىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن، اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان دىن ئەمەس. بۇنى كىشىلەر ئۆزلىرى پەيدا قىلىپ مۇشرىك بولىدۇ. بىز ئىشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىپ باقايلى!

﴿إِنَّا أَنزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ أَسْلَمُواْ لِلَّذِينَ هَادُواْ وَالرَّبَّانِيُّونَ وَالأَحْبَارُ بِمَا اسْتُحْفِظُواْ مِن كِتَابِ اللّهِ وَكَانُواْ عَلَيْهِ شُهَدَاء فَلاَ تَخْشَوُاْ النَّاسَ وَاخْشَوْنِ وَلاَ تَشْتَرُواْ بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلاً وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ، وَكَتَبْنَا عَلَيْهِمْ فِيهَا أَنَّ النَّفْسَ بِالنَّفْسِ وَالْعَيْنَ بِالْعَيْنِ وَالأَنفَ بِالأَنفِ وَالأُذُنَ بِالأُذُنِ

---

[1] سۈرە نەھل: 35 ـ ئايەت.

وَالسِّنَّ بِالسِّنِّ وَالْجُرُوحَ قِصَاصٌ فَمَن تَصَدَّقَ بِهِ فَهُوَ كَفَّارَةٌ لَّهُ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ، وَقَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِم بِعَيسَى ابْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَآتَيْنَاهُ الإِنجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ، وَلْيَحْكُمْ أَهْلُ الإِنجِيلِ بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فِيهِ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللەنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل ـ مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر. ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق ياردار قىلغان بولسا شۇنداق ياردار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ، الله نازىل قىلغان بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر. ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبن مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند ـ نەسىھەتتۇر. ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) الله ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر.[①]»

يەھۇدىيلارغا چۈشۈرۈلگەن تەۋراتتا شۇنىڭدەك، ناسارالارغا چۈشۈرۈلگەن ئىنجىلدىمۇ ئەقىدە ۋە شەرىئەت بار، قۇرئان كەرىمدىمۇ ئوخشاشلا ئەقىدە ۋە شەرىئەت بار.

﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ عَمَّا جَاءكَ مِنَ الْحَقِّ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا وَلَوْ شَاء اللّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِن لِّيَبْلُوَكُمْ فِي مَآ آتَاكُم فَاسْتَبِقُوا الخَيْرَاتِ إِلَى الله مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ، وَأَنِ احْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ وَاحْذَرْهُمْ أَن يَفْتِنُوكَ عَن بَعْضِ مَا أَنزَلَ اللّهُ إِلَيْكَ فَإِن تَوَلَّوْا فَاعْلَمْ أَنَّمَا يُرِيدُ اللّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ النَّاسِ لَفَاسِقُونَ، أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى

---

① سۈرە مائىدە: 44 ـ 47 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر اللە خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن اللە سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر ئارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) اللە سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. (ئۇلار يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار (اللە ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن اللە ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەقىقە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر). ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللەغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟[①]»

بۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىدەك ئىككى ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ:

**بىرىنچى:** اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھەرقانداق دىن ئەقىدە ۋە شەرىئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىدە ئىنساننىڭ تۇيغۇسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلسا، شەرىئەت ئىنساننىڭ ھايات رېئاللىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

---

① سۈرە مائىدە: 48 ـ 50 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

**ئىككىنچى:** اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن باشقا ھەر قانداق ھۆكۈم جاھىلىيەتنىڭ ھۆكۈمىدۇر. ھۆكۈمدىن پەقەت ئىككىلا ھۆكۈم مەۋجۇت بولۇپ، بىرى اللەنىڭ ھۆكۈمى ۋە يەنە بىرى جاھىلىيەتنىڭ ھۆكۈمى. مۇئمىنلەر اللەنىڭ ھۆكۈمىگە ئەگىشىدىغان كىشىلەردۇر. اللە چۈشۈرگەن قانۇن (يەنى، قۇرئان كەرىم)نىڭ غەيرىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىدىغانلار، يەنى جاھىلىيەت ھۆكۈمىگە ئەگىشىدىغانلار مۇئمىن ئەمەس.

مانا بۇ ئىلاھى دىنىنىڭ ھەقىقىتى بولسىمۇ، بىراق، ئىنسانلار ئۆزلىرى ئەقىدىنى شەرىئەتتىن ئايرىۋېتىپ، دىنىنى پەقەت ئەقىدىگىلا ئايلاندۇرۇپ قويىدى ۋە «دىن دېگەن بەندە بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدۇر، ئۇنىڭ ئورنى قەلىب، دىنىنىڭ ھايات رېئاللىقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ھايات رېئاللىقىغا ئىنسانلار ئۆزلىرى تۈزۈپ چىققان قانۇن ـ تۈزۈملەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار اللەنىڭ دىنىدىن چىقىپ، جاھىلىيەتكە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتتى. مانا بۇ خۇسۇسەن، ياۋرۇپادىكى خىرىستىئانلاردا يۈز بەرگەن ئىشتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئەقىدىنى شەرىئەتتىن، دىنىنى دۆلەتتىن ئايرىۋەتتى ۋە ھاياتنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋېتىدىغان ئىچىنىشلىق تىراگېدىيىگە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ بىر قىسمى چىركاۋ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان اللەغا تەۋە قىسمى بولسا، يەنە بىرى ھايات رېئاللىقىدا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، «اللە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق» دەپ قارىغان قىسىمدۇر.

ئۇلاردىكى بۇ ئىچىنىشلىق تىراگېدىيە ئىزچىل داۋاملاشتى. نەتىجىدە ئۇلار دىنىنى ئىلىم ـ پەندىن، سىياسەتتىن، ئىقتىسادتىن، جەمئىيەت ئالاقىسىدىن ... ۋە ئەخلاقتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتتى.

بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ بۇنىڭ نەتىجىسى گاڭگىراش، بىئاراملىق، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان تەشۋىشلىنىش،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆندىن ـ كۈنگە كۆچىيىۋاتقان سارالغىلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئەھۋاللىرى، روھى ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرى بولدى. چۈنكى، بىر ئىنسانغا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىلاھ ياكى بىر قانچە ئىلاھلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۇرسا، يەنى، ئۇلارغا چىركاۋ ئىچىدە بىر ئىلاھ، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن، ئىدىيە ۋە ئەخلاقتا بىر ياكى بىر قانچىلىغان ئىلاھلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولماي قانداق بولماقچى دەيسىز؟ اللە بۇ ھالەتنى قۇرئاندا مىسال ئارقىلىق مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلاً رَجُلاً فِيهِ شُرَكَاءُ مُتَشَاكِسُونَ وَرَجُلاً سَلَماً لِرَجُلٍ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلاً الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لا يَعْلَمُونَ﴾

«اللە (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)، يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر، بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى) باراۋەرمۇ؟ جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇر! بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.[1]»

بۇ مىسال تۇنجى قېتىم قۇرئان بىلەن خىتاب قىلىنغان ئەرەبلەرگە ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بايان قىلىنغان. چۈنكى، ئۇلار ئارىسىدا قۇللۇق تۈزۈم بار بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۇلارغا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بىر قۇلغا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئۇنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇنى ئوخشىمايدىغان ئىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۆزى

---

① سۈرە زۇمەر: 29 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەرەپكە تارتىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ قۇلنىڭ ئەھۋالى بىرلا كىشى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋە بىر نىشان ئىچىدىكى بۇيرۇقلارغا يۈزلەندۇرۈلىدىغان قۇلغا ئوخشاش تېنىچ، خاتىرجەم بولامدۇ؟ ئۇ ئىككى قۇلنىڭ ئەھۋالى ئەلۋەتتە ئوخشاش بولمايدۇ.

مانا بۇ، دەل ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ ئىبادەتخانىدا بىر ئىلاھقا، ئىبادەتخانا سىرتىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلغان چاغدىكى ھالىتىدۇر. شۇڭا جاھىلىيەت تىنىچلىقنى، خاتىرجەملىكنى، جىمجىتلىقنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتىدا بىئاراملىق، قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

مۇسۇلمانلار شېرىكسىز يەككە ـ يېگانە اللهغا ئىبادەت قىلغان ۋاقىتتا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلغان ئىدى. ئۇلار مەسچىتتە شۇنداقلا، مەسچىتنىڭ سىرتىدىمۇ ئوخشاشلا اللهغا ئىبادەت قىلغانىدى، اللهغا ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ساغلام ئېتىقادى بىلەن يۈزلەنگەن ئىدى، ئىبادەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا، ھەرخىل ھاياتى پائالىيەتلىرىدىمۇ ئوخشاشلا اللهغا يۈزلەنگەن ئىدى، اللهنىڭ شەرىئىتىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلاتتى ۋە ھايات رېئاللىقىدا شەرىئەتنى ئىجرا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار الله ئۆز كىتابىدا سۈپەتلىگەندەك ئىسىل سۈپەتلەرگە نائىل بولغانىدى:

﴿خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ﴾

«ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر.[①]»

بىراق، مۇسۇلمانلار چۈشەنچە ۋە يول جەھەتتە ئۆز دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن ئىزچىل يىراقلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇلارغا ئاجىزلىق يەتتى.

① سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

ھەتتا، دۈشمەنلىرى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

كاپىرلار مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غالىب كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ قايتا ئويغىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئامىلىنى يوقاتماقچى بولدى. كاپىرلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ئىسلام رايونلىرىدا ئۇلارنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلارنى قويۇش بولدى.

كاپىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ گۇماشتىسى بولغان، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غالچىلىرى ئىسلامنى ئاستا ـ ئاستا سىياسەت، ئىقتىساد، جەمئىيەتتىكى شەخسىي ئالاقىلەر، قىممەت قاراشلار ۋە ھەرىكەت پىرىنسىپلىرى ... بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان تۇيغۇدىكى ئېتىقاد ۋە ئىبادەت بەلگىلىمىلىرى دائىرىسىگە چەكلەپ قويۇش ئۈچۈن داۋاملىق ھەرىكەت قىلدى.

بىز ئۇنىڭ تەسىرىنى اللەنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان، ئۆز پىرىنسىپ ۋە تۈزۈملىرىنى غەرب ۋە شەرقتىن قوبۇل قىلىۋاتقان يۇرتلاردا ناھايىتى ئېنىق كۆرىۋاتىمىز. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار شەرق ۋە غەربكە بېقىنىش ئارقىلىق، مۇئمىن بولغان كۆڭۈللىرىدە ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان ئەزىزلىكىنى يوقاتتى:

﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾

«غەلىبە اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ.①»

ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلامى جەمئىيەتتە ئەخلاقىي ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك، بىئاراملىق، گاڭگىراش ۋە قالايمىقانچىلىق قاتارلىق

① سۈرە مۇنافىقۇن: 8 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

جاھىلىيەت كېسەللىكلىرى تارقالدى. بۇنىڭدىن سىرت (ئەگەر ئۇلار خاتالىقلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئۇنى تۈزەتمىسە) ئۇلارغا اللەنىڭ «ئۆز بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان، ئىتائەتتىن چىققانلارغا غەزەپ قىلىش ۋە ئۇلارنى جازالاش» ھەققىدىكى بۇيرۇقى چۈشىدۇ:

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾

«كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.①»

اللەنىڭ دىنى ئىنتايىن روشەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق غۇۋالىق يوق:

﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلا لِلَّهِ أَمَرَ أَلا تَعْبُدُوا إِلا إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ﴾

«(ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە) ھۆكۈملەر پەقەت اللەغىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر.②»

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾

«ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟③»

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْراً أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالاً مُبِيناً﴾

«الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە

---

① سۈرە مائىدە: 44 ـ ئايەت.
② سۈرە يۇسۇف: 40 ـ ئايەت.
③ سۈرە شۇرا: 21 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

اللەنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.①»

﴿قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لا شَرِيكَ لَهُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى ياللۇز اللە غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن.②»

شۇڭا بىز دىنىنى اللەغا خالىس قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلايلى! بىزنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولىشىمىز ئۈچۈن، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش بىزنىڭ دىنىنى اللەغا خالىس قىلغىنىمىزنىڭ بەلگىسى بولسۇن!.

@ @ @ @ @

---

① سۈرە ئەھزاب: 36-ئايەت.

② سۈرە ئەنئام: 162-163-ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## اللەنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

﴿وَلِلَّهِ الأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا وَذَرُوا الَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِي أَسْمَائِهِ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

«اللەنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللەنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، اللەنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.①»

﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لا إِلَهَ إِلا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ، هُوَ اللَّهُ الَّذِي لا إِلَهَ إِلا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ، هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الأَسْمَاء الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

«اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اللە (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.②»

بىز بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى بابلىرىدا، ئىنسانلارنىڭ اللەغا ھەقىقى

---

① سۈرە ئەئراف: 180 ـ ئايەت.

② سۈرە ھەشر: 22 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىبادەت قىلىشى ۋە بارلىق ئىشلىرىدا شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە بىر اللەغا يۈزلىنىشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ئىنسانلارغا اللەنى تونۇشتۇرىدىغانلىقنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز ئىبادەت قىلماقچى ۋە يۈزلەنمەكچى بولغان زاتنى تونۇمىسىڭىز، يەنى ئىبادىتىڭىزنى ھەقىقىي تونۇش ۋە بىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشىڭىز ئۈچۈن، سىز ئىبادەت قىلماقچى بولغان زات سۆيەتلەنگەن سۆپەتلەرنى بىلمىسىڭىز، ئۇ زاتقا ھەقىقىي ئىبادەت قىلالمايسىز ۋە ھەقىقىي يۈزلىنەلمەيسىز.

اللە ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا بىز بىلىشكە ۋە اللەنى سۈپەتلەشكە تېگىشلىك بىر قىسىم ئىسىم ـ سۈپەتلەر بىلەن ئۆزىنى سۈپەتلەيدۇ. بىز اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سۈپەتلىگەن ئىسىم ـ سۈپەتتىن باشقا سۈپەتلەرنى پەيدا قىلساق توغرا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش اللەنىڭ ئۇلۇغلىقى، بۈيۈكلىكىگە، شۇنداقلا، بەندىلەرنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى ۋە ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىنسان ئاڭلىق تۇيغۇ بىلەن قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋە ئايەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ قەلبى اللەدىن قورقۇش ھېسسياتىغا تولىدۇ ـ دە، شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدىلا ياخشى كۆرۈش ۋە ئۈمىد بىلەن اللەغا تەلپۈنىدۇ.

كىممۇ تۆۋەندىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنى قەلبىگە اللەنى ياخشى كۆرۈش، اللەدىن قورقۇش، اللەغا يېقىنلىشىش ۋە اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەمەل قىلىش ئارزۇسى تولمىغان ھالدا ئوقۇيدۇ؟ چۈنكى، ئىنسان مۇشۇنداق تۇيغۇلار ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىگە پەرۋەردىگارىنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىششنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿لَوْ أَنْزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَرَأَيْتَهُ خَاشِعاً مُتَصَدِّعاً مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اللەدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (اللەنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز.[1]»

﴿اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ﴾

«الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورققىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن اللەنىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى اللەنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) اللەنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (اللە) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ.[2]»

﴿وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى فَبَشِّرْ عِبَادِ، الَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحْسَنَهُ أُوْلَئِكَ الَّذِينَ هَدَاهُمُ اللَّهُ وَأُوْلَئِكَ هُمْ أُوْلُوا الأَلْبَابِ﴾

«شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، اللەغا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر

---

① سۈرە ھەشر: 21 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇمەر: 23 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بېرىلىدۇ، سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار اللە ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر.[1]»

ئىنسان اللەنىڭ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىگە مۇنداق دەپ بىۋاستە خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن چاغدا:

﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعاً إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾

«(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اللە ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.[2]»

﴿فَأُولَئِكَ أَتُوبُ عَلَيْهِمْ وَأَنَا التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾

«ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن.[3]»

بۇنداق ئايەتلەر ئىنساننى اللەنىڭ رەھمىتىگە تەلپۈندىدىغان، اللەغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلغان ۋە ھەقىقي تەۋبە قىلغان چاغدا، اللەنىڭ ئۆز گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەمدۇ؟

ئىنسان اللەنىڭ رىزىق بەرگۈچى، پۈتتا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسى

① سۈرە زۇمەر: 17 ـ 18 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇمەر: 53 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 160 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغدا:

﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾

«اللە ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر.①»

اللەنىڭ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ، خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن چاغدا:

﴿وَاللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾

«اللە (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.②»

بۇ ئايەتلەر رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشى، اللەنىڭ مول نېمەتلىرىنى ئۆزىگە ئىنئام قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىنساننى ئىنئامى كەڭ، مەرھەمەتلىك اللەغا تەلپۈنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەمدۇ؟

اللەنىڭ ھەممىدىن غالىب، يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغدا:

﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا مُنْذِرٌ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلا اللَّهُ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ﴾

«(ئى مۇھەممەد! مەككە كاپىرلىرىغا) ئېيتقىنكى:مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، غالىب بىر اللەدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.③»

﴿وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعاً وَكَرْهاً وَظِلالُهُمْ بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ﴾

---

① سۈرە زارىيات: 58 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 245 ـ ئايەت.
③ سۈرە ساد: 65 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى يوسۇندا اللەغا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ.①»

ئۇنىڭ قەلبىدە ھەممە نەرسىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن بويسۇندۇرىدىغان، ئاسمان ـ زېمىن ئۇنىڭ بويسۇندۇرۇشىغا ئاۋاز قوشىدىغان، ئۇنىڭ ئىتائىتىگە قارشى چىقالمايدىغان، كائىناتتا پەقەت ئۇنىڭ خالىغىنىلا بولىدىغان اللەدىن قورقۇش ھېسسىياتى پەيدا بولامدۇ؟

اللەنىڭ ئىلمىدىن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررىچىلىك نەرسە مەخپى قالمايدىغان دەرىجىدە غەيبلەرنى بىلگۈچى زات ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغدا:

﴿عَالِمِ الْغَيْبِ لا يَعْزُبُ عَنْهُ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلا فِي الأَرْضِ وَلا أَصْغَرُ مِنْ ذَلِكَ وَلا أَكْبَرُ إِلا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾

«اللە غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررىچاغلىق نەرسە اللەدىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە) دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق.②»

﴿يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا وَهُوَ الرَّحِيمُ الْغَفُورُ﴾

«اللە زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان (يەنى يامغۇر، كان ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش) نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان (پەرىشتە، يامغۇر، ئەجەل، رىزىق قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان (ياخشى ئەمەللەر، مەقبۇل دۇئالار قاتارلىق)

---

① سۈرە رەئد: 15 ـ ئايەت.
② سۈرە سەبەئ: 3 ـ ئايەت.

نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، اللە بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.①»

﴿وَإِنْ تَجْهَرْ بِالْقَوْلِ فَإِنَّهُ يَعْلَمُ السِّرَّ وَأَخْفَى﴾

«ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، اللەنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.②»

ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇ، اللەنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ ۋە كۈزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بەلكى، ئۇنىڭ ھېچكىشىگە سۆزلەپ بەرمىگەن ئوي ـ خىياللىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولغانىكەن ئۇنىڭ نە ئىش ـ ھەرىكىتى، نە ئىدىيىسى، نە ھېس ـ تۇيغۇسىدىن ھېچقانداق نەرسىنى اللەدىن يوشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.

ئىنسان اللەنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر قانداق نەرسىنىڭ اللەنىڭ رۇخسىتىسىز پەيدا بولمايدىغانلىقىنى، اللەنىڭ پۈتۈن ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز ئىنتىزاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدىغانلىقىنى ۋە مۈگدەپ قالمايدىغانلىقىنى بىلگەن چاغدا:

﴿اللَّهُ لا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لا تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلا نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلا بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾

«بىر اللەدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللەنىڭ (مۈلكى)

① سۈرە سەبەئ: 2 ـ ئايەت.
② سۈرە تاھا: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دۇر؛ اللەنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللەنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ اللە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللەنىڭ مەلۇماتىدىن (اللە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللەنىڭ كۇرسىي (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.①»

﴿وَأَنَّهُ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَى﴾

«اللە ئىنساننى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ.②»

بۇ ئايەتلەر ئىنساننى ھېچكىشى تەڭداش بولالمايدىغان ۋە ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولالمايدىغان، ئازادە ۋە قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن باشقىغا يۈزلەنگىلى بولمايدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا قىيىنچىلىقنى كۆتۈرىۋەتكۈچى ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچى بولمىغان يالغۇز بىر اللەغا يۈزلەندۈرىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىنسان اللەنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلگەنسېرى ئۇنىڭ اللەغا بولغان تونۇشى، ئىتائىتى ۋە يېقىنلىقى كۈچىيىدۇ. شۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىم اللەنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تەكرار-تەكرار كەلتۈرىدۇ ۋە بىزنى اللەغا شۇ ئىسىملار بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە اللەنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن، اللەنىڭ توقسان توققۇز

① سۈرە بەقەرە: 255ـ ئايەت.
② سۈرە نەجم: 43ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىسمى بار. كىمكى بۇ ئىسىملارنى (مەنىسىنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىمان كەلتۈرگەن ھالەتتە) يادلىسا جەننەتكە كىرىدۇ.①»

يادلاشتىن بولغان مەقسەت ـ قەلب ئۇنىڭ مەنالىرىدىن بىخەۋەر ھالدا تىلدىلا سۆزلەپ قويۇش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى، ئۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەر قەلبكە تولغان بولۇشى، ئۇلارنى ئويلىنىشى ۋە بۇلارنىڭ تەسىرى ئەمەلى ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئەكس ئېتىش دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن اللەنىڭ قۇرئاندا كەلگەن ئىسىم ـ سۈپەت ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ اللەنىڭ يارىتىش، رىزىق بېرىش، تىرىلدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىش ۋە غەيبنى بىلىشتىكى قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلارنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت اللەنى تونۇشتۇرۇش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ اللەغا بولغان تونۇشى كۈچىيىدۇ، ئۇلار اللەغا ئاگلىق رەۋىشتە ئىبادەت قىلىپ، شېرىك ۋە ئازغۇنلۇقتىن يىراقلىشىدۇ.

*شۇنداق! ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئازغۇنلىقى بولسا شېرىكتۇر.*

اللە بىردۇر، يەككە ـ يىگانىدۇر:

﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ، اللَّهُ الصَّمَدُ، لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ، وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ اللە بىردۇر. ھەممە اللەغا مۇھتاجدۇر. اللە بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.②»

① بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان.
② سۈرە ئىخلاس: 1 ـ 4 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

اللەنىڭ بەندىلىرى بۇ ھەقىقەتلەرنى تونۇپ چىقىپ، اللەغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، اللە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە بۇ ھەقىقەتنى تونۇشنى ئۇلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، اللە ئۆز بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە مېھرىباندۇر. شۇنداقلا، اللە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قۇدرىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. چۈنكى، اللەنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىر ـ بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ.

اللە ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ يارىتىش ھەققىدىكى مۆجىزىلىرىنى تونۇشتۇرىۋاتقان چاغدا، ئۇلارغا يەنە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچى، يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگۈچى، ئىجاد قىلغۇچى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ.

اللە ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ رىزىق بېرىش ھەققىدىكى مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتكەن چاغدا، ئۇلارغا يەنە ئۆزىنىڭ رىزىق بەرگۈچى، مۇستەھكەم، كۈچ ـ قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ.

اللە ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ بۇ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرغان چاغدا، ئۇلارغا يەنە ئۆزىنىڭ «ھەرقانداق نەرسىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى» ۋە بارلىق ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇشتۇرىدۇ.

اللە ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈش ۋە تىرىلدۈرۈش ھەققىدىكى مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى» زات ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ.

اللە ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ تىرىلدۈرۈشتىكى مۆجىزىلىرىنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىغانلىقىنى تونۇشتۇرىدۇ.

الله ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ھەرقانداق نەرسىدە تەڭداشسىز، مۇكەممەللىكتە يەككە ـ يىگانە زات ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِير﴾

«ھېچ شەيئى اللهغا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.[1]»

﴿وَلَهُ الْمَثَلُ الأَعْلَى فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

«ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت اللهغا خاستۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[2]»

اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئىزاھلاشتا كىشىلەر ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپلاشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىسىم ـ سۈپەت ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىزگە اللهنى ناھايىتى ئېنىق تونۇشتۇرىدۇ. گەرچە، بۇ ئازغۇن گۇرۇھلار[3] ئىسلامغا يات بولغان ئىدىيە ۋە پىكىرلىرى ئارقىلىق روشەن، چۈشىنىشلىك بولغان ئىسلام ھەقىقىتىدىن ئېزىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلەر بىزنى اللهنى تونۇشتىن ئازدۇرىۋېتىدىغان ئامىللارغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

---

[1] سۈرە شۇرا: 11 ـ ئايەت.

[2] سۈرە رۇم: 27 ـ ئايەت.

[3] كالامىزىمچىلار (اللهنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى پەلسەپە نۇقتىدىن ئىزاھلىغۇچىلار)

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىزنىڭ پاكىتىمىز ۋە يېتەكچىمىز بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن پوزىتسىيىسى ئىنتايىن ئېنىق. قۇرئان كەرىم بىزگە اللەنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىسىملار بىزگە اللەنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئەنە شۇ ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

مەسىلەن: «الوهَّاب» دېگەن ئىسىم اللەنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭدىن «الله خالىغان كىشىلەرگە خالىغان نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن مەنا چىقىدۇ.

«الرزَّاق» دېگەن بۇ ئىسىممۇ اللەنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدىن «الله بەندىلەرگە خالىغان نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن مەنا چىقىدۇ.

بىز بۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە ئىشىنىمىز. چۈنكى، بۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلەر اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا بىز يەنە ئەتراپىمىزدىكى كائىناتتا ۋە ئۆزىمىزدە ئۇ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ ۋە ھېس قىلىپ تۇرىمىز. خۇددى اللەنىڭ ئېيتقىنىدەك:

﴿سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ﴾

«ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز.①»

كائىناتتىكى ۋە ئۆزىمىزدىكى اللەنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدىكى ھەر بىر ئويلىنىشلار بىزنى «اللەنىڭ ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنىڭ ھەر

① سۈرە فۇسسىلەت: 53 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىرى پۈتۈنلەي ھەقىقەتتۇر، اللە يەككە ـ يېگانە زاتتۇر، قۇدرەتتە، پادىشاھلىقتا، يارلىق ئىشلاردا ۋە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا تەڭداشسىز زاتتۇر» دېگەن ھەقىقەتكە شەكسىز ئىشىنىشكە باشلاپ بارىدۇ.

ئۇنداقتا، بىز ئاشۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەر ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ئىشىنىشىمىز، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەر توختىنغان جايدا توختىشىمىز، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم.

مانا بۇ سەلەپلەرنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىدۇر.

سەلەپلەر ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن پېتى ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاش ساغلام ئەقىدىلىك كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ ئۇنى بۇرمىلاش ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇرمىلاش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا چوڭقۇرلاش ئۇلارغا لايىق ئەمەس. ئۇلار قۇرئان كەرىم ـ ھەدىس روشەنلەشتۈرۈپ بەرگەن ئاددى ئۇسۇل بويىچە ئىش تۇتىدۇ.

بۇ سۈپەتلەر ھەقىقەت. لېكىن، ئۇ سۈپەتلەر ئىنسانلارنىڭ بىز كۆرۈۋاتقان سۈپەتلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئاجىز، اللە ھەممىگە قادىر. ئىنسانلاردا كەمچىلىك تېپىلىدۇ، بىراق، اللە ئەڭ مۇكەممەل. ئىنسانلار غەيبنى بىلىشتىن ئاجىز، اللە بولسا غەيبلەرنى بىلگۈچىدۇر. ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئۇيسۇزلۇق ۋە تائام بېرىدىغان ۋە رىزىق بېرىدىغان زاتقا مۇھتاج، اللە ھەرقانداق كىشىدىن ۋە ھەر قانداق نەرسىدىن بىھاجەت. ئىنسانلار يوقىلىدۇ، اللە ئەزەلدىن ـ ئەبەدكە مەۋجۇدتۇر.

ئۇنداقتا، اللەنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى قانداقمۇ ئىنساننىڭ سۈپەت ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش بولسۇن؟

ياق! ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ﴾

«ھېچ شەيئى اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر.»

دېمەك، اللە ئۆز سۈپەتلىرىدە تەڭداشسىزدۇر. چۈنكى، ئۇ سۈپەتلەر مۇكەممەل سۈپەتلەردۇر. اللە مۇكەممەللىكتە يەككە ـ يېگانە، تەڭداشسىز زاتتۇر.

پۈتكۈل مەۋجۇدات اللەنىڭ تەڭداشسىز، كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنداقلا ئىنسان تەبىئىتىمۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

مەيلى، اللەنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان ئىزاھلاش بولسۇن ياكى ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى بۇرمىلاش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر بولسۇن، بىز ۋە ساغلام خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر ئازغۇن گورۇھلارنىڭ ئىزاھلاشلىرىغا مۇھتاج ئەمەسمىز. چۈنكى، ئىنسانلارغا ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئىقتىدارى بېرىلمىگەن. كىمكى اللەنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئىسىم ـ سۈپەت ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشىتىدىكەن، اللە بەلگىلىگەن چەك ـ چېگرادىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، اللەنىڭ ھېچقانداق تەڭدىشى يوقتۇر.

بىز: "پەقەت اللە پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا اللەغا خاستۇر، اللەدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، اللە ئەڭ كاتتىدۇر" دەيمىز. توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن اللەغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز.

@ @ @ @ @

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئىمان ۋە تەۋھىدتىن ئېغىپ كېتىش

شېرىك ۋە دىنسىزلىقنىڭ ھەرئىككىلىسى ئىمان ۋە تەۋھىددىن ئېغىپ كەتكەنلىكتۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرىق تۆۋەندىكىچە:

مۇشرىكلەر بۇ كائىناتنىڭ بىر ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن ئۇلار، بۇ ياراتقۇچى ئىلاھنى ئىبادەتتە يالغۇز دەپ ئېتىقاد قىلماستىن ئەكسىچە، اللە بىلەن قوشۇپ باشقا ئىلاھلارغىمۇ ئىبادەت قىلىدۇ. ياكى اللەنى قويۇپ باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىدۇ. دۇئا قىلىش، ئىتائەت، ئەگىشىش، ياخشى كۆرۈش، ساداقەت بىلدۈرۈش قاتارلىق ئىبادەت ئەھكاملىرىنى شۇ ئىلاھلارغا ئاتايدۇ ۋە بۇ ئىلاھلارنى ئۆزلىرى بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستىچىگە ئايلاندۇرىۋالىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەرنىڭ ئاتالغۇسىدىكى دىنسىزلار (ئاتېئىزىمچىلار)غا كەلسەك، ئۇلار اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. يارىتىش، ئۆلتۈرۈش ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىشنى اللەنىڭ غەيرىگە نىسبەت بېرىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ.

شېرىك ۋە دىنسىزلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنسانلارنى جاھىلىيەت قاپلىغان چاغدا ئۇلار گىرىپتار بولىدىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار اللە ياراتقان نورمال فىترەت (تەبىئەت)تىن ئېغىپ كېتىدۇ. گەرچە، ھەرخىل تارىخى ئەسىرلەر داۋامىدا جاھىلىيەتتىكى ئىنسانلاردا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان خاتالىق اللەغا شېرىك كەلتۈرۈش بولسىمۇ، لېكىن، دىنسىزلىق كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. بىراق، ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى جاھىلىيەت بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر بىر قىسىم ئامىللار سەۋەبىدىن دىنسىزلىققا قاراپ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ماڭماقتا. دىنسىزلىق بۇ دەۋردىكى كىشىلەرنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قاپلىماقتا. الله خالىسا، كىشىلەرنىڭ دىنسىزلىق يولىغا قاراپ مېڭىشىغا سەۋەب بولغان بۇ ئامىللارنى كىتابنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

قۇرئان كەرىم اللهنىڭ مۇنۇ سۆزىدە بۇ چۈشكۈنلۈككە ئىشارەت قىلىدۇ:

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الإِنسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ، إِلا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ﴾

«بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دەۋزەختە قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ.[1]»

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىم يەنە ئىنساندىكى ئەسلى تەبىئەتنىڭ ئىمان ئېيتىش ۋە اللهنى يەككە ـ يېگانە دەپ تونۇش تەبىئىتى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا، اللهنىڭ ئىنسانلار تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىكى ھالىتىدىلا بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ شېرىكسىز يەككە ـ يېگانە پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتَ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا أَن تَقُولُواْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ، أَوْ تَقُولُواْ إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِن قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِّن بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ، وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآيَاتِ وَلَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

---

[1] سۈرە تىن: 4 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەدىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: "ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق" دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: "بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز" دېمەسلىكلىرى، ياكى "ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟" دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ (گۇمراھلىقتىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئەگىشىشتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.①»

بۇ ئايەتلەر اللەنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتكە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىلاھى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن اللەدىن باشقا پەرۋەردىگار ۋە ئىلاھىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىلھام قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن بۇنىڭغا قارىتا چىن ئەھدە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «ئۇلار: "ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق" دېدى». شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: "ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنمىز، بۇ ئەھدىدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز" دېگەن سۆزلىرى ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن شېرىك كەلتۈرۈشتە ئۇلارغا

① سۈرە ئەئراف: 172 ـ 174 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئەگەشكەنلىكىنى باھانە قىلىش ئۇلاردىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشى بالىلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئۆز ئەھدىسىدىن خاتالىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاقلىيالمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار بىلەن اللهنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەھدە بار بولۇپ، بۇ ئەھدىگە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئىنسانلاردىن فىترەت ئەھدىسى ئۈچۈنلا ھېساب ئالماستىن، بۇ ئەھدىنى ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئەسلەتكەندىن كېيىن ھېساب ئېلىشى اللهنىڭ رەھمىتىدۇر.

﴿رُسُلاً مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزاً حَكِيماً﴾

«ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن اللهنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوۋزەختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[1]»

الله ھەقنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلەرنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئۇلارنى جازالىمايدۇ:

﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّى نَبْعَثَ رَسُولاً﴾

«پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچقانداق ئادەمنى جازالىغىنىمىز يوق.[2]»

الله يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ رۇم سۈرىسىدە ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

---

① سۈرە نىسا: 165 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىسرا: 15 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ، مُنِيبِينَ إِلَيْهِ وَاتَّقُوهُ وَأَقِيمُوا الصَّلاةَ وَلا تَكُونُوا مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾

«باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. اللەغا تەۋبە بىلەن قايتىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، نامازنى ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلاردىن بولماڭلار.[1]»

بۇ ئىككى ئايەت اللەنى بىر دەپ بىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىشنىڭ دىنى بولغان بۇ توغرا دىنىنىڭ اللە ئىنسانلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياراتقان دىن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىزگە، ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرۇش ۋە يالغۇز بىر اللەغىلا ئىبادەت قىلىشنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَا مِنْ مَوْلُودٍ إِلاَّ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ، كَمَا تُنْتَجُ الْبَهِيمَةُ بَهِيمَةً جَمْعَاءَ، هَلْ تُحِسُّونَ فِيهَا مِنْ جَدْعَاءَ.﴾

«ھەرقانداق بوۋاق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش تەبىئىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئاتا ئانىسى ئۇنى يەھۇدى قىلىدۇ ياكى ناسارا قىلىدۇ ياكى مەجۇسى (ئاتەشپەرەس) قىلىدۇ. بۇ خۇددي چارۋىلارنىڭ مۇكەممەل، بىجىرىم ھالەتتە تۇغۇلغىنىغا ئوخشايدۇ. سەن ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى كۆرەمسەن؟[2]»

ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەردىن كېيىن مۇنۇ

---

① سۈرە رۇم: 30 ـ 31 ـ ئايەت.

② بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

﴿فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لاَ تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ﴾

«اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنىكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر.①»

بىز قۇرئان كەرىمدىن شۇنى بايقايمىزكى، پەقەت ئىنسانلا ئەمەس، ئاسمان، زېمىن، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، ھايۋاناتلار ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل كائىنات اللەغا ئىبادەت قىلىش تەبىئىتى ئۈستىگە يارىتىلغان:

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ﴾

«بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار (اللەغا بويسۇنۇپ، اللەنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر اللەغا سەجدە قىلىدۇ.②»

﴿وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مِنْ دَابَّةٍ وَالْمَلاَئِكَةُ وَهُمْ لا يَسْتَكْبِرُونَ﴾

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر اللەغا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار ( اللەغا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ.③»

﴿وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعاً وَكَرْهاً وَظِلالُهُمْ بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ﴾

---

① سۈرە رۇم: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە ھەج: 18 ـ ئايەت.
③ سۈرە نەھل: 49 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى يوسۇندا اللەغا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ.[1]»

سەجدە قىلىش ئىبادەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بەلگىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئايەتلەر ئۇنىڭغا «سەجدە قىلىش» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئىشارەت قىلغان. اللەغا ئىبادەت بىلەن يۈزلىنىش ـ اللە ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش ئۈستىگە ياراتقان بارلىق كائىناتنىڭ پىترىتىدە مەۋجۇد:

﴿ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلأَرْضِ ائْتِيَا طَوْعاً أَوْ كَرْهاً قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ﴾

«ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: "ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)" دېدى. ئىككىلىسى: "ئىختىيارىي كەلدۇق" دېدى.[2]»

ئىنسان اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇمۇ باشقا كائىناتقا ئوخشاش اللەغا ئىبادەت بىلەن يۈزلىنىش تەبىئىتى ئۈستىگە يارىتىلغان. لېكىن، اللە ئىنساننى كۆپلىگەن مەخلۇقاتلاردىن ھۆرمەتلىك ۋە ئارتۇق قىلدى، ئىنسانغا ئاڭ ـ ئىدراكنى ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنى بەردى:

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلۇغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى

---

[1] سۈرە رەئد: 15 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت: 11 ـ ئايەت.

مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.①»

﴿إِنَّا خَلَقْنَا الإنسَانَ مِن نُّطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَّبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَاهُ سَمِيعًا بَصِيرًا، إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرۈدىغان قىلىپ ياراتتۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، (ئۇ مۆئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ) اللەنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.②»

﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لا تَعْلَمُونَ شَيْئاً وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، اللە سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.③»

﴿أَلَمْ نَجْعَل لَّهُ عَيْنَيْنِ، وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ، وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ﴾

«ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟④»

لېكىن ـ بۇ ھۆرمەت سەۋەبىدىن ـ ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى خىلمۇ ـ خىل

① سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىنسان: 2 ـ 3 ـ ئايەت.
③ سۈرە نەھل: 78 ـ ئايەت.
④ سۈرە بەلەد: 8 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

بولدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ الله ياراتقان توغرا تەبىئىتىنى ساقلاپ قالدى. يەنى، ئىبادەتتە يەككە ـ يىگانە، شېرىكسىز اللهغا يۈزلەنگەن ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئېزىپ كېتىش نەتىجىسىدە شېرىك ۋە دىنسىزلىققا چۈشۈپ قالدى:

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ الْعَذَابُ وَمَنْ يُهِنِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ مُكْرِمٍ﴾

«بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار (اللهغا بويسۇنۇپ، اللهنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغا بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر اللهغا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر (كۇفرى سەۋەبلىك ئازابقا دۇچار بولىدى، اللهنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ.①»

﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا، فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا، قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا، وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾

«روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ.②»

توغرا دىن ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ شېرىكسىز، يەككە ـ يىگانە اللهغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر الله ياراتقاندەك ئۆزىنىڭ «ئەڭ چىرايلىق شەكلى»نى ساقلاپ قالدى. اللهغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە دىنسىزلىق ئارقىلىق ساغلام ئىبادەتتىن ئېغىپ كېتىپ، چۈشكۈنلۈككە

---

① سۈرە ھەج: 18 ـ ئايەت.
② سۈرە شەمس: 7 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پاتقان كىشىلەر بولسا، «ئەڭ تۆۋەن قاتلام»غا (دەۋزەخكە) چۈشۈپ كەتتى ۋە اللە ئىنسانغا ئاتا قىلغان ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىدى. بەلكى، ئۇلار اللەنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ خار كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالدى: «اللەنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ». ئۇلار اللەنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە ئۇچرىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىلاھى ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن، نېمەتكە تۇزكورلۇق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

ئەمدى بىز يۇقىرىقىلارنى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، شېرىك ۋە دىنسىزلىق (ئاتېئىزىم) ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىمىز.

@ @ @ @ @

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## شېرىكنىڭ سەۋەپلىرى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان ئامىللار

شېرىكنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدىكى چۈشكۈنلۈك ۋە قەلبىنى قاپلىغان كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىمىزدا دوختۇرنىڭ بەدەندىكى كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن كېسەلنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنغىنىدەك، بىزمۇ شېرىكنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى!

بەدەندىكى ئەسلى ھالەت ساغلاملىق ۋە ساقلىقتۇر. لېكىن، ئىنسان بەدىنىنىڭ ساغلاملىقىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەندە كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە توغرا بولغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانمىغان چاغدا كېسەل ئۇنىڭدىن غالىب كېلىدۇ ۋە تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

ئىنسان روھىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئاساسلىق ھالىتى ساغلاملىق ۋە ساقلىقتۇر. لېكىن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنى كۈزەتمەي تاشلاپ قويغاندا ۋە روھىيىتىنى توغرا تارازا بىلەن ئۆلچىمىگەندە ئۇنىڭ روھى كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان اللەنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قالسا ۋە شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسگە سېلىپ توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرسا ئۇمۇ ئوخشاشلا كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىنسان دەرھال اللەغا تەۋبە قىلىشقا، اللە تەرەپكە قايتىشقا ۋە اللە يولىدا مېڭىشقا ئالدىرىمىسا «كېسەللىك» ئۇنىڭ پۈتۈن روھىيىتىنى قاپلاپ كېتىدۇ ۋە كۈنسېرى ئېغىرلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئىنسان اللەنىڭ مۇنۇ سۆزىدىكى كىشىلەرنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ:

﴿فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ فَزَادَهُمُ اللَّهُ مَرَضاً﴾

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، اللە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى.[1]»

قەلبىكە يەتكەن بۇ كېسەللىكنىڭ بىرقانچە سەۋەبلىرى ۋە ئامىللىرى بار بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئۇ سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. بىز تۆۋەندە بۇ سەۋەبلەنىڭ بىر قىسمىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

### 1 ـ پەخىرلىنىش ۋە ئۇلۇغلاش:

ئىنسان روھىيىتى باتۇرلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان خىسلەتلەردىن پەخىرلىنىش خاراكتېرى بىلەن يارىتىلغان. مەسىلەن: بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن پەخىرلىنىشكە ئوخشاش. بۇنداق پەخىرلىنىش تەبىئىي ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىشتۇر. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا، وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن“ دېگىن![2]»

---

[1] سۈرە بەقەرە: 10 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىسرا: 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

شۇنداقلا، الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئۆزىمۇ ئوخشاشلا الله بەندىلەردىن تەلەپ قىلغان ئىشتۇر:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ﴾

«بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق اللەغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ).[①]»

﴿لا تَجْعَلُوا دُعَاءَ الرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعَاءِ بَعْضِكُمْ بَعْضاً﴾

«(ئى مۇئمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار.[②]»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لا تَشْعُرُونَ، إِنَّ الَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصْوَاتَهُمْ عِندَ رَسُولِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ الَّذِينَ امْتَحَنَ اللَّهُ قُلُوبَهُمْ لِلتَّقْوَى لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى الله تەقۋالىق ئۈچۈن سىنىغان، ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ.[③]»

ئۇممەت ئىچىدىكى ئالىملارنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەشمۇ

---

① سۈرە نىسا: 64 ـ ئايەت.

② سۈرە نۇر: 63 ـ ئايەت.

③ سۈرە ھوجۇرات: 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىر خىل مەجبۇرىيەتتۇر. كەسىر ئىبنى قەيسىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن دەمەشقتىكى بىر مەسجىتتە ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ: "ئەي ئەبۇ دەردا! ماڭا سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىر ھەدىسنى بىلىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، شۇڭا، مەن ئاشۇ ھەدىسنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، قېشىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھىرىدىن يېتىپ كەلدىم" دېگەنىدى، ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى ئادەمدىن: "سەن بىرەر ھاجەت ياكى تىجارەت بىلەن كەلمەستىن مۇشۇ ھەدىس ئۈچۈنلا كەلدىڭمۇ؟" دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، ئەبۇ دەردا مۇنداق دېدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: "كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا قاراپ ماڭسا، اللە ئۇ ئادەمگە جەننەتنىڭ يوللىرىدىن بىر يولنى ئېچىپ بېرىدۇ، پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچى ئۈچۈن رازى بولۇپ قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىشىدۇ. ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەر، زېمىندىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلار، ھەتتا، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ ئالىم ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى ئارتۇقچىلىقى، بەدرى كېچىسىدىكى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلار ئۈستىدىكى ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ. ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش مىراس قالدۇرمىغان، بەلكى، ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. كىمكى ئىلىم ئالسا كامىل نەسىۋىنى ئالغان بولىدۇ.[1]»

ئەمرى ئىبنى شۇئەيب ئۆزىنىڭ دادىسىدىن، دادىسى ئۇنىڭ بوۋىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوڭلارنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلەرگە

[1] ئىبنى ھىببان ئۆزىنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر» توپلىمىدا رىۋايەت قىلغان.

رەھىم قىلمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس.①»

لېكىن، زىيادە ھۆرمەتلەش ئۇلۇغلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتسە، بۇنىڭدىن خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ دەرىجىدىكى ئۇلۇغلاش ئىنساننى شېرىككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغلاش پەقەت شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە اللەغىلا خاستۇر.

ياخشى كىشىلەر، پەيغەمبەرلەر، ئالىملار ۋە ئابىدلارغا ئوخشاش بىرەر شەخسنى ياكى ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەر، جىنلار، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە مۇشۇ كائىناتتىكى نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاش دەرىجىسىگە يەتكەن ھەرقانداق ھۆرمەت شېرىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش اللەنىڭ غەيرىگە ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق يۈزلەنگەنلىكتۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان شېرىك مۇشۇ تۈردىكى خاتالىقتىن پەيدا بولغان. تۆۋەندە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىغا قاراپ باقايلى!

﴿قال نوح رب إنهم عصوني واتبعوا من لم يزده ما له وولده إلا خساراً، ومكروا مكراً كباراً، وقالوا لا تذرن آلهتكم ولا تذرن وداً ولا سواعاً ولا يغوث ويعوق ونسرا﴾

«نۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى. ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۈتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى". ئۇلار: "مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەدنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە

① ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» ناملىق ھەدىسلەر توپلىمىدا رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار“ دېدى.①»

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇتلار ئىدى». ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: بىزگە ئىبنى ھەمىد مىھراندىن، مىھران سۇفياندىن، سۇفيان مۇسادىن، مۇسا مۇھەممەد ئىبنى قەيستىن سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «يەغۇس، يەئۇق، نەسرى» ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ياخشى كىشىلەر ئىدى، ئۇلارغا ئەگىشىدىغان ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئەگەشكەن ئەگىشكۈچىلىرى: «ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزغان بولساق، ئۇلارنى ئەسلىگەن چېغىمىزدا ئىبادەت قىزغىنلىقىمىز تېخىمۇ كۈچەيگەن بولاتتى» دېيىشتى ۋە ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىپ چىقتى، بۇ ئەگەشكۈچىلەرمۇ ئۆلۈپ كېيىنكى ئەۋلادلار مەيدانغا كەلگەن چاغدا، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ: «ئۇلار مۇشۇ سۈرەتلەرگە ئىبادەت قىلاتتى، ئۇلارغا مۇشۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇلاتتى» دەپ ۋەسۋەسە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ سۈرەتلەرگە ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى②.

شۇنداقلا، ئىغىپ كەتكۈچىلەردىن بىر پىرقە ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق شېرىككە چۈشۈپ قالدى:

﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللَّهِ وَقَالَتِ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللَّهِ ذَلِكَ قَوْلُهُمْ بِأَفْوَاهِهِمْ يُضَاهِئُونَ قَوْلَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ قَبْلُ قَاتَلَهُمُ اللَّهُ أَنَّى يُؤْفَكُونَ﴾

---

① سۈرە نۇھ: 21 ـ 23 ـ ئايەت.

② ئىبنى كەسىرنىڭ نۇھ سۈرىسىدىكى تەپسىرىدىن ئېلىندى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«يەھۇدىيلار: ”ئۇزەير اللەنىڭ ئوغلىدۇر“ دېدى، ناسارالار: ”مەسىھ (يەنى ئىسا) اللەنىڭ ئوغلىدۇر“ دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: ”پەرىشتىلەر اللەنىڭ قىزلىرىدۇر“ دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (اللەنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (اللەنىڭ بالىسى بار دەپ) اللەغا يالغان چاپلايدۇ؟.①»

شۇنداقلا، ئۇلار يەنە ئالىملىرىنى ۋە مولللىرىنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق شېرىككە چۈشۈپ قالدى:

﴿اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَاباً مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلا لِيَعْبُدُوا إِلَهاً وَاحِداً لا إِلَهَ إِلا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھبىرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر.②»

ئۇلارنىڭ بەزىسى اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرى بولغان پەرىشتىلەر ۋە جىنلارنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق شېرىككە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار پەرىشتىلەر ۋە جىنلارنى «اللەنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى» دەپ ئېتىقاد قىلدى، شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنى مۇقەددەس بىلدى. الله ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

---

① سۈرە تەۋبە: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە تەۋبە: 31 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَجَعَلُوا لِلَّهِ شُرَكَاءَ الْجِنَّ وَخَلَقَهُمْ وَخَرَقُوا لَهُ بَنِينَ وَبَنَاتٍ بِغَيْرِ عِلْمٍ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«جىنلارنى اللە ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) جىنلارنى اللەغا شېرىك قىلىشتى، اللەغا نادانلارچە ئوغۇل ـ قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى، اللە (مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغان نەرسىلەردىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر.①»

﴿وَجَعَلُوا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجِنَّةِ نَسَباً وَلَقَدْ عَلِمَتِ الْجِنَّةُ إِنَّهُمْ لَمُحْضَرُونَ، سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«ئۇلار: "اللە بىلەن جىنلارنىڭ ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق بار" دەپ جۆيلۈدى. جىنلار شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇكى، ئۇلار (يەنى شۇ سۆزنى قىلغۇچىلار) (دەۋزەخكە) چوقۇم ھازىر قىلىنىپ (شۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ) اللە ئۇلارنىڭ (اللەنىڭ بالىسى بار دەپ) سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر.②»

﴿وَجَعَلُوا الْمَلائِكَةَ الَّذِينَ هُمْ عِبَادُ الرَّحْمَنِ إِنَاثاً أَشَهِدُوا خَلْقَهُمْ سَتُكْتَبُ شَهَادَتُهُمْ وَيُسْأَلُونَ، وَقَالُوا لَوْ شَاءَ الرَّحْمَنُ مَا عَبَدْنَاهُم مَّا لَهُم بِذَلِكَ مِنْ عِلْمٍ إِنْ هُمْ إِلا يَخْرُصُونَ﴾

«ئۇلار مەرھەمەتلىك اللەنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى، اللە پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، ئۇلار ئۇستىدە بارمىدى؟ (يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىدۇ؟) ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا) يېزىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ. ئۇلار: "مەرھەمەتلىك اللە خالىسا، بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتىلەرگە) چوقۇنمايتتۇق" دېدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ بىلىمى (يەنى ئاساسى) يوق، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ.③»

---

① سۈرە ئەنئام: 100 ـ ئايەت.
② سۈرە ساففات: 158 ـ 159 ـ ئايەت.
③ سۈرە زۇخرۇف: 19 ـ 20 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنسانلاردىن يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر بىر قىسىم ئاسمان جىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلىش دەرىجىسىدە ئۇلۇغلىغانلىقى سەۋەبىدىن شېرىككە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلدى. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ لا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِنْ كُنْتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾

«كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي اللەنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. ئەگەر سىلەر پەقەت اللەغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان اللەغا سەجدە قىلىڭلار.[1]»

ئاسماندا كۆچلۈك نۇر چاچقانلىقى ئۈچۈن «شىئرا» يۇلتۇزىغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ، اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَنَّهُ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَى، وَأَنَّهُ هُوَ أَمَاتَ وَأَحْيَا، وَأَنَّهُ خَلَقَ الزَّوْجَيْنِ الذَّكَرَ وَالأُنثَى، مِن نُّطْفَةٍ إِذَا تُمْنَى، وَأَنَّ عَلَيْهِ النَّشْأَةَ الأُخْرَى، وَأَنَّهُ هُوَ أَغْنَى وَأَقْنَى، وَأَنَّهُ هُوَ رَبُّ الشِّعْرَى﴾

«اللە ئۆلتۈرۈشكە ۋە تىرىلدۈرۈشكە قادىر. اللە بىر جۈپنى ـ ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى. ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى). (ھېساب ئۈچۈن ئىنسانلارنى) ئىككىنچى قېتىم يارىتىشنى ئۈستىگە ئالدى. اللە ئىنساننى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ. اللە شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.[2]»

ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم شەخسلەرنى ياكى اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بولغان مۇئەييەن نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 37 ـ ئايەت.

② سۈرە نەجم: 43 ـ 49 ـ ئايەتلەر.

شېرىككە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار شۇ نەرسىلەرگە ئاللەنى قوشۇپ ياكى ئاللەدىن خالى ھالدا ئىبادەت قىلدى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىبادەتتە شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە ئاللەغا يۈزلىنىدىغان تۇغرا خاراكتېردىن ئېغىپ كەتتى.

**2 ـ ھېسسىي① نەرسىلەرگە ئىشىنىپ، غەيبىي نەرسىلەردىن غەپلەتتە قېلىشقا مايىل بولۇش:**

ئىنساندا ئاللەنىڭ ياراتقىنى بويىچە مۇكەممەل ئىككى خىل تەبئىي خاھىش بار. ئۇنىڭ بىرى ئىنساننى ھېسسىي نەرسىلەرگە ئىشىنىشكە تارتىپ تۇرىدۇ. يەنى، ھېسسىي ئەزالار ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش ۋە تۇتۇش ئارقىلىق بىلەلەيدىغان ھېسسىي نەرسىلەرگە ئىشىنىشكە تارتىدۇ. يەنە بىرى، غەيبىي نەرسىلەرگە، يەنى، ھېسسىي نەرسىلەرنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ۋە ھېسسىي ئەزالار ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى بىۋاسىتە بىلەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىشكە تارتىدۇ.

گەرچە، ئىنسان بىرىنچى خاھىشتا (يەنى، ھېسسىي نەرسىلەرگە ئىشىنىش خاھىشىدا) بەزى مەخلۇقاتلار بىلەن ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن، ئاللە ئىككىنچى خاھىشنى (يەنى غەيبكە ئىشىنىش خاھىشىنى) ئىنسانغىلا خاس قىلدى، بۇ خاھىش ئارقىلىق ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلدى ۋە كۆپلىگەن مەخلۇقلاردىن ئارتۇق قىلدى.

بۇ ئىلاھىي ھەدىيە ئىنساننىڭ يۈكسىلىشى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، روھىيىتىنىڭ ساغلام بولۇشى، كائىناتتىن پايدىلىنىش، كائىنات ئارقىلىق ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەيدا قىلغۇچىسىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى تونۇپ چىقىش ئۈچۈن، كۆز ئالدىدىكى ھېسسىي بولغان

① ھېسسىي نەرسىلەر: كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پۈتۈن ساھەنى سىرتقى ساھەگىچە، يەنى، پۈتۈن كائىنات توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىش ئۇپۇقلىرىغىچە كېڭەيتىش ئامىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

لېكىن، ئىنسان تەبىئىتىگە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىلمىسە، اللەنى ئەسلەش ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق اللەغا يېقىنلىشىپ، روھقا مەنپەئەتلىك غىزالار داۋاملىق تەقدىم قىلىپ تۇرۇلمىسا، ئۇنىداقتا، ئۇ ـ بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇ چاغدا، ئىنسان تەبىئىتىنى قاپلىۋالىدىغان زۇلمەتلەر ئۇنىڭ قەلبىنىمۇ قاپلىۋالىدۇ:

﴿بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾

«بەلكى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن.[①]»

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ غەيبىي نەرسىلەردىن غەپلەتتە قېلىشى ئۇنىڭغا يەتكەن كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل كېسەللىك ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئاستا ـ ئاستا ھېسسى نەرسىلەر دائىرىسىگىلا چەكلەپ قويىدۇ. ئاندىن، بۇ غەپلەت ئىزچىل كېڭىيىپ بارىدۇ، ھەتتا، ئىنسان تەبىئىتى پەقەت ھېسسىي دۇنيا بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەردىن ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلايدۇ. ھەتتا، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كېڭىيىپ ھېسسىي دۇنيانىڭ ئارقىسىدىكى نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى مەۋجۇد ئەمەس دەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ.

بۇ غەپلەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا مۇشرىك اللەنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇ ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق

---

① سۈرە مۇتەففىفىن: 14 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىلگىلى بولىدىغان سۈرەت ـ ۋە شەكىللەرنى ياساپ چىقىدۇ. ئاندىن، ئۆزىچە ئۇ سۈرەت ـ ۋە شەكىللەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش، غەيبنى بىلىش قاتارلىق ئۇلۇھىيەتنىڭ بەزىبىر خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئىشلارنى الله بىلەن ئورتاق بىر تەرەپ قىلىشتەك سۈپەتلەرنى قوشۇپ قويىدۇ. مۇشرىك اللهنىڭ ياراتقۇچى زات ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچكىمنىڭ بىرەر ئىشتا اللهغا شېرىك بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن، ئىنسانلاردىن مەلۇم بىر شەخس مەسىلەن، پەيغەمبەر، ياكى اللهنىڭ ياخشى دوستلىرىنىڭ بىرەرسى ياكى پەرىشتىلەر ياكى جىن، ۋە بۇتلار پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، دۇئانى ئىجابەت قىلالايدۇ، خالىغان كىشىلەرگە رىزىقنى كەڭرى بېرىدۇ ياكى غەيبنى بىلىدۇ ۋە غەيبنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرگە غەيبتىن خەۋەر بېرىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

ئەرەبلەر جاھىلىيەتتىكى مەزگىللەردە مانا مۇشۇنداق شەكىلدە ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ اللهنى «بار» دەپ بىلىدىغانلىقىنى ۋە اللهنى «ياراتقۇچى» دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ”ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟“ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ”الله“ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.[①]»

﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَهُمْ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ فَأَنَّى يُؤْفَكُونَ﴾

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم ياراتقانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم ”الله“ دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا

---

① سۈرە لوقمان: 25 ـ ئايەت.

ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ.[1]»

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار اللەغا جىنلارنى، پەرىشتىلەرنى، بۇتلارنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى ۋە بۇ نەرسىلەرنى «ئۆزلىرىنى اللەغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ» دەپ قارايتتى.

لېكىن، غەپلەت ـ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ ئۇنىڭدىنمۇ يىراققا سوزىلىدۇ. نەتىجىدە، مۇشرىك اللەدىن پۈتۈنلەي غەپلەتتە قالىدۇ:

﴿لا تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«كۆزلەر اللەنى كۆرمەيدۇ، اللە كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، اللە (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.[2]»

ئۇ، مۇئەييەن بىر ھېسسىي نەرسىنى «اللە» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، مۇشرىك ئاشۇ ھېسسىي نەرسىلەردە ئىلاھلىقنىڭ بىر قىسىم خۇسۇسىيەتلىرى بار دەپ ئويلاش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئەكسىچە، ئىلاھلىقنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى شۇ نەرسىلەردە بار دەپ قارايدۇ.

فىرئەۋىن زامانىسىدىكى مىسىرلىقلار مۇشۇنداق ئىدى. چۈنكى ئۇلار، قۇياشنىڭ سىرتقى يۈزىنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى، ئۇ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە ھېساب ئالىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇنداقلا مەجۇسىيلار (ئاتەشپەرەسلەر)مۇ يارىتىش، پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش، تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئوتقا نىسبەت بېرەتتى. رىم جاھىلىيىتى، گرېك جاھىلىيىتى، ھىندى جاھىلىيىتى ۋە جۇڭگو جاھىلىيىتىمۇ ئەنە شۇ شەكىلدە ئىدى.

---

① سۈرە زۇخرۇف: 87 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنئام: 103 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇ جاھىلىيەتلەرنىڭ بەزىسى ئاشۇ خىل شېرىككە شېرىكنىڭ باشقا بىر تۈرىنى قوشۇپ قوياتتى. يەنى، «ئىنسانلاردىن پالانى اللهنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ جار سالاتتى ۋە ئۇنىڭدا ئۇلۇھىيەت خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى تېپىلىدۇ دەپ قارايتتى. پىرئەۋىن جاھىلىيىتى بولسا: «پىرئەۋىن اللهنىڭ ئوغلىدۇر (يەنى قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلىدۇر)، ئۇ قىيامەت كۈنى ئىلاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ» دەيتتى. ھىندى جاھىلىيىتى بولسا: «بىراھمانلار ئىلاھنىڭ بېشىدىن يارىتىلغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇقەددەستۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنمايدۇ. تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر بولسا نىجىستۇر، چۈنكى، ئۇلار ئىلاھنىڭ پۇتىدىن يارىتىلغان، شۇڭا ئۇلار خار ۋە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ناسارا (خىرىستىئان) دىنىمۇ يۇقىرىقىلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بۇ دىنمۇ مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى «اللهنىڭ ئوغلى» دەپ قارايتتى. ئۇلار بىر قىتىم: «مەسىھ (ئىسا) اللهدۇر» دېدى، يەنە بىر قېتىم: «مەسىھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، بۇ ئۈچى (الله، ئىسا ۋە جىبرىئىل)نىڭ يىغىندىسى بىر ئىلاھتۇر» دېدى. بۇنىڭغا قارىتا الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ﴾

«شۈبھىسىزكى، الله مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى.[①]»

﴿لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ ثَالِثُ ثَلاثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلا إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾

«الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر

---

① سۈرە مائىدە: 72 ـ ئايەت.

ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.[1]»

بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

﴿لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً﴾

«اللەنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز[2]» دېيىش بىلەن، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىۋاتقان بىر قەۋمنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «بىزگىمۇ بىر ئىلاھنى (بۇتنى) تىكلەپ بەرگىن، بىزمۇ مۇشۇ قەۋمگە ئوخشاشلا بۇتقا ئىبادەت قىلىمىز» دېيىش بىلەن:

﴿وَجَاوَزْنَا بِبَنِي إِسْرَائِيلَ الْبَحْرَ فَأَتَوْا عَلَى قَوْمٍ يَعْكُفُونَ عَلَى أَصْنَامٍ لَهُمْ قَالُوا يَا مُوسَى اجْعَلْ لَنَا إِلَهاً كَمَا لَهُمْ آلِهَةٌ قَالَ إِنَّكُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ﴾

«ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: ”ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن“ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ”سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر“ دېدى.[3]»

موزايغا چوقۇنۇپ، ئۇنى ئىلاھ قىلىۋېلىش بىلەن ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتتى:

﴿فَكَذَلِكَ أَلْقَى السَّامِرِيُّ، فَأَخْرَجَ لَهُمْ عِجْلاً جَسَداً لَهُ خُوَارٌ فَقَالُوا هَذَا إِلَهُكُمْ وَإِلَهُ مُوسَى﴾

«سامىرىمۇ (ئۆزى ئېلىپ چىققان زىبۇزىننەتلىرىنى) تاشلىدى. سامىرى (ئېرىتىلگەن زىبۇزىننەتلەردىن) ئۇلار ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكەل

---

[1] سۈرە مائىدە: 73 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە: 55 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف: 138 ـ ئايەت.

ياسىدى، ئۇنىڭدىن موزايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى، ئۇلار (يەنى سامىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) ئېيتتى: "بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر ۋە مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر، مۇسا (ئىلاھنى بۇ يەردە) ئۇنتۇپ قېلىپ (ئۇنى ئىزدەپ تۇرسىناغا كەتتى)".[1]»

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئۆگىتىۋاتقان ھالەتتە يۈز بەردى.[2]

بۇ غەپلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كەلسەك، ئۇ اللهنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە. الله خالىسا، بۇ ھەقتە دىنسىزلىق (ئاتېئىزىم) ھەققىدە سۆزلىگەن چېغىمىزدا تەپسىلي توختىلىمىز.

### 3 ـ ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە كۆڭۈل ئارزۇلىرى:

ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە كۆڭۈل ئارزۇلىرىنىڭ ئىنسان روھىيىتىنى قاپلاپ كېتىشى، ئىنسان تەبىئىتىگە يېتىدىغان ۋە ئۇنى شىرىككە چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر. چۈنكى، الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىسلام دىنى ئىنسانلار ھاياتىنىڭ توغرا ۋە تەكپۈك بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانلار بويسۇنۇشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئىلاھى ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾

---

[1] سۈرە تاھا: 87 ـ 88 ـ ئايەت.

[2] مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى تەرەپتىن نازىل قىلىنىدىغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۆز قەۋمىدىن قىرىق كۈن ئايرىلغانىدى. گەرچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى يوق ۋاقىتتا قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار يەنىلا بۇ قەبىھ ئىشنى قىلدى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.[1]»

ئىنسان تەبىئىتى ئۆزىنىڭ ساغلام ھالىتىدە، اللە پەرز قىلغان بۇيرۇقلارنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە اللەنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، اللەغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بۇ تەبىئەتنى ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە كۆڭۈل ئارزۇلىرى قاپلاپ كەتسە، اللە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلاردىن ئىچى سىقىلىدىغان ۋە كۆڭلى تارتىدىغان نەرسىلەرگە ئەگىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا﴾

«ئەگەر ئۇلارغا: "اللە نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان كەرىم) غا ئەگىشىڭلار" دېيىلسە، ئۇلار: "ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز" دەيدۇ.[2]»

﴿فَخَلَفَ مِنْ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ﴾

«ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى.[3]»

﴿فَإِنْ لَمْ يَسْتَجِيبُوا لَكَ فَاعْلَمْ أَنَّمَا يَتَّبِعُونَ أَهْوَاءَهُمْ وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

«ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ، اللە ۋەھيي قىلغان توغرا

---

① سۈرە ھەدىد: 25 ـ ئايەت.
② سۈرە لوقمان: 21 ـ ئايەت.
③ سۈرە مەريەم: 59 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ الله ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.①»

﴿أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ﴾

«ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن.②»

﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾

«ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللهنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك).③»

خۇددى اللهنىڭ سۈپەتلىگىنىدەك، ئۇلار مۇشۇ كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ:

﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمُ اسْتَحَبُّوا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الآخِرَةِ وَأَنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ، أُولَئِكَ الَّذِينَ طَبَعَ اللَّهُ عَلَى قُلُوبِهِمْ وَسَمْعِهِمْ وَأَبْصَارِهِمْ وَأُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾

«بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە اللهنىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇ كىشىلەر الله تەرىپىدىن دىللىرى،

---

① سۈرە قەسەس: 50 ـ ئايەت.
② سۈرە فۇرقان: 43 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئال ئىمران: 14 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرى پېچەتلىۋېتىلگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر.①»

﴿الَّذِينَ يَسْتَحِبُّونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الآخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجاً أُولَئِكَ فِي ضَلالٍ بَعِيدٍ﴾

«ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق. كۆرىدۇ (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، اللەنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ، ئۇلار (ھەقتىن) يىراق بولغان گۇمراھلىقتىدۇر.②»

گەرچە ئۇلار، كۆڭۈللىرىدە ۋەھيىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن، ئىلاھى ھىدايەتنى ۋە اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار بۇنى ئېتىراپ قىلسا، چوقۇم بۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك. ھالبۇكى، ئۇلار اللە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارزۇلىرى ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى قاپلاپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار اللەنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن بۇيرۇقنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، باتىل تەرەپدارى بولۇپ جىدەللىشىدۇ. ھايات ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلەر ئۈچۈن اللە بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلاردىن باشقا قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى بىز ھەق ئۈستىدىكى كىشىلەرمىز، بىز ئەگىشىۋاتقان قانۇن ۋە قائىدە-تۈزۈملەر، ئەگىشىشكە اللە چۈشۈرگەن قۇرئان كەرىمدىنمۇ ھەقلىقراق دەيدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن شېرىككە (يەنى غەيرىنىڭ قانۇنىغا ئەگىشىش شېرىكىگە) چۈشۈپ قالىدۇ③.

اللە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە، بولۇپمۇ، مەككە

---

① سۈرە نەھل: 107 ـ 108 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىبراھىم: 3 ـ ئايەت.
③ بىز كېيىنكى بابلاردا شېرىكنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە تەپسىلي توختىلىمىز.

سۈرىلىرىدە تەپسىلى سۆزلىگەن ئەرەب جاھىلىيتى مۇشۇ خىل شەكىلدە ئىدى. شۇنداقلا، كۆكۈل تارتىدىغان نەرسىلەرگە قۇلالقلىرىغىچە پېتىپ كەتكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەھىيسىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغان ھازىرقى زامان جاھىلىيتىنىڭمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. چۈنكى، ھازىرقى زامان جاھىلىيتىمۇ ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگىشىدۇ ۋە الله نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمگە بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ.

### 4 ـ اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش:

چوڭچىلىق قىلىشمۇ ئىنسان تەبىئىتىدە پەيدا بولىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ساغلام تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ توغرا ھالىتىدىن ئازدۇرۇپ شېرىككە چۈشۈرۈپ قويىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىرىدۇر.

چوڭچىلىق قىلىشنىڭ بىر قانچە دەرىجىلىرى بار بولۇپ ئۇ، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىش بىلەن باشلىنىپ اللهغا چوڭچىلىق قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چوڭچىلىقنىڭ ھەممە دەرىجىسى رەزىل، قەبىھ خاراكتېر بولۇپ، بۇ ئىش ساغلام ۋە نورمال روھىيەت تەرىپىدىن سادىر بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختۇلۇپ: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بار ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەن چاغدا، بىر ئادەم: «كىشىلەر كىيىم ـ كېچەك ۋە كەشىلىرىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىدىغۇ» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا جاۋابەن: «الله گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. كىبىر دېگەن ھەقنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى مەنسىتمەسلىكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن①.

---

① بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەكەببۇرلۇق دۇنيا ھاياتىدا مال ـ دۇنيا، يۈز ـ ئابرۇي ۋە ھوقۇققا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە پەيدا بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھالەت پەقەت ئۇلارغىلا خاس ئەمەس. چۈنكى، تەكەببۇرلۇق ھەرقانداق كېسەل روھقا سىڭىپ كىرگەن ھامان ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئىنسانلارنىمۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرى «شۆھرەتپەرەسلىك» دەپ ئاتاۋاتقان كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

الله نەمرۇتنىڭ قىسسىسىدە سۆزلەپ ئۆتكىنىدەك، ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك كىتابىدا تەكەببۇرلۇقنى كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ سەۋەبى دەپ بايان قىلىدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللَّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللَّهُ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

«پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، اللەنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (اللەنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): ”مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ“ دېدى. ئۇ: ”مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن“ دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): ”اللە ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن“ دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.①»

بۇ ھالەت پىرئەۋن قىسسىسىدە مۇنداق بايان قىلىنىدى:

﴿وَنَادَى فِرْعَوْنُ فِي قَوْمِهِ قَالَ يَا قَوْمِ أَلَيْسَ لِي مُلْكُ مِصْرَ وَهَذِهِ الأَنْهَارُ تَجْرِي مِنْ تَحْتِي أَفَلا تُبْصِرُونَ﴾

«پىرئەۋن ئۆز قەۋمى ئىچىدە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟"②»

«اذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَى، فَقُلْ هَل لَّكَ إِلَى أَن تَزَكَّى، وَأَهْدِيَكَ إِلَى رَبِّكَ فَتَخْشَى، فَأَرَاهُ الآيَةَ الْكُبْرَى، فَكَذَّبَ وَعَصَى، ثُمَّ أَدْبَرَ يَسْعَى، فَحَشَرَ فَنَادَى، فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الأَعْلَى، فَأَخَذَهُ اللَّهُ نَكَالَ الآخِرَةِ وَالأُولَى»

«سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا: "(كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى خالامسەن. سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىسەن ـ دە، (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن)، دېگىن". مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى. پىرئەۋن (اللەنىڭ پەيغەمبىرى مۇسانى) ئىنكار قىلدى ۋە (اللەنىڭ ئەمرىگە) ئاسىيلىق قىلدى. ئاندىن پىرئەۋن (مۇسادىن) يۈز ئۆرۈپ (ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە) كىرىشتى. (ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ دېدى: "مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن". الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى.③»

ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدى:

---

① سۈرە بەقەرە: 258 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇخرۇف: 51 ـ ئايەت.
③ سۈرە نازىئات: 17 ـ 25 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿ذَرْنِي وَمَنْ خَلَقْتُ وَحِيدًا، وَجَعَلْتُ لَهُ مَالا مَمْدُودًا، وَبَنِينَ شُهُودًا، وَمَهَّدتُّ لَهُ تَمْهِيدًا، ثُمَّ يَطْمَعُ أَنْ أَزِيدَ، كَلا إِنَّهُ كَانَ لآيَاتِنَا عَنِيدًا، سَأُرْهِقُهُ صَعُودًا، إِنَّهُ فَكَّرَ وَقَدَّرَ، فَقُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ، ثُمَّ قُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ، ثُمَّ نَظَرَ، ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ، ثُمَّ أَدْبَرَ وَاسْتَكْبَرَ، فَقَالَ إِنْ هَذَا إِلا سِحْرٌ يُؤْثَرُ، إِنْ هَذَا إِلا قَوْلُ الْبَشَرِ، سَأُصْلِيهِ سَقَرَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈردۈم. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىمنى تېتىتىمەن. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان كەرىم ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى؟ يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى؟ ئاندىن ئۇ قارىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى: ”بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر“ دېدى. ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دەۋزەخقا) سالىمەن.[①]»

اللە بىزگە تەكەببۇرلۇقنىڭ مۇئەييەن شەخسلەردىكى ئەھۋال ئەمەس، بەلكى، خىلى كۆپ ساندىكى كىشىلەردە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَانٍ أَتَاهُمْ إِنْ فِي صُدُورِهِمْ إِلا كِبْرٌ مَا هُمْ بِبَالِغِيهِ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾

«شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (اللە

---

① سۈرە مۇددەسسىر: 11 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلارنىڭ كۆكرەكلىرىدە پەقەت كىبىرى بار، ئۇلار (اللهنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت) مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، اللهغا سىغىنىپ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن)، ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.①»

چوقچىلىق قىلىش ئارقىلىق اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىش ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە كۆرۈلىۋاتقان ئەڭ گەۋدىلىك ئازغۇنلۇقلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ مال-دۇنيا، يۈز-ئابروي ۋە ھوقۇققا ئىگە بولغان كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، بۇ كېسەللىك پۈتۈن غەرب دۇنياسىدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا يامرىدى. نەتىجىدە غەربلىكلەر اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىش ئارقىلىق ئەڭ ئەرزىمەس كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

**5 ـ كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلماقچى بولىۋاتقان ۋە الله چۈشۈرگەن قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى رەت قىلىدىغان تاغۇتلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى:**

پۈتكۈل جاھىلىيەت تارىخىدىكى شېرىكنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى تاغۇتلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدۇر. بۇ تاغۇتلار ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلماقچى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشقا بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار، الله نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمگە بويسۇنۇشنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرى ئۇچۇن الله بەلگىلەپ بەرگەن قانۇندىن باشقا قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسى بويىچە ھالال (قانۇنلۇق) ياكى ھارام (قانۇنسىز) دەپ بېكىتىدۇ. قوللىرىدىكى ھۆكۈمرانلىققا تايىنىپ

① سۈرە غافىر: 56-ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۆزلىرىنىڭ ساختا قانۇنلىرىنى ئىنسانلارغا تاڭىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ تاغۇتلار قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى اللهغا تاپشۇرماستىن ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان چاغدىلا، اللهنى قويۇپ ئۆزلىرىنى مەبۇد تىكلىۋالغان بولىدۇ. چۈنكى، پەقەت اللهلا ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار زات بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىدۇر:

﴿أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ﴾

«يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر.[1]»

﴿وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾

«(سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.[2]»

الله پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ئىلاھى ۋە پەرۋەردىگارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، اللهنىڭ بۇ ھالال، بۇ ھارام، بۇ چىرايلىق، بۇ سەت، بۇ يوللۇق، بۇ يولسىز دېيىش ھوقۇقى بولىدۇ. دېمەك، ھەر قانداق بىر كىشى ئۆزىنى مېنىڭ ھالال-ھارام قىلىش، چەكلەش، يولغا قويۇش ھوقۇقۇم بار دەپ دەۋا قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزىنى اللهغا شېرىك قىلغان بولىدۇ. بەلكى، اللهنى قويۇپ ئۆزىنى ئىلاھ تىكلىگەن بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشلىرىغا، قانۇنلىرىغا ئەگەشسە، بويسۇنسا ئۇنى ئىبادەتتە اللهغا شېرىك قىلغان بولىدۇ ياكى اللهنى قويۇپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

بۇ تاغۇتلار، الله قۇرئان كەرىمدە «قەۋمنىڭ چوڭلىرى» دەپ

---

① سۈرە ئەئراف: 54 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 216 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاتىغان كىشىلەرنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، بۇلار اللە ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە تۈنجى بولۇپ قارشى چىققان كىشىلەردۇر:

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ فَقَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ إِنِّيَ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ، قَالَ الْمَلأُ مِن قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ﴾

«شەك شۈبھىسىزكى، نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: "ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن" دېدى. قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: "بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرىمىز" دېدى.①»

﴿وَإِلَى عَادٍ أَخَاهُمْ هُوداً قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ أَفَلاَ تَتَّقُونَ، قَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي سَفَاهَةٍ وِإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ الْكَاذِبِينَ﴾

«ئاد (قەۋمى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد: "ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقامسىلەر؟" دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: "بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز" دېدى.②»

﴿وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ قَدْ جَاءتْكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ هَذِهِ نَاقَةُ اللّهِ لَكُمْ آيَةً فَذَرُوهَا تَأْكُلْ فِي أَرْضِ اللّهِ وَلاَ تَمَسُّوهَا بِسُوَءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ، وَاذْكُرُواْ إِذْ جَعَلَكُمْ خُلَفَاء مِن بَعْدِ عَادٍ وَبَوَّأَكُمْ فِي الأَرْضِ تَتَّخِذُونَ مِن سُهُولِهَا قُصُورًا وَتَنْحِتُونَ الْجِبَالَ بُيُوتًا فَاذْكُرُواْ آلاء اللّهِ وَلاَ تَعْثَوْا فِي الأَرْضِ

---

① سۈرە ئەئراف: 59 ـ 60 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 65 ـ 66 ـ ئايەت.

مُفْسِدِينَ، قَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُواْ مِن قَوْمِهِ لِلَّذِينَ اسْتُضْعِفُواْ لِمَنْ آمَنَ مِنْهُمْ أَتَعْلَمُونَ أَنَّ صَالِحًا مُّرْسَلٌ مِّن رَّبِّهِ قَالُواْ إِنَّا بِمَا أُرْسِلَ بِهِ مُؤْمِنُونَ، قَالَ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُواْ إِنَّا بِالَّذِيَ آمَنتُمْ بِهِ كَافِرُونَ﴾

«سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: ”ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ ـ اللە (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگىمۇ سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى اللەنىڭ زېمىنىغا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا، سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ. ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا اللە سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدى، سىلەرنى (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىرىگە ئىمارەتلەر سالدىڭلار، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەر ياسىدىڭلار. اللەنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار“ دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆئمىنلەرگە: ”سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟“ دېدى. ئۇلار: ”بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز“ دېدى. ھېلىقى تەكەببۇرلار: ”سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز“ دېدى.[①]»

«قەۋمىنىڭ چوڭلىرى» دائىم مانا مۇشۇنداق ھالەتتە اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىدۇ. ئاندىن، يالغانغا چىقىرىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن يەنە ئۇلارغا تەھدىت سالىدۇ.

بۇ ئىش قارىماققا سەل غەلىتىرەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە

① سۈرە ئەئراف: 73 ـ 76 ـ ئايەتلەر.

غەلىتە ئەمەس.

قەۋمنىڭ بۇ چوڭلىرى ئۆزلىرى تايىنىپ تۇرۇپ ئىنسانلارنى قۇل قىلىۋاتقان بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئەمەلىيەتتە، قانۇنلۇق ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ھاكىمىيىتى اللە نازىل قىلغان قۇرئانغا كەرىمگە تۈپتىن قارشىدۇر. لېكىن، ئۇلار بۇنى بىلمەس بولىۋالىدۇ، زوراۋانلىق ۋە چوڭچىلىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلىقىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى كېلىپ، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگە ئېيتقان: ﴿يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَـهٍ غَيْرُهُ﴾ يەنى، «ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر» دېگەن بۇ سۆزنى ئېيتسا، ئۇ ئەلچى ئەمەلىيەتتە، بارلىق ئىشلارنى قانۇن چىقىرىش، ھالال ـ ھارامنى بەلگىلەش، توغرا ۋە خاتا ئىشلارنى بەلگىلەشتە بىردىنبىر ھوقۇق ئىگىسى بولغان اللەغا قايتۇرۇڭلار دەپ چاقىرغان بولىدۇ.

قەۋمنىڭ چوڭلىرى پەيغەمبەرلەرگىلا تەھدىت سېلىش بىلەن بولدى قىلماستىن، بەلكى، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قۇل قىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقىنى تاشلاپ، اللە تەرەپكە قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كىشىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغىمۇ خۇددى ئەلچىلەرگە تەھدىت سالغاندەك تەھدىت سالىدۇ. ئۇلاردىن داۋاملىق ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىدا تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ساداقىتىنى اللەغا تەقدىم قىلىشتىن توسىدۇ. يەنى ئۇلارنى اللەغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىيدۇ. ئەگەر ئۇلار اللەغا بويسۇنسا ئۇلارنى يوقىتىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالىدۇ.

تاغۇتلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا بويسۇنىدىغان بوزەك قىلىنغۇچىلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى بىر ـ بىرىگە قارىتا ئۆتۈك تاناسىپ شەكىللەندۈرىدۇ. تاغۇتلار اللەغا شېرىك

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، بوزەك قىلىنغۇچى پۇقرالار بولسا قورققانلىقتىن ياكى بويسۇنغانلىقتىن ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

الله تاغۇتلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ بَدَّلُواْ نِعْمَةَ اللهِ كُفْرًا وَأَحَلُّواْ قَوْمَهُمْ دَارَ الْبَوَارِ، جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا وَبِئْسَ الْقَرَارُ، وَجَعَلُواْ لِلّهِ أَندَادًا لِّيُضِلُّواْ عَن سَبِيلِهِ قُلْ تَمَتَّعُواْ فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ إِلَى النَّارِ﴾

«اللەنىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ھالاكەت مەۋقەسى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! ئۇلار (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) ئازدۇرۇش ئۈچۈن، اللەغا نۇرغۇن بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالدى. ئۇلارغا: "(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولدۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزەختۇر" دېگىن.①»

الله يەنە بوزەك قىلىنغۇچىلار ھەققىدىمۇ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَن نُّؤْمِنَ بِهَذَا الْقُرْآنِ وَلا بِالَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَلَوْ تَرَى إِذِ الظَّالِمُونَ مَوْقُوفُونَ عِندَ رَبِّهِمْ يَرْجِعُ بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ الْقَوْلَ يَقُولُ الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا لَوْلا أَنتُمْ لَكُنَّا مُؤْمِنِينَ، قَالَ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا لِلَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا أَنَحْنُ صَدَدْنَاكُمْ عَنِ الْهُدَى بَعْدَ إِذْ جَاءكُم بَلْ كُنتُم مُّجْرِمِينَ، وَقَالَ الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا بَلْ مَكْرُ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ إِذْ تَأْمُرُونَنَا أَن نَّكْفُرَ بِاللَّهِ وَنَجْعَلَ لَهُ أَندَادًا وَأَسَرُّوا النَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُا الْعَذَابَ وَجَعَلْنَا الأَغْلالَ فِي أَعْنَاقِ الَّذِينَ كَفَرُوا هَلْ يُجْزَوْنَ إِلا مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

«كاپىرلار: "بۇ قۇرئان كەرىمغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز" دەيدۇ. ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن

---

① سۈرە ئىبراھىم: 28 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: ”ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق“ دەيدۇ. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: ”سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزۈڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار“ دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: ”ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللەنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار“ دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.[1]»

@ @ @ @ @

[1] سۈرە سەبەئ: 31 ـ 33 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## شېرىكنىڭ تۈرلىرى

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ "ئەرەبلەر جاھىلىيەتتىكى مۇشرىكلار بۇتلارغا چوقۇناتتى" دېگەننى تارىخنى ئۇقۇپلا، "ئەرەبلەرنى مۇشرىك دەپ سۈپەتلەشنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنغانلىقىدا ئىكەن، ئۇنداقتا، شېرىكنىڭ بىردىنبىر شەكلى بۇتلارغا چوقۇنۇشتۇر" دەپ ئويلاپ قالغىنىدەك، بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە سەجدە قىلىشلا شېرىكنىڭ بىردىنبىر شەكلى ئەمەس.

بىز قۇرئان كەرىمگە قايتىپ، ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ھاياتىغا چوڭقۇر نەزەر سېلىپ باقساق شۇنى بايقايمىزكى، پۈتۈن ئىنسانىيەت باشتىن كەچۈرگەن ئۇزاق تارىخى جەريانىدا باشقا خىلمۇ ـ خىل جاھىلىيەتلەر مەۋجۇد بولسىمۇ، بىراق، بۇتلارغا چوقۇنۇش ئەرەب جاھىلىيىتىدىكى شېرىك تۈرلىرىنىڭ پەقەت بىرلا شەكلى ئىدى (يەنى شېرىكنىڭ باشقا تۈرلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى.)

ئەمەلىيەتتە، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، ئۇ بايان قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس. لېكىن، شېرىكنىڭ دائىرىسى بۇتلارغا چوقۇنۇش، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش ۋە قۇربانلىقلانى تەقدىم قىلىشتىنمۇ كەڭدۇر. شېرىك ئوخشىمىغان جاھىلىيەتتە ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن مەيدانغا چىقتى. ئۇ، ھېلىھەم شەرىق ۋە غەربتىكى ئىنسانلار ھاياتىدا خىلمۇ ـ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆز تۇيغۇلىرىدا شېرىكنى پەقەت بۇتلارغا چوقۇنۇشقىلا خاسلاشتۇرۇپ قويغاچقا، شېرىكنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قاراپ باقمايدۇ، بۇلارنىڭمۇ شېرىكنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئەرەب جاھىلىيىتىنىڭ ئۆزىدىلا شېرىكنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن باشقا يەنە، پەرىشتىلەرگە ۋە جىنلارغا چوقۇنۇش، ئۇلارنى اللەنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دەرگاھىدا ئۇلارغا شاپائەت قىلالايدۇ ۋە ئۇلارنى اللەغا يېقىنلاشتۇرالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ئوخشاش كۆپلىگەن تۈرلىرى بار ئىدى.

مەسىلە، قەبىلە ئۇلارنىڭ ئېگىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ ھېساپلىناتتى.

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە دۈرەيد ئىبنى سەممەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە قاراپ باقايلى!

مەن «غەزىيە قەبىلىسى»دىن، ئۇ ئازسا ئازارمەن،

ئەگەر ئۇ تاپسا توغرىنى، مەنمۇ ئۇنى تاپارمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئۇنىڭ مەنىسى، مېنىڭ نەزىرىمدە قەبىلەم (غەزىيە)دىن باشقا توغرا ياكى ئازغۇنلۇقنىڭ ھېچقانداق ئۆلچىمى يوق دېگەنلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىنمۇ قەبىھتۇر. يەنى، قەبىلەم ماڭا ھالال ـ ھارامنى بەلگىلەپ بېرىدۇ... ئەگەر قەبىلەم ئازسا، مەن قەبىلەمنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ قەبىلەم بىلەن بىللە ئازىمەن دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئازغۇنلۇقنى قەبىلە سادىر قىلغان ۋاقىتتا ئۇ ئازغۇنلۇق ھالال بولىدۇ. ئەگەر قەبىلە توغرا يول تاپسا، توغرا يول ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، قەبىلە شۇ يولغا ماڭغانلىقى ئۈچۈنلا قەبىلە بىلەن بىللە ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىش مۇشۇ چاغدىلا ھالالدۇر.

ھەر ئىككى خىل ھالەتتە بىز ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا اللەنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال ۋە ھارام ھۆكۈملىرىنى اللەدىن قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت

قىلمايدۇ. ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا اللەنىڭ قانۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلمايدۇ. بەلكى، ئۆزىنىڭ ھالال ۋە ھارام ھۆكۈملىرىنى پەقەت قەبىلىدىن ئالىدۇ، قەبىلىدىن ئۆگىنىدۇ، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا قەبىلىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. مانا بۇ ھالەتتە، گەرچە ئۇ كىشى اللەنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى، اللەنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قەبىلە ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن ھەقىقى پەرۋەردىگاردۇر.

شۇنداقلا، بۇ بىلىمسىز، نادان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاتا ـ بوۋا ۋە ئەجدادلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمۇ اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان «ئىلاھ» ھېسابلىناتتى:

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا﴾

«ئەگەر ئۇلارغا: ”الله نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان كەرىم) غا ئەگىشىڭلار“ دېيىلسە، ئۇلار: ”ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز“ دەيدۇ.①»

ئۆزلىرىنىڭ جاھىلىيەتتىكى ھاياتىدا بۇنداق سۆزلەرنى قىلغان كىشىلەر پەقەت ئەرەبلەرلا ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە قارىغاندا نۇھ، ئاد، سەمۇد ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق ئىدى:

﴿أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَأُ الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَالَّذِينَ مِن بَعْدِهِمْ لاَ يَعْلَمُهُمْ إِلاَّ اللّهُ جَاءتْهُمْ رُسُلُهُم بِالْبَيِّنَاتِ فَرَدُّواْ أَيْدِيَهُمْ فِي أَفْوَاهِهِمْ وَقَالُواْ إِنَّا كَفَرْنَا بِمَا أُرْسِلْتُم بِهِ وَإِنَّا لَفِي شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَنَا إِلَيْهِ مُرِيبٍ، قَالَتْ رُسُلُهُمْ أَفِي اللّهِ شَكٌّ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ يَدْعُوكُمْ لِيَغْفِرَ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرَكُمْ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى قَالُواْ إِنْ أَنتُمْ إِلاَّ بَشَرٌ مِّثْلُنَا تُرِيدُونَ أَن تَصُدُّونَا عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ آبَآؤُنَا﴾

«سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە

① سۈرە لوقمان: 21 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئــۇلاردىن كېــيىن كەلــگەن، (ســانىنى) پەقەت الــلە بىلــىدىغان ئۈممەتلەرنىــڭ خەۋىــرى ســىلەرگە يەتمــىدىمۇ؟ ئۇلارغــا پەيغەمبەرلــىرى مــۆجىزىلەر بىــلەن كەلــدى، ئــۇلار قــوللىرى بىــلەن پەيغەمبەرلەرنىــڭ ئېغىزلىرىغــا ئىشــارەت قىلىــپ (يەنــى ئۇلارنىــڭ ســۈكۈت قىلىشــىنى كۆرسىتىپ): "بىــز ســىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنــى ھەقىــقەتەن ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشقا ھەقىقەتەن زور گۇماندىمىز" دېــدى. پەيغەمبەرلــىرى: "ئاســمانلارنى ۋە زېمىننــى يــاراتقۇچى اللەنىــڭ (بىرلىكىــدە) شــەك بــارمۇ؟ الــلە گۇنــاھلىرىڭلارنى مەغپىــرەت قىلىــش ئۈچۈن، سىلەرنى (ئىمانغا) دەۋەت قىلىدۇ، سىلەرنى (جازالاشنى) مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلىڭلار يەتكۈچە) تەخىر قىلىدۇ" دېــدى. ئــۇلار: "ســىلەر پەقەت بىــزگە ئوخشــاش ئىنســان، ئاتــا ـ بــوۋىلىرىمىز ئىبــادەت قىلىــپ كېلىۋاتقــان (بــۇتلار) غــا ئىبــادەت قىلىشــىمىزدىن توســماقچى بولىسىلەر" دېدى.①»

بۇنىڭغا ئاساسەن بىــز، مەيلــى ئەرەپ جاھىلىيىتىــدە بولسۇن يــاكى باشقا جاھىلىيەتلەردە بولسۇن، بۇت ـ ھەيكەللەرنى «اللە» دەپ ئــويلاپ ئۇنىڭغــا چوقۇنــۇش ۋە ئىبــادەت قىلىشــتىن باشــقا، يەنە شــېرىكنىڭ نۇرغــۇن تــۈرلىرىنى تاپــالايمىز. مەســىلەن: پىــرئەۋىن جاھىلىيىتىنىــڭ قۇياشنىڭ سىرتقى يــۈزىنى، مەجۇســىيلار (ئاتەشپەرەســلەر)نىڭ ئــوتنى، ئاشۇرىلارنىڭ بەئلى ناملىق بۇتنى، نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىــڭ ۋەد، ســۇۋائ، يەغــۇس، يەئــۇق ۋە نەســرنى ئىــلاھ دەپ ئېتىقــاد قىلغىنىغــا ئوخشاش.

**شېرىكنىڭ بىر قىسىم تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:**

---

① سۈرە ئىبراھىم: 9 ـ 10 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## 1. يېقىنچىلىق ئىزدەشتىكى شېرىك:

﴿وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ مَا نَعْبُدُهُمْ إِلا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾

«ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: "بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر" (دەيدۇ).[①]»

شېرىكنىڭ بۇ تۈرگە ـ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئاللاھنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى دەپ تونۇيدىغان نۇرغۇن ئادەملەر چۈشۈپ قالىدۇ. يەنى، ئىنسان يۇقىرىقىلارنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە بەزى نەرسىلەردە ئۇلۇھىيەتنىڭ سۈپەتلىرى بار ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن، ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئاللاھقا يېقىنلىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ دەپ خاتا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

كىمكى بۇتلاردىن يېقىنچىلىق ئىزدىسە، ئۇلارنى ئۇلۇغلىسا، ئۇلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ، سەجدە قىلسا ۋە ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلسا، بۇ ئادەم شەك ـ شۈبھىسىز ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

شېرىكنىڭ بۇ تۈرى تەلىم ـ تەربىيە، مەدەنىيەت ۋاستىلىرى قولايلاشقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىلمى ۋە ئىدىيۋى نەتىجىلىرى كېڭەيگەن ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىگە نىسبەتەن كىشىلەر ئۈنىڭدىن ئۈيالغۇدەك دەرىجىدە ئىنتايىن بىمەنىلىك ۋە ئەخمىقانىلىقتەك كۆرۈنىدۇ.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئىسلام زېمىنىدا ۋە ئىسلام زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى بىر قىسىم رايونلاردا ئۆزلىرىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشنى

---

① سۈرە زۇمەر: 3 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تىلەپ ماشايىخلارنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ، ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىلىرى ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىپ ئايلىنىۋاتقان مىلىيونلىغان كىشىلەرگە قاراپ بېقىڭ!

كۆڭۈللىرىدە ئۇلۇغ بىلىدىغان ئەۋلىيالار، شەيخلەر ۋە كاتتا غوجاملارنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، اللەنىڭ غەزىپىدىن قورقمايدىغان، پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشتە اللەدىنمۇ يېقىن دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان پادىشاھلار، ئالىملار ياكى زۇڭتۇڭلارنى ئۇلۇغلايدىغان كىشىلەرگە قاراپ بېقىڭ!

سىز ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا تارىختىكى بارلىق جاھىلىيەت چوقۇنغۇچىلىرىدىنمۇ چوڭقۇرلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلالىدىڭىزمۇ؟ اللە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿أَلا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ مَا نَعْبُدُهُمْ إِلا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾

«بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن اللەغا خاستۇر، اللەنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: "بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر" (دەيدۇ).»[①]

**2 ـ اللەنىڭ غەيرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلىشتىكى شېرىك:**

اللەنىڭ غەيرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلىش شېرىكى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش شېرىكىگە يېقىندۇر. چۈنكى، شاپائەت تەلەپ قىلىش شېرىكى يېقىنچىلىق ئىزدەش شېرىكىنىڭ داۋامىدۇر.

ئەرەبلەر جاھىلىيەتتە بۇ ئىككى شېرىكنى بىرلىكتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بۇتلارغا ئۆزلىرىنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇشى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇتلارنى اللەنىڭ دەرگاھىدا

---

① سۈرە زۇمەر: 3 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

اللەغا سۆزى ئۆتىدىغان ھەمراھلىرىمىز دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن شاپائەت تەلەپ قىلاتتى:

﴿وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَالايَضُرُّهُمْ وَلا يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلاءِ شُفَعَاؤُنَا عِنْدَ اللَّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللَّهَ بِمَا لا يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلا فِي الأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

«ئۇلار اللەنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، "بۇلار (يەنى بۇتلار) اللەنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار" دېيىشىدۇ، ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى اللەنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى الله بىلمەي قېلىپ، سىلەر اللەغا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.[①]»

﴿أَمِ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِ اللَّهِ شُفَعَاءَ قُلْ أَوَلَوْ كَانُوا لا يَمْلِكُونَ شَيْئاً وَلا يَعْقِلُونَ، قُلْ لِلَّهِ الشَّفَاعَةُ جَمِيعاً لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾

«(ئۇلار پىكىر يۈرگۈزمىدى) بەلكى اللەنى قويۇپ، (بۇتلاردىن شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى، "ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ؟). شاپائەتنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچ ئادەم اللەنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر. ئاندىن سىلەر اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر".[②]»

ئۇلار ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشى ئۈچۈن بۇتلارغا، بۇلۇپمۇ، لات، ئۇززا ۋە ماناتقا ئىبادەت قىلاتتى. شۇنداقلا ئۇلار يەنە، «پەرىشتىلەر اللەنىڭ قىزلىرى، شۇڭا اللەنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ سۆزى ئۆتىدۇ»

---

① سۈرە يۇنۇس: 18 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇمەر: 43 ـ 44 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دېگەن باتىل ئېتىقادلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە پەرىشتىلەرگىمۇ چوقۇناتتى:

﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَداً سُبْحَانَهُ بَلْ عِبَادٌ مُكْرَمُونَ، لا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ، يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلا يَشْفَعُونَ إِلا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): ”اللەنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار“ دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. اللە (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر اللەنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار اللەغا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار اللە رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللەنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.①»

قارىماققا، بۇ مەسىلە ئەرەب جاھىلىيىتىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئاخىرلاشقاندەك، ئەمدى مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

لېكىن، بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئويلانغان ئادەم پايدا ـ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش، بەندىلەرنى رازى قىلىشتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەۋلىيالارنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى اللەنىڭ دەرگاھىدا شاپائەتچى قىلىۋالغىنىغا ئوخشاش بۇ خىل شېرىكنىڭ شەكىللىرىنى تاپالايدۇ.

شاپائەت مەسىلىسى بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدەش مەسىلىسى ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى «رېئال دۇنيادا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا اللە بىلەن ئورتاق ئىگە بولالايدىغان، اللەنىڭ ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان شەخسلەر بار» دېگەن خاتا ئويدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بولسا ئاساسسىز، خاتا ئويدۇر. چۈنكى، اللە پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن بىھاجەتتۇر، كائىناتتىكى بارلىق ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز

---

① سۈرە ئەنبىيا: 26 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە كونترۇل قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ كائىناتتىكى ئىشلار، اللەنىڭ ئىرادىسى ئىشقا ئاشىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ بەندىلىرىدۇر، اللەدىن ئەڭ قورقىدىغان كىشىلەرلا اللەغا ئەڭ يېقىن ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار، قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ئالدىدا اللە قوبۇل قىلىدىغان ۋە اللە ئۆزى ئىجابەت قىلىدىغان شاپائەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى يوققا چىقارمايدۇ. لېكىن، ئۇ شاپائەت بىرىنچىدىن: اللە شاپائەت قىلغۇچىنىڭ شاپائەت قىلىشىغا بەرگەن رۇخسەت بىلەن، ئىككىنچىدىن: اللەنىڭ شاپائەت قىلىنغۇچىدىن رازى بولۇش شەرتى بىلەن بولىدۇ:

﴿يَوْمَ يَقُومُ الرُّوحُ وَالْمَلائِكَةُ صَفّاً لا يَتَكَلَّمُونَ إِلا مَنْ أَذِنَ لَهُ الرَّحْمَنُ وَقَالَ صَوَاباً﴾

«جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇلار(نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان اللەنىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ بىراۋنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ.①»

﴿وَلا يَشْفَعُونَ إِلا لِمَنِ ارْتَضَى﴾

«ئۇلار اللە رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ.②»

﴿وَكَمْ مِنْ مَلَكٍ فِي السَّمَاوَاتِ لا تُغْنِي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئاً إِلا مِنْ بَعْدِ أَنْ يَأْذَنَ اللَّهُ لِمَنْ يَشَاءُ وَيَرْضَى﴾

«ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت اللە ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى

---

① سۈرە نەبە: 38 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنبىيا: 28 ـ ئايەت.

ئەسقاتىدۇ.[1]»

**3 ـ ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىشتىكى شېرىك:**

ئىبادەتتىكى ئەسلى قائىدە ئىتائەت قىلىشتۇر. اللەغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەنىسى ـ الله بۇيرىغان ۋە توسقان ئىشلاردا اللەغا ئىتائەت قىلىش، اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىغا، ئىلاھلىقىغا، بۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىناتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى ۋە كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتۇر. مانا بۇنداق راستچىل ئىمان ئۇلۇھىيەتتە شېرىكسىز، يېگانە اللەغا ئىتائەت قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

ئازغۇنلۇقتا چېكى تۇرىدىغان، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلىدىغان، ئىتائەتتە اللەنىڭ غەيرىگە يۈزلىنىدىغان، ھالال ـ ھارام ۋە توغرا ـ خاتا چۈشەنچىلىرىنى اللەنىڭ غەيرىدىن قوبۇل قىلىدىغان كىشى گەرچە ئېغىزىدا اللەنىڭ شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە زات ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىدىغانلىقىنى ھەرقانچە دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇنى چىن كۆڭلىدىن ئىقرار قىلغان بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كىشى اللەنىڭ غەيرىنى ئۇلۇھىيەت ئورنىدا قويۇپ، الله ئۈچۈنلا قىلىشقا تېگىشلىك ئىبادەتتە ۋە ئىتائەتتە شۇنىڭغا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

الله قۇرئان كەرىمدە يەھۇدىي ۋە ناسارالار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھبىرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى

[1] سۈرە نەجم: 26 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر.[1]»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قېشىغا مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەدى ئىبنى ھاتەمنىڭ قىسسىسىدە ئىبادەت ئۇقۇمى بىلەن اللەنى قويۇپ ئالىم ۋە راھىبلارنى مەبۇد قىلىۋېلىش ئۇقۇمىنى ناھايىتى ئېنىق، كەسكىن بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەدي مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بوينۇمدا ئالتۇندىن ياسالغان كرېست بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ماڭا: "ھەي ئەدي! بوينۇڭدىكى بۇتنى ئېلىۋەت!" دېدى. مەن ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتىم. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە تەۋبەدىكى مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى:

﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر.[2]»

---

① سۈرە تەۋبە: 31ـ ئايەت.
② سۈرە تەۋبە: 31ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۇلارغا ئىبادەت قىلمايتتۇق“ دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ: ” ئۇلار اللە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، سىلەرمۇ بۇنى ھارام دەپ ئېتقاد قىلىسىلەر، اللە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، سىلەر ئوخشاشلا بۇنى ھالال دەپ ئېتقاد قىلىسىلەر. ئەجەبا شۇنداق ئەمەسمۇ؟“ دېدى. مەن: ”شۇنداق“ دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا بۇ شۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر دېدى①.

ئەدى ئىبنى ھاتەم ئىبادەت دېگەن پەقەت رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشتىن ئىبارەت دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ: «يەھۇدىي، خىرىستىئانلار ھىبرىلىرغا ۋە راھىبلىرىغا ئىبادەت قىلمىغان» دېدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىشنىڭ ماھىيىتىنى اللە بىلدۈرگەن بويىچە ئەينەن بايان قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىيگە اللە نازىل قىلغان كىتابنىڭ غەيرىگە تايىنىپ، ھالال ـ ھارامنى بەلگىلەپ بەرگەن ئالىملارغا، موللىلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ شۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىق ۋە اللەغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. اللە ھەقىقى مەئبۇد بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش اللەغىلا خاستۇر. گەرچە، بۇنىڭدا رۇكۇ ـ سەجدە ۋە تەقدىم قىلىنىدىغان قۇربانلىقلار بولمىسىمۇ بۇ

① ئەدىي ئىبنى ھاتەم جاھىلىيەتتە خىرىستىيان دىنىغا ئېتقاد قىلاتتى. ئۇنىڭغا رەسۇلۇللانىڭ دەۋىتى يەتكەن چاغدا ئۇ شامغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر تۈركۈم كىشلەر ئەسىرگە ئېلىندى. كېيىن رەسۇلۇللا ئۇنىڭ سىڭلىسىغا ياخشىلىق قىلىپ ئۇنى قويىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا ۋە رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا بېرىشقا قىزىقتۇردى. ئۇ مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللانىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى جەرىر بىر قانچە يول ئارقىلىق ئەدى ئىبنى ھاتەمدىن رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىشلاردا اللەنىڭ غەيرىگە يۈزلىنىش شۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ. دېمەك، اللەغا رۇكۇ ـ سەجدە قىلىش بىلەن ھالال ـ ھارام ھۆكۈملەرنى اللەنىڭ قانۇنى بولغان قۇرئان كەرىمدىن قوبۇل قىلىش ئوخشاشتۇر. يەنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبادەت شەكىللىنىدۇ. اللە ئۆز بەندىلىرىگە: «سىلەر ماڭا رۇكۇ ـ سەجدە قىلساڭلار، سىلەرنىڭ ماڭا قىلىدىغان ئىبادىتىڭلار تامام بولىدۇ، ھالال ـ ھارام ... ھۆكۈملەردە مەندىن باشقىلارغا ئىتائەت قىلساڭلارمۇ سىلەرگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ» دېمىدى. بەلكى، بەندىلىرىنى ئۆزىگە رۇكۇ ـ سەجدە قىلىشقا، اللە نازىل قىلغان ھالال ـ ھارام ھەققىدىكى ھۆكۈملەرگە ئەگىشىشكە بۇيرىدى. شۇنداقلا ئۇلارغا يەنە، بۇ ئىككى ئىش ئەمەلگە ئاشمىسا ئىسلامنىڭ تولۇق ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى، ھەر ئىككىلى ئىشتا اللەنىڭ غەيرىگە يۈزلەنسە اللەغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى:

﴿لا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِنْ كُنْتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾

«ئەگەر سىلەر پەقەت اللەغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان اللەغا سەجدە قىلىڭلار.[1]»

﴿اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَ﴾

«(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئان كەرىمغا) ئەگىشىڭلار، اللەنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.[2]»

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 37 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 3 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىرىنچى ئايەتتە، اللەنىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىش اللەغا ئىبادەت قىلىشنى يوققا چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى ئايەتتە، اللە نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمگە ئەگەشمەسلىك بىلەن اللەدىن باشقا مەبۇدلار ئەگىشىش ئوخشاشتۇر.

اللە، ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىنى ئاقلىماقچى بولغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلا آبَاؤُنَا وَلا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ﴾

«مۇشرىكلار: "مۇبادا اللە خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، اللە ھارام قىلمىغان (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق" دېدى.[1]»

ئۇلار ئۆزلىرى چۈشۈپ قالغان شېرىكنى بىرلا ۋاقىتتا مۇنداق ئىككى ئىش ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاشكارا مەنىدىكى ئىبادەت، يەنى، رۇكۇ ـ سەجدە قىلىش ۋە يەنە بىرى بولسا، اللە نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ غەيرىگە ئاساسلىنىپ ھالال ـ ھارامنى بەلگىلەشتۇر. ئايەتتە ئۇلار ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولغان بۇ شېرىكنى اللەنىڭ خاھىشى بىلەن بولغان دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارغا ئىسلام ھەقىقىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى پاكىت قىلىدۇ:

﴿وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلا آبَاؤُنَا وَلا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ فَعَلَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ إِلا الْبَلاغُ الْمُبِينُ، وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولاً أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ

---

[1] سۈرە نەھل: 35 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾

«مۇشرىكلار: ”مۇبادا اللە خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، اللەنىڭ رۇخسىتىسىز (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق“ دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت (ھىدايەت قىلىش بولسا اللەنىڭ ئىشىدۇر). بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: ”اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار“ دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.[①]»

شېرىكنىڭ بۇ تۈرى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن يەر شارىنى قاپلاپ كەتتى. ئىسلامى زېمىنلاردىن باشقا زېمىنلار كۇفرىنىڭ ۋە شېرىكنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نامايەندىلىرى ھالال (قانۇنلۇق) ۋە ھارام (قانۇنسىز) ھۆكۈملەرنى بەلگىلەشتە اللە نازىل قىلغان قانۇن (قۇرئان كەرىم)نىڭ غەيرىگە ئەگىشىش ۋە اللەنى قويۇپ خىلمۇ ـ خىل ئىلاھلارنى مەبۇد قىلىۋېلىش شېرىكىدۇر.

ئىسلامي زېمىنلارغا كەلسەك، اللەنىڭ قانۇنىدىن باشقا شەرق ۋە غەربتىن كىرگۈزۈلگەن قانۇنلارغا رازى بولىدىغان بارلىق كىشىلەر شېرىكنىڭ بۇ تۈرىگە كەڭ دائىرىدە چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇيۇشۇش ۋە كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرمەستىن، ئەكسىچە، اللە رۇخسەت قىلمىغان مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئەلمانىزم بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىقتى.

---

① سۈرە نەھل: 35 ـ 36 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مىللەتچىلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەر مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى (گەرچە ئۇلار ھېسسىي نەرسىلەر بولمىسىمۇ) ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىلاھ قىلىپ تىكلىۋالدى ۋە اللەنى قويۇپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلدى.

اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان دۆلەت قۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈن مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىب قىلىۋاتقان كىشىلەر، ئەمەلىيەتتە، مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ قىلىۋالغان بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئاشۇ بايراقنى تىكلىگەن ۋە ئاشۇ بايراققا رازى بولغان كىشى ئوخشاشتۇر. چۈنكى، مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى تىكلىگەن كىشى شۇلارنىڭ نامىدىن ھالال ـ ھارامنى بەلگىلەيدىغان قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا رازى بولغان كىشىلەر ھالال ـ ھارام ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى شۇلاردىن قوبۇل قىلىدۇ ۋە شۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ، ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلىشتا ۋە ئىتائەت قىلىشتا اللەغا يۈزلەنمەيدۇ.

«روزا تۇتۇش ماددى ئىشلەپچىقىرىشقا زىيان يەتكۈزىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن ئىشچىلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىنىڭ زۆرۈرلىكىگە چاقىرغان كىشى، ئەمەلىيەتتە، اللەنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنماي، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش دېگەن مەبۇدقا بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن، ماددى ئىشلەپچىقىرىشنى اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان مەبۇد قىلىۋالغان بولىدۇ.

مەدەنىيەت، تەرەققىيات، ۋە ئەركىنلىك دېگەن چىرايلىق ناملار بىلەن ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ ۋە ئەرلەر بىلەن ئارلاشقان ھالەتتە سىرتلارغا چىقىشىنى جار سېلىۋاتقان كىشى ئەمەلىيەتتە، شۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن مەبۇد قىلىۋالغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى مەدەنىيەت، تەرەققىيات، ۋە ئەركىنلىك نامى بىلەن الله ھارام دەپ بېكىتكەن ئىشنى

ھالال دەيدۇ. اللەغا ئەمەس، شۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ.

غەربلىكلەرنىڭ كۆزىگە قالاق ئەمەس، «مەدەنىيەتلىك» كىشىلەردىن بولۇپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەخلاقنى، يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىغان اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋە ئىسلامى سۈپەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىۋاتقان كىشى، گەرچە ناماز ئوقۇسىمۇ، روزا تۇتسىمۇ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالسىمۇ، اللەنى ئەمەس، غەربنى ۋە غەربنىڭ ئەنئەنىلىرىنى مەبۇد قىلىۋالغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە غەرب ۋە غەرب ئەنئەنىلىرىنىڭ ۋەزنى اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىدىنمۇ ئېغىردۇر. شۇڭا، غەرب ۋە غەرب ئەنئەنىلىرى ئەگىشىشكە ۋە بويسۇنۇشقا تېخىمۇ لايىقتۇر.

شۇنىڭدەك، كىشىلەر شېرىككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلەلمەي يۈرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە بىز كىشىلەر ھاياتىدا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش شېرىكىنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن نۇرغۇن كۆرۈنۈشلىرىنى بايقايمىز. ھالبۇكى، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بۇ مەسىلىنى ئېنىق ۋە رۇشەن بايان قىلىپ بەرگەن ئىدى: ئىبادەت دېگەن ھاياتتىكى ئىشلارنىڭ ھەر بىرىنى اللەدىن قوبۇل قىلىشتۇر. بىز ئىبادەت ئەھكاملىرىمىزنى اللەدىن قوبۇل قىلىمىز. ناماز، روزا، زاكات، ھەج پائالىيەتلىرى بىلەن اللەغا ئىبادەت قىلىمىز. شۇنىڭدەك، ھالال-ھارام ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىمىزنى، يەنى، ھاياتىمىزدىكى چوڭ-كىچىك ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان شەرىئەتنى اللەدىن قوبۇل قىلىمىز. چۈنكى بىز اللەغا ناماز، روزا، زاكات، ھەج ئارقىلىق ئىبادەت قىلغاندەك، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىبادەت قىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىبادەتتۇر. مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىدە بولسىمۇ اللەنىڭ غەيرىگە يۈزلىنىش شېرىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە اللە مۇنداق

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دەيدۇ:

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾

« ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟[①]»

اللە بىزنى شېرىككە چۈشۈپ قالغان بۇ كىشىلەردىن ئايرىلىشقا بۇيرىدى:

﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلا نَعْبُدَ إِلا اللَّهَ وَلا نُشْرِكَ بِهِ شَيْئاً وَلا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَاباً مِنْ دُونِ اللَّهِ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَقُولُوا اشْهَدُوا بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾

«”ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللە غىلا ئىبادەت قىلىش، اللەغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللەنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىرخىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى“ دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): ”(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار“ دەڭلار.[②]»

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن يەر يۈزىگە تارقالغان بۇ شېرىكنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يولىمىزنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىمىز، اللەدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىقىمىز، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئىبادەتتە اللەنى قويۇپ شۇ مەبۇدلارغا يۈزلىنىپ قالماسلىققا تىرىشىشىمىز كېرەك.

### 4 ـ ياخشى كۆرۈش ۋە دوست تۇتۇشتىكى شېرىك:

① سۈرە شۇرا: 21 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 64 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مۇشرىكلارنى ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈش شېرىكسىز ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش شېرىكى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ دوستلۇقى ـ اللهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ـ اللهغا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك:

﴿إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَالَّذِينَ آمَنُوا الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُمْ رَاكِعُونَ، وَمَنْ يَتَوَلَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَالَّذِينَ آمَنُوا فَإِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْغَالِبُونَ، يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الَّذِينَ اتَّخَذُوا دِينَكُمْ هُزُواً وَلَعِباً مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ وَالْكُفَّارَ أَوْلِيَاءَ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾

«شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار الله دۇر، اللهنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى، مۇئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (اللهنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر. كىمكى اللهنى، اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ اللهنىڭ جامائەسىدىندۇر). اللهنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر. ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، اللهدىن قورقۇڭلار.①»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى

---

① سۈرە مائىدە: 55 ـ 57 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ.[1]»

شۇنداقلا، ياخشى كۆرۈشمۇ الله، اللەنىڭ ئەلچىسى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ غەيرى ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك. ياخشى كۆرۈش ھەر قانداق ئەھۋالدا شېرىك ۋە كۇفرىنىڭ دائىرىسىدىكى شەيئى ياكى شەخس ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك:

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَتَّخِذُ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَنْدَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللَّهِ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبّاً لِلَّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُوا إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعاً وَأَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعَذَابِ﴾

«بەزى ئادەملەر اللەدىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللەغا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) اللەنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر اللەنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ اللەغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە اللەنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا اللەغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى).[2]»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا آبَاءَكُمْ وَإِخْوَانَكُمْ أَوْلِيَاءَ إِنِ اسْتَحَبُّوا الْكُفْرَ عَلَى الأِيمَانِ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ، قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار

---

① سۈرە مائىدە: 51 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 165 ـ ئايەت.

زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ). ئېيتقىنكى، ”ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەدىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ“.[①]»

﴿لا تَجِدُ قَوْماً يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ﴾

«اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس).[②]»

ئىبادەت ـ ھازىرقى زاماندىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئويلىغاندەك ـ پەقەت ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئەمەللەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىنسان «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىپ قويۇش ۋە ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەت ئەھكاملىرىنى ئادا

① سۈرە تەۋبە: 23 ـ 24 ـ ئايەت.
② سۈرە مۇجادەلە: 22 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىپ قويۇش بىلەنلا مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. ئىنسان ھەقىقىي تەۋھىدى مۇئمىن، مۇسۇلمانلاردىن بولۇش ئۈچۈن يۇقارقىلار بىلەن بىرگە «تەۋھىد كەلىمىسى»نىڭ تەلەپلىرىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئىنسان داۋاملىق «تەۋھىد كەلىمىسى»نى سۆزلەپ ۋە ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەت ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىپ تۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كاپىرلارنى ۋە مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى (كاپىرلارنى ۋە مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى) ئۇنىڭ سۆزلىگەن «تەۋھىد كەلىمىسى»نى بۇزۇپ تاشلايدۇ. شۇڭا، اللە يەھۇدىي، ناسارالارنى ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ «مۇرتەدلىك» بولىدىغانلىقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، اللە زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ.[①]»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لائِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، اللە (ئۇنىڭ ئورنىغا) اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللەنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن

① سۈرە مائىدە: 51 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) اللەنىڭ پەزلىدۇركى، (اللە) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، اللە (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (اللە) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.①»

تەۋھىد غايەت زور چوڭ ئىش بولۇپ، ئۇ، تىلدا سۆزلەپ قويسىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنساننىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئىدىيلىرىنى، ھەتتا كۆڭلىدە يوشۇرۇن ساقلايدىغان، كىشىلەرگە ئاشكارلىمايدىغان ئىچكى تۇيغۇلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنساننىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ئوي ـ خىياللىرى، تۇيغۇلىرى بىر پرىنسىپ ئۈستىدە بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى اللەغا يۈزلەندۈرۈلمىگىچە ۋە اللەنىڭ پرىنسىپىدىن ئىلىنمىغۇچە تەۋھىد تولۇق ئىشقا ئاشقان بولمايدۇ.

ئىنساننىڭ ھايات پرىنسىپى، ھەرىكەت لىنىيىسى، ئىدىيىسى ۋە ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى اللەنىڭ غەيرىگە بويسۇنىدىغان ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىش شېرىك بولۇپ، اللە ئۇنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئېغىزىدا سۆزلەۋاتقان تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇزغانلىقتۇر.

### 5 ـ رىيا②دىكى شېرىك:

رىيا شېرىكىدىن ئەمەللەرنى اللەنىڭ غەيرى ئۈچۈن قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمەل شەكىل جەھەتتە توغرا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: نامازنىڭ رەكئەتلىرى توغرا، ئولتۇرۇش ـ تۇرۇش شەكىللىرى پەيغەمبەر

① سۈرە مائىدە: 54 ـ ئايەت.

② رىيا ـ ئەمەللەرنى اللەنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، باشقىلارنى كۆرسۈن دېگەن مەقسەتتە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان تەرتىپ ۋە شەكىل بويىچە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ناماز ئوقۇغۇچى نامازنى اللەنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق اللەغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە ئوقۇماي، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ماختىشى ۋە ياخشى ئادەم ئىكەن دېيىشى ئۈچۈن ئوقۇسا، بۇ يەردىكى ئەيىپ ئەمەلنىڭ شەكلىدە ئەمەس، بەلكى، ئەمەلدە اللەنىڭ غەيرىگە يۈزلەنگەنلىكتە بولىدۇ.

كىمكى، پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلسا ياكى ھەر قانداق بىر ئەمەلنى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى كۆزلەپ قىلغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ كىشى رىيا شېرىكىگە چۈشۈپ قالغان بولىدۇ.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىر ئادەم گورۇھۋازلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىرى نام ـ ئاتاق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا ۋە يەنە بىرى قەۋمى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا بولىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى اللەنىڭ سۆزىنىڭ يۇقىرى بولۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، شۇ الله يولىدا بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى①.

بەزىدە ئەمەل ئەسلى اللەغا يۈزلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلنى قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭغا ئىناۋەت تېپىشنى ياخشى كۆرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئىستىكى ئارىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. مانا بۇمۇ ئوخشاشلا شېرىك بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە ئېيتتى، "مەن شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەتتۇرمەن. كىمكى بىر ئىشنى قىلىپ، ئۇنىڭغا

① ئىمام بۇخارى ئەبى مۇسا (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلغان.

مېنىڭ غەيرىمنى شېرىك قىلسا، مەن ئۇ كىشىنى ۋە ئۇنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىسىنى تاشلىۋېتىمەن".[①]»

شۇڭا، بىز بۇ تۈردىكى شېرىككە چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزگە ئاگاھ بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇ بەزىدە چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلىشىدىنمۇ مەخپىيراق بولىدۇ.

مانا بۇلار شېرىكنىڭ تۈرلىرى بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ اللە ياراتقان تۇغرا تەبىئىتىدىن ئېغىپ كەتكەن چاغدا ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋھىد ھەقىقىتىگە قارشى بولغان خەتەرلىك ئىشلاردۇر.

ئاسمان ـ زېمىن ۋە مۇئمىن ئىنسان ئىقرار قىلغان تەۋھىد ھەقىقىتى يۈزەكى ۋە ئاددى نەرسە ئەمەس. تەۋھىد ھەقىقىتى پۈتۈن كائىناتتىكى ئەڭ چوڭ ھەقىقەت ۋە مۇئمىن ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ يۆلەنچۈكىدۇر. مۇئمىن ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرلىرى، ئوي ـ خىياللىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى، ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەرقانداق نەرسە ئەنە شۇ تەۋھىد ھەقىقىتىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئىنسان ئۆز ھاياتى پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدا اللەغا يۈزلىنىپ، باشقا تەرەپلىرىدە اللەنىڭ غەيرىگە يۈزلەنسە، ئۆزى ئۈچۈن ئىككى ئىلاھ تۇتقان بولىدۇ. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ اللَّهُ لا تَتَّخِذُوا إِلَهَيْنِ اثْنَيْنِ إِنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾

«اللە: "ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار" دېدى.[②]»

---

① ئىمام مۇسلىم ئەبى ھۈرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلغان.
② سۈرە نەھل: 51 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بۇ ئايەتتە سۆزلەنگەن قورقۇش بولسا تەۋھىدى روبۇبىيەت، تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت ۋە تەۋھىدى ئىسىم ـ سۈپەتلەردىن ئىبارەت تەۋھىدنىڭ ئۈچ قىسمىغا ئىمان ئېيتىشنىڭ، اللەنى ھەرقانداق شېرىكتىن، ئوخشاشلىقتىن ۋە بۇرمىلاشلاردىن پاك دەپ ئېتقاد قىلىشنىڭ ھەقىقى نەتىجىسىدۇر. ناماز، رىزىق ئىزدەش، ھۈنەر ـ كەسىپ، پۇل ـ مۇئامىلە، ئىلىم ـ پەن، سىياسي، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي، تىنىچلىق، ئۇرۇش، ئېتقاد... ئىشقىلىپ ھەرقانداق ئەمەل ۋە ھەرقانداق ساھەدە يېگانە اللەغا يۈزلىنىش ئۇنى ئادا قىلغانلىقتۇر:

﴿قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لا شَرِيكَ لَهُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر“.①»

شېرىكنىڭ تۈرلىرى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىسلامنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىدىغان چوڭ شېرىك ياكى ئىگىسىنىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان كىچىك شېرىك ۋە ياكى ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى بولغان مەخپىي شېرىك بولۇشتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. شېرىك ئەقىلنىڭ ھۆكۈمىدە سەت، يامان كۆرۈلىدىغان ئىش بولغىنىدەك، اللەنىڭ ھۆكۈمىدە باتىل ئىشتۇر. ئەقلى ساغلام، تەپەككۇرى توغرا ھەر قانداق ئىنسان اللەغا ھەر قانداق شەكىلدە شېرىك كەلتۈرۈشنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە مۇشرىكلارنى نۇرغۇن ئورۇنلاردا «ئەقىل ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى، ئەقىلدىن تەلەپ قىلىنغان ئىش ئىنساننى تەۋھىد ھەقىقىتىگە ۋە جەزمىيەت دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشتۇر.

---

① سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنساننىڭ تۇيغۇسى ئالدىدىكى ئېچىۋېتىلگەن بۇ كائىناتتا، اللەنىڭ قولىدىن باشقا ئۇنى يارىتىشقا ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئارىلاشقان قول بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟ ئەگەر كائىناتتا ئوخشىمىغان ئىككى ئىرادە ياكى ئوخشىمىغان ئىككى كۈچ مەۋجۇد بولغان بولسا، كائىنات مۇشۇنداق تەكشى تەكپۈك، ئىنتىزامچان ھالەتتە ئايلىنامتى؟

﴿تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ، الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ طِبَاقاً مَا تَرَى فِي خَلْقِ الرَّحْمَنِ مِنْ تَفَاوُتٍ فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِنْ فُطُورٍ، ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنْقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِئاً وَهُوَ حَسِيرٌ﴾

«(پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللەنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، اللە ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، اللە غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اللە يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان اللەنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.①»

مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، اللەنىڭ ھەر بىر مەخلۇقاتلىرىغا نەزەر سېلىش ئەقىلنى «تەۋھىد» دېگەن بىرلا نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ.

قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن ئورۇنلاردا ئاشۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ ۋە كىشىلەرگە مىساللارنى بايان قىلىدۇ:

---

① سۈرە مۇلك: 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَاسْتَمِعُوا لَهُ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَنْ يَخْلُقُوا ذُبَاباً وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِنْ يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئاً لا يَسْتَنْقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ﴾

«ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.①»

چىۋىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئاددى ۋە ئەڭ خار نەرسىلەرنىڭ بىرى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، اللەدىن باشقا بىرەر كىشى ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىر دانە چىۋىن يارىتالامدۇ؟

ئىش ئىنساننى ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتا بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇردۇر. چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ. دېمەك، ئۇلار پەقەت چىۋىننى يارىتىشتىن ئاجىز كېلىپلا قالماستىن، بەلكى، چىۋىن ئېلىپ قاچقان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشتىنمۇ ئاجىز كېلىدۇ. چىۋىن يېمەكلىككە قونۇپ ئۇنىڭدىن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى كىچىك بىر پارچە يېمەكلىكنى ئېغىزىغا ئېلىۋالسا ۋە يەنە شۇنچىلىك نەرسىنى پۇتلىرىغا ياكى قاناتلىرىغا يۇقتۇرۇۋالسا، بىرەر كىشى ئۇ نەرسىنى قايتۇرىۋالالامدۇ؟

---

① سۈرە ھەج: 73 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئىنسانلار ۋە ئاتالمىش ئىلاھلار نىمىدېگەن ئاجىز ـ ھە!

﴿مَثَلُ الَّذِينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِ اللَّهِ أَوْلِيَاءَ كَمَثَلِ الْعَنْكَبُوتِ اتَّخَذَتْ بَيْتاً وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوتِ لَبَيْتُ الْعَنْكَبُوتِ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ، إِنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا يَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ، وَتِلْكَ الأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ وَمَا يَعْقِلُهَا إِلا الْعَالِمُونَ﴾

«اللەنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى). اللە ئۇلار اللەنى تاشلاپ ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىنى ئوبدان بىلىدۇ، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.①»

ئەگەر، پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەقىقىتى ـ اللە ئېيتقاندەك ـ اللەنىڭ بۇيرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ۋە بۇيرۇقىنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت ۋە تەۋھىدى رۇبۇبىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!؟:

﴿ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلأَرْضِ ائْتِيَا طَوْعاً أَوْ كَرْهاً قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ﴾

«ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: "ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار) " دېدى. ئىككىلىسى

① سۈرە ئەنكەبۇت: 41 ـ 43 ـ ئايەتلەر.

”ئىختىيارىي كەلدۇق“ دېدى.①»

كائىناتنىڭ ھەقىقىتى مۇشۇنداق بولغانىكەن، ئىنسان ئاسمان ـ زېمىن ئۇنىڭ ئاساسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان موشۇ زور ھەقىقەتتىن ئازغان چاغدا، ئۆزىگە قايسى زۇلۇملارنى قىلمايدۇ ـ دەيسىز؟

ئىنساننىڭ پۈتۈن كائىنات ئاۋاز قوشقان ۋە ئىقرار قىلغان ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى ۋە بۇ خىل ئىنكارى ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويۇشى نېمىدېگەن چوڭ زۇلۇم ـ ھە!

شۇ سەۋەبتىن، اللە شېرىكنى «زۇلۇم»، مۇشرىكلارنى بولسا «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار» دەپ سۈپەتلەيدۇ:

﴿وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ”ئى ئوغۇلچىقىم، اللەغا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر“ دېدى.②»

﴿وَلا تَدْعُ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لا يَنْفَعُكَ وَلا يَضُرُّكَ فَإِنْ فَعَلْتَ فَإِنَّكَ إِذاً مِنَ الظَّالِمِينَ﴾

«اللەنى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزۈڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن.③»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «اللەغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، يالغان قەسەم قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر بىر ئادەم اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا ۋە قىلغان

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 11 ـ ئايەت.
② سۈرە لوقمان: 13 ـ ئايەت.
③ سۈرە يۇنۇس: 106 ـ بەت.

قەسەمگە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك يالغان سۆزنى ئارلاشتۇرسا، بۇ يالغان سۆز قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە قارا چېكىتكە ئايلىنىدۇ.[1]»

@ @ @ @ @

① ئابدۇللا ئىبنى ئۇنەيسىل جۇھەنىيدىن رىۋايەت قىلىنغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## شېرىكنىڭ تەسىرلىرى

ئەگەر تەۋھىد ـ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ اللە نورمال ئىنساننى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياراتقان، كائىنات، ھاياتلىق ۋە ئىنسان شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ توغرا ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان «مىزان» بولسا، ئۇنداقتا، مەيلى كوللىكتىپ شەكىلدە بولسۇن ياكى شەخس شەكىلدە بولسۇن ئىنسانلار ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالىدىغان شېرىك ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىگە نىسبەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**شېرىكنىڭ بىر قىسىم تەسىرلىرى تۆۋەندىكىچە:**

**1 ـ ئىنساندىكى ساغلام تەبىئەتنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش:**

﴿مَا مِنْ مَوْلُودٍ إِلاَّ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ، كَمَا تُنْتَجُ الْبَهِيمَةُ بَهِيمَةً جَمْعَاءَ، هَلْ تُحِسُّونَ فِيهَا مِنْ جَدْعَاءَ.﴾

«ھەرقانداق بوۋاق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش تەبىئىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئاتا ئانىسى ئۇنى يەھۇدى قىلىدۇ ياكى ناسارا قىلىدۇ ياكى مەجۇسى (ئاتەشپەرەس) قىلىدۇ. بۇ خۇددي چارۋىلارنىڭ مۇكەممەل، بىجىرىم ھالەتتە تۇغۇلغىنىغا ئوخشايدۇ. سەن ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى كۆرەمسەن؟[①]»

اللە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان چاغدا، ئۇنىڭ نەسلىدىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنى زەررە شەكلىدە چىقىرىپ، ئۇلاردىن ئۆزىگە ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە مۇستەھكەم ئەھدە ئالغانىدى:

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا﴾

---

① بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئـۆز ۋاقتىــدا پەرۋەردىگارىــڭ ئـادەم بـالىلىرىنى (يەنـى نەسـلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېدى (يەنـى اللـه ئۆزىنىــڭ ئۇلارنىــڭ پەرۋەردىگـارى ئىكەنلىكىــگە ۋە بىــرلىكىگە ئـادەم باللىرىنى ئىقرار قىلـدۇردى، ئـۇلار ئىقـرار قىلىــپ بۇنى ئـۆز ئۈستىگە ئالــدى). ئــۇلار: "ھەئە، ســەن بىزنىــڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرســەن، گۇۋاھلىق بەردۇق" دېدى.①»

مانا بۇنىڭغا ئاساسەن، شېرىك كەلتـۈرۈش اللـه ئىنسانلاردىن ئـۇلار زەررە دۇنياســىدا تۇرىۋاتقــان ھالىتىــدە ئالغــان ئەھــدىنى بۇزغــانلىق، شـۇنداقلا، اللـه ئىنسـان بىـلەن جىنلارنـى ياراتقان غايىـدىن چەتـنەپ كەتكەنلىكتۇر:

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالإِنْسَ إِلا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنــى، ئىنســانلارنى پەقەت ماڭــا ئىبــادەت قىلىــش ئۈچـۈنلا ياراتتىم.②»

ئىنســان ئۆزىنىــڭ يـول-يـورۇقلىرىنى، نـۇرىنى ۋە تـوغرا ئىشــىنى تەۋھىدتىن قوبۇل قىلىـدۇ. ئەگەر، ئىنسـان اللھغـا شـېرىك كەلتۈرسـە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى خۇددى چاڭقاپ كەتكەن ئادەم سۇ دەپ ئويلاپ قالغان باياۋاندىكى ئالۋۇن (ئېزىتقۇ)غا ئوخشاش بولـۇپ قالىـدۇ. ئۇنىـڭ ھـالى قاپقارا زۇلمەتكە ئايلىنىدۇ:

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاءً حَتَّى إِذَا جَاءَهُ لَمْ يَجِدْهُ شَيْئاً وَوَجَدَ اللَّهَ عِنْدَهُ فَوَفَّاهُ حِسَابَهُ وَاللَّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ، أَوْ كَظُلُمَاتٍ فِي بَحْرٍ لُجِّيٍّ يَغْشَاهُ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ سَحَابٌ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ إِذَا أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا وَمَنْ لَمْ يَجْعَلِ اللَّهُ لَهُ نُوراً فَمَا لَهُ مِنْ نُورٍ﴾

---

① سۈرە ئەئراف: 172 ـ ئايەت.

② سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرەلمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)، ئۇ اللەنىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، اللە ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، اللە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، اللە نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى اللە ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ).①»

### 2 ـ روھىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرىنى يوق قىلىش:

دائىم اللەغا باغلىنىپ اللەنى رازى قىلىشقا تەلپۈنگەن روھنى تۈيغۇنىڭ شەھۋەتلىرى غەرق قىلالمايدۇ ۋە ئۇنى زېمىننىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرى تارتىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ روھ دائىم ئالى غايىلەرگە، يۈكسەك قىممەت قاراشلارغا تەلپۈنىدۇ، ھەر قانداق شەكىل ۋە قىياپەتتىكى پەسكەشلىكلەردىن يەنى اللە ھارام قىلغان بۇزۇق-ئەرزىمەس ئىشلاردىن، كىشىلەرگە كەلگەن زۇلۇمدىن، ئەرزىمەس ئىستەك ياكى ھاياتى دۇنيانىڭ بىرەر تەلپى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ناچار ھالەتتىن ئۆزىنى تارتىشقا ئۇرۇنىدۇ.

لېكىن، روھىيەتتىكى تەۋھىد ھەقىقىتى تەۋرىنىپ قالغان ۋە ئۇنى

---

① سۈرە نۇر: 39 ـ 40 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

شېرىك قاپلىۋالغان چاغدا، روھىيەت چۈشكۈنلىشىدۇ ۋە ئۇنى زېمىندىكى ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۆزىگە باغلىۋالىدۇ. يوقىلىدىغان ئەرزىمەس مەنپەئەتلەر ئۇنى چۇلغىۋالىدۇ ـ دە، ئەرزىمەس مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەلۋىلەرچە تىرىشىدۇ، يۈكسەك قىممەت قاراشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ خىل روھنىڭ كۆرەشلىرى يوقىلىدىغان ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن پەسكەشلەرچە تىركىشىش بولىدۇ. شەخس، دۆلەت ۋە ئاۋام ـ خەلقلەر بىلەن مۇشۇ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. مانا بۇنداق ۋاقىتتا، ئىنسان ھاياتىغا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان، غەلىبە ھەقىقەت ئىگىسىگە ئەمەس، كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان ... ئورمان قانۇنى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. مانا بۇ، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەر بىرىدە باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىشتۇر.

### 3 ـ روھىيەتنىڭ ئىززىتىنى يوقۇتۇپ، ئىنساننى ھاقارەتلىك قۇللۇققا چۈشۈرۈپ قويۇش:

ھەقىقى ئىززەت بىر اللهغا ئىمان ئېيتىشتىن كېلىدۇ:

﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾

«غەلىبە اللهغا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ.[①]»

مۇئمىن ھەر بىر نامازدا تەكرارلايدىغان: «الله ئەڭ بۈيۈكتۇر، ھەر قانداق نەرسىدىن ۋە ھەر قانداق كىشىدىن بۈيۈكتۇر» دېگەن ئاشۇ سۆزگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. شۇڭا، قەلبى اللهغا باغلانغان مۇئمىن ھەقىقى

---

① سۈرە مۇنافىقۇن: 8 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىلىنغان ئاشۇ كۈچ بىلەن ئۆزىنى غالىپ ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، بارلىق ئىشلارغا شېرىكسىز ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ھەقىقىي ئىلاھتۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ كىشى ھەرخىل نەرسىلەردىن، شەخسلەردىن ۋە ھادىسىلەردىن قورقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىي ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن كائىناتقا ھېچكىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەيرىگە بويسۇنىدۇ؟ نېمىشقا، گەرچە قولىدا ھۆكۈمرانلىق كۈچى باردەك كۆرۈنسمۇ، يەر يۈزىدە زومىگەرلىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، يەنىلا ئاجىز بولغان، ئۆزىگە ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرگە مۇھتاج بولغان ئادەتتىكى بىر ئىنسان ئالدىدا ئۆز ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ؟ چۈنكى، ئاللاھ ھەمىشە تىرىك، بەندىلەرنىڭ ئىشىنى باشقۇرغۇچى زاتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق نەرسە ھامان يوقىلىدۇ.

شۇنداق! مۇئمىن ھەرگىزمۇ ئاللاھدىن باشقا بىراۋنىڭ ئالدىدا ئۆز غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

لېكىن، مۇشرىك بۇ غۇرۇرنى بىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ.

ئۇ قۇلدۇر... بىراق، ئۇنىڭ قۇلچىلىقى خارلارچە قۇلچىلىقدۇر. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئەزىزلىكى بىلەن بەندىلىرىنى ئەزىز قىلىدىغان كەرەملىك، مېھرىبان ئاللاھقا قىلىنغان قۇلچىلىق ئەمەس.

ئۇ قۇلدۇر ... ئۇنى باشقۇرۇپ خارلايدىغان، ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلارغا قۇلدۇر ياكى قارىماققا پايدىلىقتەك، زېمىندا ئۈستۈنلۈككە

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىرىشىكەندەك ۋە بىر مەزگىل قۇدرەت تاپقاندەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مال ـ دۇنيا ئارزۇسى، جىنسىي تەلەپ ئارزۇسى، ھوقۇق ئارزۇسى قاتارلىق ئارزۇلارغا قۇلدۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خارلارچە قۇللۇقتۇر.

كىشىلەرنىڭ بويۇنلىرى شۇنى دەپلا ئىگىلىدىغان بۇ ساختا مەنپەئەتلەر يوقىلىدۇ. ئاندىن، ئۇلار ھەممىدىن كۈچلۈك، غالىب اللەنىڭ ئالدىدا خارلارچە تۇرىدىغان كۈن يېتىپ كېلىدۇ:

﴿أَفَرَأَيْتَ إِنْ مَتَّعْنَاهُمْ سِنِينَ، ثُمَّ جَاءَهُمْ مَا كَانُوا يُوعَدُونَ، مَا أَغْنَى عَنْهُمْ مَا كَانُوا يُمَتَّعُونَ﴾

«ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن) يىللار (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.①»

### 4 ـ ئىنسان روھىيىتىنىڭ بىر ـ پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاش:

اللە تائالا روھنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن يارىتىپ، روھ ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلسا، ئۆزىنىڭ اللە ياراتقان توغرا تەبىئىتى ئۈستىدە تۇرالايدىغان كىتابنى نازىل قىلدى:

﴿فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ﴾

«اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.②»

---

① سۈرە شۇئەرا: 205 ـ 207 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە رۇم: 30 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تـوغرا دىـن شېرىكسـىز، يەكـكە ـ يېگـانە اللهغـا ئىبـادەت قىلىشـنىڭ دىنىدۇر:

﴿اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُ﴾

«اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبـۇد (بەرھەق) يوقتۇر.[1]»

ھۇد، سالىھ، شۇئەيىب، مۇسا، ئىيسا، مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر الله تەرەپتىن مۇشۇ سۆزنى ئېلىپ كەلگەن.

الله ئىنسـانىنىڭ بـۇ «تەۋھىـد كەلىمىسـى»نىـڭ تەلەپلىـرىگە ئەمەل قىلىسا، الله ياراتقانـدەك «ئەۋ چىرايلىـق شـەكىلدە» ۋە تـوغرا ھـالەتتە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا بىـرلا نىشـانغا يۈزلىنىـدۇ. مـۇئمىن نامىزىـدا، قۇربانلىقلىرىـدا اللهغـا يۈزلىنىدۇ. رىزىق ئىزدەپ زېمىندا سـەپەر قىلغانـدىمۇ اللهغا يۈزلىنىـپ، اللەدىن ياردەم ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ. اللهغا يۈزلىنىـپ، الـله ھـالال قىلغـان يېمەكلىكلەرنـى ئىزدەيـدۇ. الـله ھـارام قىلغـان نەرسـىلەردىن قاچىدۇ. ھەر ۋاقىت اللەنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەر بىـر ئىـش ۋە ھەر بىـر مەيدانـدا ھـالال ـ ھـارامنى ئىلغايـدۇ، بىـرەر ھەرىـكەت ۋە ئەمەلنـى قىلماقچى بولسا يـاكى كـۆڭلىگە بىـرەر ئـوي ـ خىيـال كەلسە، ئۆزىدىن بۇ ئىـش ھـالالمۇ ـ ھـارامـمۇ دەپ سورايدۇ، ئەگەر ھـالال بولسا قىلىدۇ، ھارام بولسا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىلىم ئۆگەنمەكچى، توي قىلماقچى ياكى سودا ـ سېتىق قىلماقچى بولسا ۋە يـاكى ھاياتىـدىكى ئىشـلارنىڭ بىرەرسـىدە كىشـىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئالدى بىلەن اللهغا يۈزلىنىدۇ. الله ھالال ـ ھارام، توغرا ـ خاتا دەپ بېكىتكەن نەرسىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

---

[1] سۈرە ھۇد: 50 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

اللەنىڭ كىتابىدىن ئىلھام ئالىدۇ. دېمەك، ئۇ ھاياتىدىكى ھەربىر پائالىيەتتە اللەغا يۈزلىنىدۇ:

﴿قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لا شَرِيكَ لَهُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر“.[①]»

شۇ چاغدا كۆڭۈل ئارام تاپىدۇ ۋە تەسكىن تاپىدۇ:

﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾

«(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.[②]»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ خۇددى بىر يەرگە يىغىلىپ يورۇقلۇق ھاسىل قىلىدىغان نۇر مەنبەسىگە ياكى لاۋۇلداپ تۇرغان مەشئەلگە ئوخشاش غايەت زور كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ئۇ زور كۈچ خۇددى ئىسلام تارىخىنى باشلىغان، دەۋەتنى زېمىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە تارقاتقان، ھەر بىر جايدا ئىلاھى ئادالەتنى بەرپا قىلغان، كۇپرى، شېرىك ۋە تاغۇتلارغا ئۇرۇش ئېچىپ ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان، روھ بىلەن ماددىنى ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرگەن مىسلىسىز مەدەنىيەت بەرپا قىلغان ئاشۇ تەڭداشسىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە ئوخشاش يەر يۈزىنىڭ ھەرقايسى

---

① سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەت.
② سۈرە رەئد: 28 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەرەپلىرىدە قۇرۇلۇش قىلىش ۋە زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا خاتىرجەم، مەمنۇن، ئاكتىپ ھالدا سابىت قەدەملەر بىلەن ئاتلىنىدۇ:

﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الآخِرَةَ وَلا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا﴾

«اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن.[1]»

مانا بۇلار تەۋھىد نەتىجىلىرى بولۇپ، ئۇ، ئىنسان روھىيىتىنى اللە تەرەپكە بىرلەشتۈرىدۇ.

ئەمما شېرىك بولسا، اللە ئىنسان روھىيىتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياراتقان بىرلىكنى پارچىلىۋېتىدۇ.

ئىنسان نامازنى بىر ئىلاھ ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. سودا ـ سېتىق قىلغان چاغدا بولسا پايدىنى كۆزلەپ جازاننى، ئالدامچىلىقنى ۋە ساختىپەزلىكنى ھالال قىلىپ بېرىدىغان يەنە بىر ئىلاھنىڭ نامى بىلەن رىزىق تەلەپ قىلىدۇ. ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى بولسا قانۇنسىز ئالاقىلەرنى قانۇنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا نىجىس نەرسىلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان ئۈچىنچى بىر ئىلاھنىڭ نامى بىلەن قاندۇرىدۇ. ئۆزگە ئوخشاش ئىنسانغا ياكى بىرەر بۇتقا يۈزلىنىپ ئۇنىڭدىن بەرىكەت تىلەيدۇ، ياكى ئۆزىنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ روھىيىتى تەلەپلىرى ئوخشىمايدىغان خىلمۇ ـ خىل ئىلاھلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىش ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە تىنچلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ:

﴿ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلاً رَجُلاً فِيهِ شُرَكَاءُ مُتَشَاكِسُونَ وَرَجُلاً سَلَماً لِرَجُلٍ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلاً الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لا

[1] سۈرە قەسەس: 77 ـ ئايەت.

يَعْلَمُونَ﴾

«الله (شىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشىنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)، يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر، بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى) باراۋەرمۇ؟ جىمى ھەمدۇسانا اللهغا خاستۇر! بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.①»

ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىسالى، كىشىلەر يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەشغۇل بولۇپ كېتىۋاتقان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدۇر.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئىلمىي ۋە ماددىي تەرەققىياتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ ۋە ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بىراق، بۇ جاھىلىيەتتىكى روھى قالايمىقانچىلىقلار تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېچىلىپ قالدى. بۇنى ھەتتا شۇ جاھىلىيەت ئىچىدىكى كىشىلەرمۇ ئېتىراپ قىلماقتا. بۇ خىل قالايمىقانچىلىقلار كۆنسېرى ئېشىۋاتقان بىئاراملىق، ساراڭلىق، روھىي جەھەتتىن ۋە نېرۋا جەھەتتىن قالايمىقانلىشىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرگە ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە بېرىلىش قاتارلىق ھالەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە.

ئاخىرىدا، ياشلار ئۆزلىرىنىڭ يوقىلىشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆز ھاياتى ئۈچۈن ھەقىقى مەنا تاپالمايۋاتقانلىقىنى، ئۆزىگە خاتىرجەملىك ۋە كۆڭۈل ئارامى ئاتا قىلىدىغان نىشاننى تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىشماقتا.

---

① سۇرە زۇمەر: 29 ـ ئايەت.

مـاددى ۋە ئىلمىـي تەرەققىيـاتلارنى قانچىلىـك قولغا كەلتۈرۈشـتىن قەتئىينەزەر شېرىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئەنە شۇدۇر. چۈنكى، ھەرخىل مەبۇدلار ئارىسىدا پارچىلىنىپ كەتكەن روھنىڭ خـاتىرجەملىكنى ۋە كۆڭۈل ئارامىنى ھېس قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

### 5 ـ ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىش:

ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىشمۇ شېرىكنىڭ تەسىرلىرىنىڭ بىرىدۇر:

﴿وَلَقَدْ أُوحِيَ إِلَيْكَ وَإِلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾

«ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: "ئەگەر سەن اللەغا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمىلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن" دەپ ۋەھيى قىلىندى.[①]»

بۇ ئايەتنىڭ (ئەرەبچە) تېكىستىدىكى «ئەمىلىڭ بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز ئەسلىدە، «تۆگە زەھەرلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ، قورسىقى ئىششىپ ئۆلدى» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان سۆزدىن كېلىپ چىققان. ئۇ سۆزدىن ئۇ كىشىنىڭ ئەمىلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئۇز ئىگىسىگە ئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «الله سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغانىدەك، ساڭىمۇ شۇنداق ۋەھيى قىلىدىكى، شېرىك كەلتۈرۈش ئەمەلنى بىكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى بۇزىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا زىيانكارلىقتا، يەنى ئاخىرەتتىكى ئەڭ چوڭ زىيانكارلىق بولغان

---

① سۈرە زۇمەر: 65 ـ ئايەت.

دەۋزەخكە كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ» دېدى. (خۇدا ساقلىسۇن!)

لېكىن، ئۇ زىيانكارلىق پەقەت ئاخىرەت ھاياتىغىلا خاس بولماستىن، بەلكى، بىز ـ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ ئۇ زىيانكارلىقنىڭ تەسىرىنى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋاتىمىز.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى كىشىلەر پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئارقىلىق الله ئۇلارغا ئاتا قىلغان ماشىنا، توڭلاتقۇ، ئايرۇپىلان، راكېتا، ئاتوم بومبىسى، يادرو قوراللار، پۇل ـ مال ۋە ھەرتۈرلۈك بايلىقلارنىڭ كۆپلىكىدىن تىرىسىگە سىغماي قالدى.

ئۇلار بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق كۆرەڭلەپ كەتتى ۋە بۇنداق كۆرەڭلەپ كېتىش ئۇلارنى ئاخىرقى ھېسابتا اللهغا چوڭچىلىق قىلىشقا ئېلىپ باردى.

الله بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلَمَّا جَاءَتْهُمْ رُسُلُهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَرِحُوا بِمَا عِنْدَهُمْ مِنَ الْعِلْمِ﴾

«ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە، ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى).①»

لېكىن، بۇنداق كۆرەڭلەپ كېتىش تۆگىنىڭ زەھەرلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ قورسىقى ئېشىلىپ ئۆلگىنىگە ئوخشايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە زېمىننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش تارىختا ھېچقاچان يەتمىگەن چەككە يەتتى. شۇنىڭدەك، زېمىننىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى ئېغىر نامراتلىقمۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن

① سۇرە غافىر: 83 ـ ئايەت.

چەككە يەتتى.

مېدىتسىنا تەرەققىياتى ئىلگىرى يەتمىگەن دەرىجىگە يەتتى. شۇنىڭدەك، كېسەللىك نىسبىتىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى كېسەللىكلەر پەيدا بولماقتا. «ئەيدىز» دەپ ئاتىلىدىغان ئىممۇنىتىت كۈچى ئاجىزلاش كېسىلى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پارلامېنتلاردىكى، گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى، تاراتقۇلاردىكى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدىكى «سىياسىي ئەركىنلىك» ۋە «ئىنساني ئەركىنلىك» چاقىرىقلىرى بەئەينى گۈلدۈرماما ئاۋازىغا ئوخشاپ قالماقتا. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە يەرشارىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى كىشىلەر بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان قۇللۇق تارىختىكى ئەڭ ئېغىر قۇللۇقتۇر.

ئىنسانلارنىڭ زېمىندىكى بايلىقلارنى كۆپ مىقداردا ئېچىپ پايدىلىنىش مەقسىتىدە كەشىپ قىلغان پايدىلىنىش قوراللىرى سانىنىڭ ۋە تۈرىنىڭ كۆپ خىللىقى، شۇنداقلا، كىشىلەر ھاياتىنى قاپلاش نىسبىتى جەھەتتە ئىلگىرى يەتمىگەن سەۋىيەگە يەتتى. شۇنداقلا، كىشىلەر ھېس قىلىۋاتقان روھى بىئاراملىقتىن تارتىپ ساراڭلىققىچە بولغان بەختسىزلىكلەرمۇ ئىلگىرى يەتمىگەن دەرىجىگە يەتتى. ئۇلۇغ اللە راست ئېيتقان:

﴿لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ﴾

«ئەگەر سەن اللەغا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمىلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ[1]»

[1] سۈرە زۇمەر: 65 ـ ئايەت.

## 6 ـ شېرىكنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىرى، مۇشرىكنىڭ دەۋزەختە مەڭگۈ قېلىشىغا سەۋەب بولىشىدۇر:

﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء وَمَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيدًا، إِن يَدْعُونَ مِن دُونِهِ إِلاَّ إِنَاثًا وَإِن يَدْعُونَ إِلاَّ شَيْطَانًا مَّرِيدًا، لَّعَنَهُ اللّهُ وَقَالَ لأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا، وَلأُضِلَّنَّهُمْ وَلأُمَنِّيَنَّهُمْ وَلآمُرَنَّهُمْ فَلَيُبَتِّكُنَّ آذَانَ الأَنْعَامِ وَلآمُرَنَّهُمْ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلْقَ اللّهِ وَمَن يَتَّخِذِ الشَّيْطَانَ وَلِيًّا مِّن دُونِ اللّهِ فَقَدْ خَسِرَ خُسْرَانًا مُّبِينًا، يَعِدُهُمْ وَيُمَنِّيهِمْ وَمَا يَعِدُهُمُ الشَّيْطَانُ إِلاَّ غُرُورًا، أُوْلَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَلاَ يَجِدُونَ عَنْهَا مَحِيصًا﴾

«اللە ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (اللە ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللەغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) اللەنى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت اللەنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. اللە شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: ”مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئېگىلەيمەن. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن)، ئۇلارنى چوقۇم چاھار پايلارنىڭ (بۇتلارغا نەزىر قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم اللەنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە (يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ ئويدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارغا بۇيرۇيمەن“. كىمكى اللەنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ. شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى

كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ.[1]»

بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ۋە ئېچىنىشلىق نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

كۆيۈش ئىنسان دۇنيا ھاياتىدا ئۇچرايدىغان ئەڭ چىدىغۇسىز ئازابتۇر. چۈنكى، ئۇ چىدىغىلى بولمايدىغان، نېرۋىلار ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىر خىل ئازاپتۇر. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرەتتىكى كۆيۈش بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ئاددى ۋە يېنىك ئازاپتۇر.

دۇنيادىكى كۆيۈش ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، ھەرقانچە ئۇزاققا سوزۇلسىمۇ، بىر قانچە مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ياكى ئەڭ ئۇزۇن دېگەندە بىر قانچە كۈنگە سوزۇلۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆيگەن كىشى ساقىيىپ كېتىدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا، ھەرگىز ساقايمايدىغان ۋە ئۆلمەيدىغان ھالەتتە دەۋزەخ ئوتىغا تاشلانغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار ـ ھە!

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَاراً كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُوداً غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ﴾

«شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دەۋزەخكە كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز.[2]»

ئىنسان ھاياتى دۇنيادا بىردەملىك ياكى بىرقانچە سائەتلىك ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا، مۇكەممەل كۆيدۈرۈش

[1] سۈرە نىسا: 116 ـ 121 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە نىسا: 56 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دەرىجىسىگە يەتكەن ئازابنى تېخىمۇ تېتىش ئۈچۈن، تۈيغۇ نېرۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يېڭى تېرە ھاسىل بولىدىغان ئازابقا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟

ئىنسانىنىڭ اللەغا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى مۇشۇنداق دەرتلىك ئازابقا دۇچار قىلىشىنىڭ بىرەر ھېكمىتى بارمۇ؟

كىشىلەر ھاياتى دۇنيادا بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوتتا كۆيۈشتىن ساقلىنىدۇ. پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆيۈشكە دۇچار بولماسلىققا تىرىشىدۇ.

دۇنيادىكى ئۆتكۈنچى ئازابتىن بار كۈچى بىلەن قاچىدىغان، مەڭگۈ يوقالمايدىغان ئۈنىڭغا كىرگەندىن كېيىن مەڭگۈ چىقالمايدىغان ئوتقا ئۆزىنى تاشلاش ئۈچۈن ئۆز پۈتى بىلەن كېتىۋاتقان مۇشرىك نېمىدېگەن دۆت ـ ھە!

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ اللهِ أَندَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللهِ وَالَّذِينَ آمَنُواْ أَشَدُّ حُبًّا لِّلّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلّهِ جَمِيعاً وَأَنَّ اللهَ شَدِيدُ الْعَذَابِ، إِذْ تَبَرَّأَ الَّذِينَ اتُّبِعُواْ مِنَ الَّذِينَ اتَّبَعُواْ وَرَأَوُاْ الْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ الأَسْبَابُ، وَقَالَ الَّذِينَ اتَّبَعُواْ لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّؤُواْ مِنَّا كَذَلِكَ يُرِيهِمُ اللهُ أَعْمَالَهُمْ حَسَرَاتٍ عَلَيْهِمْ وَمَا هُم بِخَارِجِينَ مِنَ النَّارِ﴾

«بەزى ئادەملەر اللەدىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللەغا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) اللەنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر اللەنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ اللەغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە اللەنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا اللەغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى). ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر: ”كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق“ دەيدۇ. اللە ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ.[①]»

@ @ @ @ @

① سۈرە بەقەرە: 165 ـ 167 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئاتېئىزىم (خۇداسىزلىق)

بۈگـۈنكى كۈنـدە ياۋرۇپانىـڭ شـەرقى ۋە غەربىـدە تارقىلىۋاتقـان، اللەنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلىش بىلەن كۆرەڭلەۋاتقان، اللەنىـڭ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسـى ۋە ئورۇنلاشتۇرغۇچىسـى ئىكەنلىكىنـى ئىنكـار قىلىۋاتقـان ئـاتېئىزىم (دىنسـىزلىق) مەيلـى، تـارقىلىش ساھەسـىنىڭ كەڭرىلىكـى جەھەتـتىن بولمىسـۇن يـاكى ئىنسـانلارنىڭ هايـاتى، ئىدىيىسـى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىدىكى تەسىرى جەھەتتىن بولمىسۇن ۋە ياكى پەيدا قىلغان چۈشكۈنلۈك ۋە ئەخلاقى بۇزۇلۇش جەھەتلەردىن بولمىسۇن ئىلگىرىكـى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىشتۇر.

شـۇنداق، ئىلگىرىكـى دەۋرلەردىمـۇ دىنسـىزلىقنىڭ نامايەنـدىلىرى مەۋجۇد ئىدى. تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆلۈمنى الله ئەمەس زامان پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدىغان دەھرىيلەرمۇ بار ئىدى. مانا بۇ كىشىلەرنى الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلا الدَّهْرُ وَمَا لَهُمْ بِذَلِكَ مِنْ عِلْمٍ إِنْ هُمْ إِلا يَظُنُّونَ﴾

«ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): ”هايات دېگەن پەقەت دۇنيـادىكى هايـاتىمىزدۇر، ئـۆلىمىز ۋە تىرىلىمىـز (يەنـى تۇغـۇلىمىز). پەقەت زاماننىـڭ ئۆتۈشـى بىـلەن يـوق بـولىمىز“ (دەيـدۇ). ئـۇلار بـۇ خۇسۇستا هېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىـلەن سۆزلەيدۇ.[1]»

---

[1] سۈرە جاسىيە: 24ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇلار، بۈگۈنكى كۈندە «الله»نىڭ ئورنىدا «تەبىئەت» دەۋاتقان ۋە شۇ ئارقىلىق قەدىمكى جاھىلىيەت كىشىلىرى چۈشۈپ قالغان جاھىلىيەتنىڭ ئۆزىگە چۈشۈپ قېلىۋاتقان كىشىلەردۇر.

دىنسىزلىقتىن سىرت يەنە ئېغىر ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكنىڭ نامايەندىلىرىمۇ مەۋجۇد ئىدى. مەسىلەن: بىر مەزگىل پارىس ئەللىرىدە تارقالغان «مال ـ مۈلۈك ۋە ئاياللارنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېلىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مىسلىسىز ئەخلاقى قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلغان «مەزدەك ئېقىمى»غا ئوخشاش. ئۇ، ماركس ۋە لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان هازىرقى كوممۇنىزىمنىڭ تۇنجى ئۇرۇقچىسى ئىدى①.

لېكىن، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئىلگىرىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنتايىن ئاز ساندا ئۇچرايتتى.

بۇنىڭ سەۋەبى، كىشىلەر جاھىلىيەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان هالەتلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىدە پەيدا بولغان ئەڭ چوڭ ئازغۇنلۇق ـ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ دىنسىزلىق ئەمەس، بەلكى، شېرىك ئىدى. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى ـ گەرچە ئېزىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ـ اللهنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، لېكىن، اللهغا باشقا ئىلاهلارنى شېرىك قىلىدۇ. ئەمما، اللهنىڭ بارلىقىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدىغان دىنسىزلىق بولسا هەتتا ئېزىپ كەتكەن پىترەتتىمۇ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان ئەهۋالدۇر. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئەقىل كۆزىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كور بولۇشىدۇر. ئەقىل كۆزىنىڭ كور بولۇشى ئىنساننى پۈتۈنلەي هېسسي دۇنياسىدىلا ياشايدىغان، هېسسى نەرسىلەرنى ئىلاھ تىكلەيدىغان ۋە اللهنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ:

---

①مەزدەك ئېقىمى مىلادى 6 ـ ئەسىردە پارىس (ئىران)دا ياشىغان ۋە ئۆزىنىڭ تولۇق نېگىلىزىمغا چاقىرىدىغان ئېقىمنى تارقاتقان «مەزدەك» دېگەن ئادەمگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿لا تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«كۆزلەر اللەنى كۆرمەيدۇ، اللە كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، اللە (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.[1]»

شۇ سەۋەپتىن، دىنسىزلىق تارىختىن بۇيان ـ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ ئىنسانىيەت تارىخىدا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئىش بولۇپ كەلگەنىدى.

ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە دىنسىزلىق ئىنسانلار ئارىسىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كەڭ تارقالدى. بەلكى، دىنسىزلىقنىڭ مۇشۇنداق ئىغىر دەرىجىدە تارقىلىشىغا بەزىبىر ئامىللار سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندىكى دىنسىزلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، تارىختا پەيدا بولغان پۈتكۈل دىنسىزلىقتىكى سەۋەبلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر. يەنى، ئەقىل كۆزىنىڭ ئىغىر دەرىجىدە كور بولۇپ، ھېسسى نەرسىلەرنى ئىلاھ تىكلەپ، اللەنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلىشتۇر.

لېكىن، بىز بۇ يەردە دىنسىزلىقنىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كەڭ تارقىلىپ، مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئىنسانلارنىڭ ئەقىل كۆزىنىڭ كور بولۇپ قېلىشىغا ۋە ھېسسى نەرسىلەرگىلا ئىشىنىپ، اللەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشىغا سەۋەب بولغان تۆرتكىلىك ئامىللىرىنى تەتقىق قىلماقچىمىز.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەتتا ئېزىپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ، مۇشۇنداق ھالەتلەرگە يېتىپ قېلىشى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئىش بولغانىكەن، ئۇنداقتا، چوقۇم دىنسىزلىق كەڭ تارقىلىۋاتقان

---

① سۈرە ئەنئام: 103 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ياۋرۇپادىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن پەۋقۇلئاددە نەرسىلەر بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بۇ جايدىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ئازغۇنلۇقتا شېرىك دەرىجىسىدىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى، دىنسىزلىققا ھالقىپ كەتتى. دىنسىزلىق ماھىيەتتە، ئۇلۇھىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى اللەنىڭ غەيرىگە مەنسۇپ قىلىدىغان شېرىك بىلەن اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلىقنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەيدۇ.

ياۋرۇپالىقلارنىڭ ھاياتىغا قىسقىچە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى بۇ پەۋقۇلئاددە ھادىسىنىڭ بىر قىسىم سەۋەبلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

@ @ @ @ @

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## دىنسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى

**1 ـ ياۋروپا چېركاۋلىرىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان نەسرانىيەت (خىرىستىئان دىنى)نى بۇزۇشتىكى رولى:**

ئاللاھ سەيىيدىمىز ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىنسانلارغا تەۋھىد ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ھۆكۈم قىلىدىغان شەرىئەتنى كۆرسىتىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىنجىلنى نازىل قىلدى:

﴿وَقَالَ الْمَسِيحُ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اعْبُدُوا اللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ إِنَّهُ مَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللَّهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ﴾

«ئىسا: ”ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھدىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ“ دېدى.[①]»

﴿وَمُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَلأُحِلَّ لَكُمْ بَعْضَ الَّذِي حُرِّمَ عَلَيْكُمْ وَجِئْتُكُمْ بِآيَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ﴾

«مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھدىن

---

① سۈرە مائىدە: 72 ـ ئايەت.

قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە) ئىتائەت قىلىڭلار.①»

لېكىن، ياۋروپا چېركاۋلىرى ئەقىدە ئىشلىرىنى بەلگىلەش مەقسىتىدە قۇرۇپ چىققان تەشكىلىي ئاپپاراتلار اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان بۇ ئىلاھىي دىننى بۇزۇپ تاشلىدى ۋە بۇ دىننىڭ شەكلىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن ئىغىر دەرىجىدە خۇنۇكلەشتۈردى:

بىرىنچى، اللەنى بىر دېگەننىڭ ئورنىغا ئۈچ دېيىش، مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئىنسان ۋە باشقا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرگە ئوخشاش پەيغەمبەر دېيىشنىڭ ئورنىغا ئىلاھ دېيىش ئارقىلىق ئېتىقادىي تەرەپتىن بۇزدى. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ﴾

«شۈبھىسىزكى، اللە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى.②»

﴿لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ ثَالِثُ ثَلاثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلا إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾

«اللە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.③»

ئىككىنچى، اللە ئىنجىلدا نازىل قىلغان قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىش تەرەپتىن بۇزدى. يەنى، «شەخسى ئىشلار» دەپ قارىلىدىغان «نىكاھ ـ تالاق» مەسىلىلىرىدىن باشقا ئىشلاردا اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەمما، ھاياتنىڭ باشقا ئىشلىرىغا اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئورنىدا رۇملۇقلارنىڭ قانۇنى ھۆكۈم قىلغان پېتى تۇرۇۋەردى. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

① سۈرە ئال ئىمران: 50 ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 72 ـ ئايەت.
③ سۈرە مائىدە: 73 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَقَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِمْ بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَآتَيْنَاهُ الإِنْجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِلْمُتَّقِينَ وَلْيَحْكُمْ أَهْلُ الإِنْجِيلِ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فِيهِ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

«ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبن مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند ـ نەسىھەتتۇر. ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) الله ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر.[①]»

شۇنىڭ بىلەن چېركاۋ الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان نەسرانىيەتنى پۈتۈنلەي بۇزىۋەتتى. نەتىجىدە، ياۋروپا خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا شېرىككە چۈشۈپ قالدى. مانا بۇ شېرىك ياۋروپا ھاياتىدىكى تېخىمۇ كۆپ بۇزۇقچىلىقلارنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

## 2 ـ چېركاۋنىڭ ئىلىم ـ پەنگە تۇتقان پوزىتسىيىسى:

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ياشايتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىگە «زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەر» دېگەن سۈپەت تولىمۇ باب كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ مەزگىلدىكى

① سۈرە مائىدە: 46 ـ 47 ـ ئايەت.

ھاياتىنى شۇ بويىچە ئاتايىتتى.

ئاندىن، ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە 200 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان، تارىختا «ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى[1]» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بىر قاتار ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتتى.

ئاشۇ ئۇرۇشلاردا خرىستىئانلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئىسلامى ھاياتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئىسلام ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەننى تونۇدى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋرۇپادىكى ھاياتىنى مۇسۇلمانلاردا ئۇچراتقان بىر قىسىم قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلار ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىشقا باشلىدى. شۇنداقلا، ئۇلار ئەندەلۇس (ئىسپانىيە)، شىمالى ئافرىقا، ئىسلاملاشقان سىتسىلىيە ئارىلى ۋە ئىتالىيىنىڭ ئىسلاملاشقان جەنۇبى قىسىم رايونلىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق بۇ تەسىرلەرگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. چۈنكى، ئۇ جايلاردا ئىسلامي ئۇنۋېرسىتېت ۋە مەكتەپلەر ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ جايلارغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار توپ ـ توپ بولۇپ كېلەتتى. ياۋرۇپالىقلار مۇسۇلمان ئۇستازلارنىڭ قولىدا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن شۇ مەكتەپلەرنى ئارزۇلايتتى. بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ۋە ئىلىم ـ پەنگە ئائىت ئىسلامى كىتابلارنى ئۆزلىرىنىڭ ياۋرۇپا تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنەتتى.

---

[1] ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى ـ ھىجرىيە 490 ـ يىلدىن 691 ـ (م 1096 ـ 1291) ـ يىلغىچە غەربتىكى ياۋرۇپا خرىستىئانلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن بەيتۇلمۇقەددەسنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھەربىي ھۇجۇملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى سالاھىددىن ئەييۇبى ئېچىنىشلىق مەغلۇپ قىلىپ، بەيتۇلمۇقەددەستىن قوغلاپ چىقارغان. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن.)

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مانا مۇشۇ ئىككى تەسىرنىڭ تۈرتكىسىدە، ياۋروپا ئۆزىنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى ۋە زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىن چىقىشقا باشلىدى.

لېكىن، چېركاۋ ياۋروپادا بارلىققا كېلىۋاتقان ئىلىم ـ پەن ھەرىكىتىگە قارشى پوزىتسىيەدە بولدى. بۇ بىرلا ۋاقىتتا مۇنداق ئىككى سەۋەبكە يىغىنچاقلىنىشى مۇمكىن.

بىرىنچى سەۋەب: چېركاۋنىڭ ئاۋام ـ خەلق قەلبىدىكى ئۆز ئورنىدىن ئەنسىرىشى. چېركاۋنىڭ ئاۋام ـ خەلق قەلبىدىكى ئاشۇ ئورنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن بىر دۆۋە خوراپاتلار ئاساسىغا تىكلەنگەنىدى. چېركاۋ كىشىلەرگە: «دىندا نۇرغۇن سىرلار بار بولۇپ، ئۇ سىرلارنى دىندار (يەنى، پاپا، پوپ ۋە راھىب)لاردىن باشقىلار بىلمەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەر دىندارلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشى، ئاشۇ سىرلار توغرىسىدا سوئال سورىماسلىقى، پەقەت دىندارلار بۇيرىغان بارلىق ئىشلارغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق دىندارلاردىن بەرىكەت تىلىشى كېرەك. اللەنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇلار ئاۋۋال دىندارلارغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك. دىندارلار كىشىلەرنىڭ بۇ ئىتائىتى ئارقىلىق ئۇلارنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشقا كېپىلدۇر...» دەيتتى. چېركاۋ، ئەگەر ئىلىم ـ پەن تارقىلىپ كىشىلەرنىڭ ئاشۇ خوراپات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە قارىتا كۆزى ئېچىلىپ كەتسە، دىندارلارنىڭ ئاۋام خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئىككىنچى سەۋەب: ئاشۇ ئىلىم ـ پەن ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدى. ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ۋە ئىسلام مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلگەن ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىملىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە، ئىسلامي قىممەت ـ قاراش ۋە

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىسلامىي پىرىنسىپلارنىڭ رۇشەن تەسىرلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا، چېركاۋ مۇسۇلمان ئالىملاردىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىسلام ئۇنۋېرسىتېتلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىلىم ـ پەن ھەرىكىتى بىلەن بىرگە ياۋروپادا ئىسلامنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، چېركاۋ مۇسۇلمانلاردىكى ئىلىم ـ پەننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياۋروپالىق ئالىملارغا قاتتىق زەربە بېرىشكە باشلىدى ۋە مۇسۇلمانلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئىلمى پىكىرلەردىن يانمىسا ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى، قىينايدىغانلىقى ۋە ئۆلگەنگە قەدەر ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئازابلايدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. مانا بۇ، ياۋروپا ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن دىنىنى پەندىن ئايرىش، دىن بىلەن پەن ۋە دىن بىلەن ئۇنى ئۆگەنگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىش دېگەن ئەڭ چوڭ خاتالىقنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ياۋروپادىكى بۇ خاتالىق ئەسىرلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئېزچىل كۈچىيىپ باردى. ھەتتا، ياۋروپادىكى ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنىڭ تۈيغۇسىدا دىن خوراپاتنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ كاللىسىدا دىنى چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، كائىناتقا، ھاياتقا ياكى ئىنسانغا ئاقىدار ھەر قانداق ئىلىم ـ پەن ھەقىقىتىدە اللەنى ئەسلا تىلغا ئالماسلىق قارشى شەكىللەندى.

### 3 ـ چېركاۋنىڭ ۋە دىندارلارنىڭ زوراۋانلىقى:

چېركاۋ الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان دىنىنى بۇزۇش، ئىلىم ـ پەننىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى ھەقىقەتلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، بەلكى، ئۇنىڭدىن سىرت كىشىلەرنىڭ روھىغا، ئەقلىگە، پۇل ـ ماللىرىغا ۋە تەنلىرىگە تاجاۋۇز قىلدى:

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

1) چېركاۋ ئىنسان بىلەن اللە ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولۇۋالىدى. يەنى، ئىنسان ئۆز پەۋەردىگارى بىلەن پەقەت كاھىنلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا ئالاقە قىلالايدۇ... ئىنساننىڭ ئۆز گۇناھىغا قىلغان تەۋبە ـ ئىستىغپارى پەقەت كاھىنلارنىڭ ئالدىدىكى «گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىش ئورۇندۇقى» ئۈستىدە ئولتۇرۇش ۋە كاھىنىنىڭ ئۇنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى جاكارلىشى ئارقىلىقلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

2) چېركاۋ كىشىلەرگە يەر شارىنىڭ شەكلى ۋە ئىنساننىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ئۆمرى ھەققىدە ئىلىم ـ پەننىڭ تۇراقلىق ھەقىقەتلىرىگە قارشى مۇئەييەن پىكىرلەرنى تاڭدى ۋە: «بۇ پىكىرلەر مۇقەددەستۇر، چۈنكى، بۇلار اللە تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن، كىمكى ئۇلارغا قارشى چىقسا دىندىن چىقىپ كاپىر بولىدۇ» دېدى.

3) كىشىلەرگە ئۆز مال ـ مۈلۈكىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى چېركاۋ ئۈچۈن خالىسانە تەقدىم قىلىشنى بەلگىلىدى. بۇ مال ـ مۈلۈكلەر نە اللە ئۈچۈن نە مىسكىنلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، دىندارلارنىڭ ھېچقايسى دەۋردىكى ئىمپېراتورلار چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدىغان راھەت ـ پاراغەتتە ياشىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىناتتى.

4) ئۇلارغا ھاشارنى بەلگىلىدى. يەنى، ھەر ھەپتىدە بىر كۈن چېركاۋ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرگە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

5) دىندارلارغا بىچارىلەرچە بويسۇنۇشنى بەلگىلىدى. يەنى، كاھىنلار كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ئۇلار، گەرچە يەر يۈزى پاتقاق ۋە لايغا تولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئېگىلىپ پېشانىسىنى يەرگە چاپلاپ تۇرۇش كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭدىن سىرت، يېڭى دەۋرلەر يېتىپ كېلىپ ياۋروپادىكى ئاۋام ـ

خەلق ئۆزلىرىنىڭ تارتتۇۋېلىنغان ھوقۇقلىرىنى ۋە فېئوداللار تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان زۇلۇمنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، چېركاۋ زالىم فېئوداللار تەرەپتە تۇرۇپ قول قىلىنغان ئاممىغا: «ئەگەر خوجايىنلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرسەڭلار، سىلەرگە اللەنىڭ غەزىپى كېلىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى.

مانا بۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ دەسلەپتە چېركاۋدىن، كېيىن ئاستا ـ ئاستا دىندىن قېچىشىغا سەۋەب بولدى.

## 4 ـ رەھبانىيەت (راھىبلىق):

﴿وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ﴾

«رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق.[①]»

گەرچە، اللە ئۇلارغا رەھبانىيەتنى بېكىتمىگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار ئۆزلىرى چىن قەلبىدىن ئىخلاس بىلەن پەيدا قىلغان رەھبانىيەتنى اللە ئۇلاردىن قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئۇلار دەسلەپتە رەھبانىيەتتىن اللەنىڭ رازىلىقنى ئىزدىگەنىدى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار رەھبانىيەتكە ھەقىقى رىئايە قىلمىدى. بەلكى، ئەر ـ ئايال راھىبلار تۇرىدىغان چېركاۋلار جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىز، بەتقىلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان بۇزۇقچىلىقلاردىنمۇ قەبىھراق بولغان ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلا ابْتِغَاءَ رِضْوَانِ اللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا فَآتَيْنَا الَّذِينَ آمَنُوا مِنْهُمْ

① سۈرە ھەدىد: 27 ـ ئايەت.

أَجْرَهُمْ وَكَثِيرٌ مِنْهُمْ فَاسِقُونَ﴾

«رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.①»

كىشىلەرنىڭ دىندارلارنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ھەققىدە تارقاتقان گەپ ـ سۆزلىرى مەسخىرىۋازلارنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا، شۇنداقلا كىشىلەرنى دىندىن يىرگەندۈرىدىغان ئاملىغا ئايلىنىپ قالدى.

5 ـ «مەغپىرەت چېكى» كومېدىيىسى:

پاپا ئۆزىنى: «كىمكى، ماڭا مۇئەييەن پۇل ياكى مال تاپشۇرسا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ اللەنىڭ ئالدىدىكى گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن ۋە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ قويىمەن» دەپ جار سېلىۋاتقان مەزگىللەردە بۇ كومېدىيە بارلىققا كەلدى. ئۇ، «مەغپىرەت چېكى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان چەكلەرنى يېزىپ چىقتى. چەكتە: «مەن پالانى پاپا، پالانىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىمەن، ئۇ گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ، ئانىدىن تۇغما بولدى. شۇڭا ئۇ، قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرىدۇ، پەۋەردىگارىنىڭ قېشىدا بەرىكەتلىك بولىدۇ» دەپ يېزىلغان ئىدى. پاپا كىشىلەرگە بۇ چەكلەرنى سېتىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، كىشىلەر چوڭ ـ كىچىك گۇناھ ۋە جىنايەتلەرنى ئەيمەنمەستىن قىلىۋېرىدىغان ئاندىن، «جەننەتكە كىرىمىز ۋە اللەنىڭ

① سۈرە ھەدىد: 27 ـ ئايەت.

دەرگاھىدا ھەقىقى مەغپىرەتكە ئېرىشىمىز» دەپ ئويلاپ، پاپادىن مەغپىرەت چېكى سېتىۋالىدىغان بولۇپ كەتتى.

پاپا قول ئاستىدىكى دىندارلارنى چەك سېتىشقا مەسئۇل قىلىش ئارقىلىق دائىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. بۇ مەسىلە ئاخىرقى ھېسابتا دىنىنىڭ ۋە ئاتالمىش دىندارلارنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرىدىغان چوڭ كومېدىيىگە ئايلىنىپ كەتتى.

يۇقىرىقى ئىشلار سەۋەبىدىن ياۋروپادا كىشىلەرنىڭ دىندىن قېچىشى ئىزچىل كۈچىيىپ كەتتى. ھەتتا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار دىندىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى.

**6 ـ چېركاۋنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ قەلبىدە ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىشى:**

بىز ئىلگىرىكى بابلاردا ئىلمى ھەرىكەتلەر روشەن ئىسلامى تەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، ئىسلام يۇرتلىرىغا ئەۋەتىلگەن ياۋروپالىقلار ئىسلامى روھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا كۆرگەن ئىلمى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قايتقانلىقى ئۈچۈن چېركاۋنىڭ ياۋروپادىكى ئىلىم ـ پەن ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بىزنىڭ بۇ يەردە قوشۇپ بايان قىلىدىغىنىمىز شۇكى، چېركاۋ ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئىسلامي تەسىرلىرىدىن ۋە مۇسۇلمانلاردىن قوبۇل قىلىنغان ئىلمى ھەرىكەت بىلەن بىللە ئىسلامنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىپ كېتىشىدىن قورققان چاغدا، بۇ تەسىرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ياۋروپالىقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى توسۇش ئۈچۈن چېركاۋ ئۆز يازغۇچىلىرىنى ئىسلامغا قارشى ئەسەرلەرنى يېزىشقا،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىسلامغا بوھتان چاپلاشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا، مۇسۇلمانلارنى بارلىق چوڭ گۇناھلار بىلەن قارىلاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنغان بىلىملەرگە، مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلامغا قارشى قىلىنغان كۆپ تەرەپلىمىلىك ھۇجۇمنىڭ ياۋرۇپالىقلارنىڭ ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى.

ئىسلامغا قىلىنغان ھۇجۇم ياۋرۇپالىقلارنىڭ روھىغا ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھۇجۇم ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى توستى. خرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۇچرىغان مەغلۇبىيىتىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن باش تارتىشىدا تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىدى. ئەمما، ئۇلار ئىسلامى مەنبەلەردىن ئېلىنغان ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى بولسا ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. چۈنكى، ئۇلار نادانلىقىدىن ئويغانغاندىن كېيىن، ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىنى ۋە ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئوبدانلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىلمى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى دىندىن خالى، بەلكى دىنغا پۈتۈنلەي قارشى ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلدى.

چۈنكى، چېركاۋنىڭ يۇقارقىدەك پوزىتسىيىلىرى مەدەنىيەتلىك ياۋرۇپا زىيالىيسىنى چېركاۋ تەقدىم قىلغان دىندىن، يەنى خرىستىئان دىنىدىن ئۈركىتىۋەتكەن ئىدى. شۇنداقلا، چېركاۋنىڭ ئىسلامغا قارىتا قىلغان ھۇجۇمى بۇ مەدەنىيەتلىك ياۋرۇپا زىيالىيسىنى ئۆز مەدەنىيىتىنى ئەسلى مۇسۇلمانلاردىن قوبۇل قىلغان تۇرۇقلۇق مۇسۇلمان بولۇشنى قوبۇل قىلمايدىغان قىلىپ قويدى.

بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىس يەنى،

دىنىدىن يىراقلىشىش، دىنغا قارشى تۇرۇش، ئىنساننىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتى ئۈنىڭسىز تۈزەلمەيدىغان روھى ۋە ئەخلاقى قىممەت قاراشلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراق بولغان زور ئىلىم-پەن ھەرىكىتى ۋە كەڭ دائىرىلىك ماددى تەرەققىياتقا بولغان خاتا پوزىتسىيە مۇشۇ نۇقتىدىن پەيدا بولدى. ياۋرۇپا، ئىلمىي ۋە ماددى تەرەققىيات جەھەتتە قانچىلىك يۈكسەلسە، دىنىدىن شۇنچە يىراقلاپ كەتتى.

### 7 ـ يەھۇدىيلارنىڭ ياۋرۇپا ھاياتىنى بۇزۇشتىكى رولى:

ياۋرۇپا ھاياتى چىركاۋ خىلمۇ-خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق پەيدا قىلغان مۇشۇنداق بىنورمال ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا، بۇزۇش چاقىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يەھۇدىيلار مەيدانغا چىقتى... ئۇلار بولسا اللە مۇنداق سۈپەتلىگەن كىشىلەردۇر:

﴿وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَاداً وَاللَّهُ لا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾

«ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، اللە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.①»

يەھۇدىيلار كونا دۈشمىنى بولغان خرىستىئانلارنى يوقىتىدىغان پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. يەھۇدىيلار خرىستىئانلار ئارىسىدا «تەرەققىيات»، «مەدەنىيەت» ۋە «شەخسى ئەركىنلىك» دېگەن چىرايلىق ناملار بىلەن ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ئىدىيەلەرنى تارقاتتى. ئەخلاقنى بۇزدى ۋە پۈتكۈل رەزىللىكلەرنى كەڭ تارقاتتى. ھەتتا، بارلىق بۇزۇش

① سۈرە مائىدە: 64 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ياۋرۇپا ھاياتىنى كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىدى.

بىر تەرەپتىن، يەھۇدىي مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ماركىس كوممۇنىزىم ۋە ئاتېئىزىم (دىنسىزلىق)نى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ: «دىن ـ مىللەتنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇندۇر» دېگەن مەشھۇر سەپسەتىنى كەڭ بازارغا سالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە شۇ يەھۇدىي مىللىتىدىن كېلىپ چىققان فىرۇئىد: «دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەر روھىي جەھەتتىكى يىمىرىلىشنى، روھىي ۋە نېرۋا جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن دىندىن، ئەخلاقتىن ۋە ئەنئەنىلەردىن بىر پۈتۈن چىقىپ كىتىشكە چاقىرىدىغان جىنسىيەت ھەققىدىكى نەزىرىيىلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى.

ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، يەھۇدىيلار ئۆسۈم ئارقىلىق پۇل تېپىش ئۈچۈن، ياۋرۇپادىكى كاپىتالىستىك سانائەت ھەرىكىتىنى مونوپول قىلىۋالدى. ئۇلار، بۇ ئارقىلىق ياۋرۇپا ھاياتىنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن كونترول قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلدى:

1) ئاياللارنى زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە قىزىقتۇردى. ئايال ئىشچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەندە، ئاياللارنى بۇزۇش ۋە ئۇلارغا تايىنىپ ياشلارنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئاياللارنى ياسىنىشقا، گىرىم قىلىشقا، ھاياسىزلارچە مودا كىيىملەرنى كىيىشكە قىزىقتۇردى.

بۇ ئارقىلىق كىيىم ـ كېچەك لايىھىلەش شىركەتلىرى ۋە گىرىمخانىلار زور ئىقتىسادى نەپكە ئېرىشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا يەھۇدىيلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى.

2) «ئەركىنلىك، قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك» دېگەن شۇئارلارنى

ئوتتۇرىغا قويىدى. «ئەركىنلىك» شۇئارى ئاستىدا دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلارنى تارقاتتى ۋە: «بۇ دېگەن ئىنساننىڭ شەخسى ئەركىنلىكىنىڭ دائىرىسىدىكى ئىش. دىنسىز بولۇشنى خالىغان ئادەم دىنسىز بولسۇن، ئىچىلىشنى، ئازادلىققا چىقىشنى خالىغان ئادەم ئىچىۋەتسۇن، ئازادلىققا چىقسۇن. ھېچكىمنىڭ شەخسى ئەركىنلىككە ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق» دېگەن ئىدىيەلەرنى تارقاتتى.

3) ئاياللارنى ئىشقا چىقىشقا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئائىلىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. ئايالنى ئۆي، ئانا بولۇش ۋە بالا بېقىشقا قارىتا، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شەخسى ئەركىنلىكى ۋە ئازاتلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشەن دەپ قارايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدى.

4) ئانا سىرتتىكى خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بالىلارنى تەربىيەلەشكە پۇرسەت چىقمىغاچقا، ئائىلىسىز بىر ئەۋلاد بالىلار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، غەرب جەمئىيىتىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر قاقشاۋاتقان ئىچىنىشلىق پاجىئەلەر مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىقتى.

مانا بۇ، يەھۇدىيلار غەربلىكلەرنىڭ ھاياتىدا پەيدا قىلغان بۇزۇقچىلىقلارنىڭ بىر قىسمى. بۇزۇقچىلىقنىڭ چاقىسى ھېلىھەم ئايلانماقتا ۋە ھەركۈنى يېڭى-يېڭى بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلماقتا.

## 8 ـ بۇ ئىشلارغا قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ جاۋابكارلىقى:

ئاخىرىدا، بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىدا پەيدا بولۇۋاتقان بۇ بۇزۇقچىلىقلارغا قارىتا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ زور جاۋابكارلىقى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمىز. چۈنكى، اللە بۇ ئۈممەتنى پەقەت ئۆز دائىرىسىدىلا ياشاش ئۈچۈن تارىختىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىپ

چىقارغان بولماستىن، بەلكى، ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قوماندان ۋە رەھبەر بولۇش ئۈچۈن چىقارغان:

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.①»

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً﴾

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.②»

بۇ ئۈممەت يەر شارىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە نۇر ۋە ھىدايەت تارقىتىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، اللەغا ئىشىنىپ، ئىمانغا دەۋەت قىلىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان چاغدا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئومۇملاشقان ئىدى.

يېقىنقى بىر قانچە ئەسىرلەردە بۇ ئۈممەت ئۆز ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭغا ئاجىزلىق، بوشاڭلىق يەتكەن چاغدا، ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى اللەغا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيدىغان، ھاياتقا اللەنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان جاھىلىيەت ئۈممىتى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىغا زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ۋە ئىماننىڭ ئورنىغا كۇفرىنى تارقىتىشى ئۈچۈن پۇرسەت

① سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

يارىتىلدى.

مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ھەق دىنىغا ھەقىقى قايىتمىغىچە زېمىن قايتا ئىسلاھ بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەق دىنىغا قايىتقان چاغدىلا اللهنىڭ ئۇلارغا بەرگەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلىش، ھۆكۈمرانلىقىقا ئىگە قىلىش ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىش ۋەدىسى ـ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ـ قايتا ئەمىلىلىشىدۇ:

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.[①]»

ياۋرۇپا تارىخىغا قىسقىچە نەزەر سېلىش، غەربتە باش كۆتۈرگەن دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق تارقالغان ھازىرقى مۇھىتنى چۈشۈنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

يۇقاردا سۆزلەنگەن چېركاۋنىڭ ناچار پوزىتسىيىسى، يەھۇدىيلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق تارقىتىشتىكى رولى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل سەۋەبىدىن ياۋرۇپادا دىنغا قارشى تۇرىدىغان ۋە بارلىق بۇزۇقچىلىق باكتېرىيىلىرىگە تولىمۇ باب

① سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كىلىدىغان مۇھىت بارلىققا كەلدى.

بەلكى، بۇ باكتېرىيەلەرنىڭ خەتىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسان اللەدىن ۋە زېمىندا اللەنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن يىراقلاشقان چاغدا، ئىنسان چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ھاڭنىڭ چېكى بولمايدۇ. ياۋرۇپانىڭ ھازىرقى رىئاللىقى بۇ ئەلەملىك ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ياخشى پاكىتىدۇر. دىن بىلەن پەن ۋە دىن بىلەن ھاياتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئىنسانلاردىكى روھىي بىئاراملىق، ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، روھىي ۋە نېرۋا كېسەللىكلەر، جىنايەتنىڭ يامراپ كېتىشى، ھەتتا ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن ياشلاردىكى ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە خۇمار بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن سىرت ئىسانىيەت تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى اللەدىن ۋە دىندىن يىراقلاشقانلىقنىڭ پاجىئەلىك نەتىجىسىدۇر.

@ @ @ @ @

## دىنسىزلىق ئەقىل ۋە ئىلىم ـ پەندىن ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس

بارلىق ئىشلاردا ئەقىل ۋە ئىلىم ـ پەندىن ئىلىنىغان ئاساسقا تايىنىپ ياشايدىغانلىقىنى جار سېلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، يەر شارىدا تارقىلىپ يۈرگەن دىنسىزلىق مەسىلىسى ئەقىل ۋە ئىلىم ـ پەندىن ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ھەر قانداق ئادەمگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان يارىتىش مەسىلىسى دىنسىزلارنىڭ ئالدىغا قويۇلسا، ئۇلار: «تەبىئەت ياراتقۇچىدۇر» دەيدۇ.

بۇ، گەرچە ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە «ئالىم» دەپ ئاتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق سۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق سۆزدۇر.

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەت قانداق نەرسە؟

دارۋىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، تەبىئەت بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىدۇ، ئۇنىڭ يارىتىش ئىقتىدارى چەكسىزدۇر.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تەبىئەت قارىغۇلارچە ئىش قىلىدۇ.»

توۋا!...

ئۇلار «ياراتقۇچىدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىۋاتقان بۇ «ئاتالمىش ئىلاھ» نە ئەقىلگە نە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇدەك پاراسەتكە ئىگە بولمىسا، ياكى دارۋىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يارىتىش ئەمەلىيىتى ھەققىدە ھېچقانداق مۇنتىزىم تەدبىرى بولمىغاچقا قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا، قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان بۇ ئاتالمىش

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىلاھ قانداقمۇ ئەتراپىمىزدىكى كائىنات ۋە ھايات ئىشلىرىنى مۇشۇنچىۋالا مۆجىزە خاراكتېرلىك نازۇك تەرتىپتە باشقۇرۇپ تۇرالىسۇن؟

بۇ ئاتالمىش ئىلاھ ئىنساننى قانداقسىگە مۇشۇنداق شەكىلدە يارىتالىسۇن؟ ئىنسان ئەقىللىق مەخلۇق بولۇپ تەدبىر بەلگىلىيەلەيدۇ. ئۇ ئىرادىگە، غايىگە ۋە نىشانغا ئىگە. ئىرادىسى ۋە غايىسى بولمىغان نەرسە ئىرادە ۋە غايىگە ئىگە نەرسىنى يارىتالامدۇ؟ ئەقلى يوق نەرسە ئەقلى بار تەپەككۇر قىلالايدىغان نەرسىنى يارىتالامدۇ؟

ئەمما، ئىلىم ـ پەن مەسىلىسىگە كەلسەك، غەرب ئەللىرىنى قاپلاپ كەتكەن ھازىرقى زامان جاھىلىيتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، اللە ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ھەقىقەتكە ئاچقان بىر قىسىم ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى گۇۋاھلىق سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى!

گېرمانىيە فىرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، بىئولوگىيە ۋە بوتانىكا ئالىمى رېسل چارلىز ئىرنىست مۇنداق دەيدۇ: «جانسىز نەرسىلەر دۇنياسىدا ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇش سىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەزەرىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىرقىسىم تەتقىقاتچىلار: "ھاياتلىق ئاقسىل ياكى ۋىرۇستىن ياكى چوڭ ئاقسىل پارچىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان" دېگەن قاراشقا قوشۇلدى. بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ نەزەرىيەلەر جانلىقلار دۇنياسى بىلەن جانسىز شەيئىلەر دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغاندەك تۇيۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىز قايىل بولۇشقا تېگىشلىك رېئاللىق شۇكى، جانسىز نەرسىدىن جانلىق ماددىنى ئىرىشىش ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېزلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى... شۇ سەۋەبتىن، اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر زەررىلەر بىلەن باشقا پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنىڭ تاسادىپى بىرىكىشى ئارقىلىق جانلىق ھۈجەيرىلەردە كۆرۈلىۋاتقان ھاياتلىقنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پەيدا قىلىپ، ئۇنى ساقلىيالايدىغانلىقىغا دەلىل كەلتۈرەلمەيدۇ. جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇشۇنداق شەكىلدە چۈشەندۈرۈشنى قوبۇل قىلىشتا شەخس مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە. بۇ شۇ شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. لېكىن، ئىنسان بۇ نەزەرىيەنى قوبۇل قىلسا ۋە قايىل بولسا، پۈتكۈل نەرسىلەرنى ياراتقان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان اللهنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە قايىل بولغاندىنمۇ ئەقىلنىڭ قوبۇل قىلالىشى تەس بولغان ئىشقا قايىل بولغان بولىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جانلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەربىرى مۇرەككەپلىكتە چۈشىنىش بىزگە نىسبەتەن قىيىن بولغان دەرىجىگە يەتكەن. يەر يۈزىدە مەۋجۇد بولغان نەچچە مىليون جانلىق ھۈجەيرىلەر ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە ئەقىل قوبۇل قىلالايدىغان ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن بولغان گۇۋاھلىقلارنى بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن اللهنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن.①»

نيۇيورك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسى ئې. كرېيسى مورىسۇن «ئىنسان ئۆزىگە تايىنىپلا مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «كائىنات تەرتىپىنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى يۈكسەكلىككە يەتكەن ھالىتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغايدۇ. چۈنكى، ئەگەر يەر پوستى ھازىرقى ھالىتىدىن بىر نەچچە گەز قېلىن بولسا ئىدى، كاربون ئىككى ئوكسىد يەر يۈزىدىكى ئوكسىگېنلارنى سۈمۈرىۋالاتتى ـ دە، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەگەر ھاۋانىڭ زىچلىقى ھازىرقى ھالىتىدىن تۆۋەن (شالاڭ) بولغان بولسا ئىدى، ھازىر سىرتتىقى ھاۋا بوشلۇقىدىكى مىليونلىغان

---

①«ئىلىم ـ پەن دەۋرىدە الله نامايان بولماقتا» دېگەن كىتابتىكى «جانلىق ھۈجەيرىلەر ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ» دېگەن ماقالىدىن.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاۋاتقان بەزى ئاقار يۇلتۇزلار سېكۇنتىغا تەخمىنەن 46 مىل تېزلىكتە ئۇچۇپ كېلىپ، يەر شارىغا سوقۇلاتتى ۋە كۆيۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. ئەگەر ئاقار يۇلتۇزلار مىلتىقنىڭ ئوقىدەك سۈرئەتتە ئاستا ماڭىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىغا سوقۇلاتتى ۋە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقاتتى. ئەمما، ئىنساننىڭ ئوق تېزلىكىدىن 90 ھەسسە تېزلىكتە مېڭىۋاتقان كىچىككىنە ئاقار يۇلتۇز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىغا كەلسەك، ئىنسان پەقەت ئاقار يۇلتۇزنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان ھارارەتنىڭ تەسىرى بىلەنلا پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ.

ھاۋا ئىنسان ئۆزىنى ئۇزاق مۇددەت قاقلاپ تۇرمىسىلا ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن مىكرۇبلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋىتامىنلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھەم زىرائەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان خىمىيىلىك تەسىرچانلىققا ئىگە نۇرلارنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن ماس ئۆلچەمدە قويۇۋېتىلىدۇ.

شۇنچە زامانلاردىن بېرى زېمىندىن كۆپلىگەن زەھەرلىك گازلار قويۇپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ھاۋا يەنىلا بۇلغانماستىن ۋە ئىنساننىڭ مەۋجۇد بولۇشىغا كېرەكلىك تەڭپۇڭلۇق نىسبىتى ئۆزگەرمەستىن شۇ پېتى تۇرماقتا. ئەڭ چوڭ تەڭپۇڭلۇق چاقى كەڭ كەتكەن ئوكياندىن ئىبارەت سۇ يىغىندىسىدۇر. ھاياتلىق، ئوزۇقلۇق، يامغۇر، مۆتىدىل ھاۋا رايى، ئۆسۈملۈكلەر، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ سۇدىن يارىتىلغان.[①]»

ئۇ، مۇشۇ كىتابنىڭ باشقا بىر بۆلىكىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

« ئەمەلىيەتتە، بىز بىپايان غەيبىي ئالەمگە يېقىنلىشىۋاتىمىز. چۈنكى،

---

① «ئىلىم ـ پەن دەۋرىدە الله نامايان بولماقتا» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىز ئىلمي نۇقتىدىن بارلىق ماددىلارنىڭ ئۆز ماھىيىتىدە ئېلېكترىسىمان دۇنياۋى بىرلىكنىڭ بىر كۆرۈنىشىگە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. لېكىن، شۇنىڭدا شەك يوقكى، كائىناتنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپى ھادىسە ئەمەس. چۈنكى، بۇ بۈيۈك دۇنيا مۇئەييەن قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ.

ئىنساندا ئۆز مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلالايدىغان ۋە پىكىر قىلالايدىغان ئاڭنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ئۆزىنى «ماددىلارنىڭ تەدرىجي تەرەققىياتى ئارقىلىق مەقسەت، غايىسىزلا بارلىققا كەلگەن» دېگەن ئىدىيىسىدىن چوڭ بىر قەدەم ئىلگىرلىگەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر.

بىز غايىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا قايىل بولساق ۋە ئىنساننى بىر ئۈسكۈنە دەپ قارىساق. ئۇنداقتا، بۇ ئۈسكۈنىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە زادى نېمە؟ چۈنكى، بۇ ئۈسكۈنە باشقۇرۇلمىسا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پايدىلانغىلى بولمايدۇ. ئىلىم ـ پەن ئۇنى كىمنىڭ باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئىنساننى پەقەت ماددىي نەرسىلەردىنلا بارلىققا كەلگەن دېيەلمەيدۇ.

بىز تەرەققىيات ئارقىلىق شۇ دەرىجىگە يەتتۇقكى، بۇ، اللهنىڭ ئىنسانغا ئۆز نۇرىدىن بىر ئۈلۈش بەرگەنلىكىگە ئىشىنىشىمىزگە يېتەرلىكتۇر.①»

شوتلاندىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ئارسېر تومسۇن «ئىلىم ـ پەن ۋە دىن» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز چوڭقۇر كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى مۇئەييەنلەشتۈردۇقكى، ئىلىم ـ پەننىڭ قىلغان ئەڭ چوڭ خىزمىتى بولسا ئىنساننى الله توغرىسىدىكى ئەڭ ئالىيجاناپ ۋە يۈكسەك پىكىرگە

① ئاسترونومىيە ئالىمى مەھمۇد سالىھ (ئەرەبچىگە) تەرجىمە قىلغان «ئىلىم ـ پەن ئىمانغا چاقىرىدۇ» دېگەن كىتاب.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يېتەكلىگەنلىكىدۇر. ئەگەر بىز: ”ئىلىم ـ پەن ئىنسان ئۈچۈن يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىن پەيدا قىلدى، ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەقلى كۈچىنى چىقىرىشىغا تۈرتكە بولدى“ دېسەك ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتكەن بولمايمىز. چۈنكى، ئىنسان كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چۈشىنىش دائىرىسىدىن ھالقىغان چاغدىلا تىنىچلىقنى ھېس قىلالايدۇ. ئەنە ئاشۇ تىنىچلىق اللەغا بولغان جەزمىيەتتە ۋە ئىشەنچتە مەۋجۇد بولىدۇ.»

بىز بۇ دەلىللەرنى اللەنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرگىنىمىز يوق. چۈنكى، بىزگە اللەنىڭ كىتابى يېتەرلىكتۇر. ئىنسان تەبىئىتىمۇ اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. لېكىن، بىز بۇ دەلىللەرنى پەقەت مۇشۇ ئەسىردىكى ئىلمىي تەرەققىيات ئۇلارنى ئالداپ قويىۋاتقان ۋە «ئىلىم ـ پەن اللەغا ئىشەنمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان بەزى كىشىلەر ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىۋاتىمىز.

@ @ @ @ @

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## ئاتېئىزىم ۋە ئۇنىڭ هازىرقى زامان ئىنسانىيەت رېئاللىقىدىكى تەسىرلىرى

ياۋرۇپانىڭ شەرقى ۋە غەربىنى ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاپ، يەرشارىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دىنسىزلىقنىڭ بۇ كۈچلۈك دولقۇنى ئىنسانىيەت هاياتىدا ئىلگىرى مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ مەسىلىلىرى ئۆز ئارا بىرىكىپ، كىرىشىپ كەتتى. دۇنيانىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا يۈز بەرگەن هادىسە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئىنتايىن تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىش شۇنچىلىك خەتەرلىك ۋە تەسىر كۈچى شۇنچىۋالا زور تۇرسا، ئۇنداقتا، ئەهۋال قانداق بولۇپ كېتەر ـ هە!

اللە ئۆزىنىڭ هېكمەتلىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ لِيُذِيقَهُمْ بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

«ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناهلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈزبەردى، اللە ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.①»

ئىنسانلار دىنسىزلىقتىنمۇ قەبىهراق بولغان قايسى ئىشنى قىلىپ باققان؟ دىنسىزلىقتىن كېلىپ چىققان بۇزۇقچىلىقتىنمۇ يامانراق قايسى بۇزۇقچىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈپ باققان؟

قېنى، بىز تۆۋەندە اللەنىڭ هەققىگە قىلىنغان بۇ ئېغىر گۇناهتىن كېلىپ چىققان بەزى ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى!

---

① سۈرە رۇم: 41 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## 1 ـ يۈكسەك قىممەت قاراش ۋە ئالىي سۈپەتلەرنى يوقىتىش:

اللەنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشەنمەيدىغان كىشىنىڭ ئۆلچەم پرىنسىپلىرى، قىممەت قاراشلىرى ۋە ھاياتتىكى ھەرقانداق نەرسىگە بولغان كۆز قارىشى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئىمان ئىنساننى روھى تەرەپتىن كۈچەيتىدۇ ۋە ئىنساننى ئالىي ئۆلگىلەرگە ۋە اللەغا باغلاپ تۇرىدۇ.

مۇئمىن ئۆزىنىڭ زېمىندىكى ھاياتىنىڭ ھەقىقى نىشانىنى بىلىدىغان كىشىدۇر. چۈنكى، الله ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا خَلَقْتُ الجِنَّ وَالأِنْسَ إِلا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم[1]»

مۇئمىن بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ اللەدىن باشقا نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى، اللەغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىنسان مۇقەرەر ئىبادەت قىلغۇچى مەخلۇقتۇر. چۈنكى، الله ئىنساننى ئىبادەت قىلغۇچى قىلىپ ياراتقان. ئىبادەت قىلىش ئەسلىدىنلا ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر. شۇڭا، ئىنسان اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ ياكى اللەدىن باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىدۇ.

ئەگەر، ئىبادەت ئارقىلىق اللەغا ئىتائەت قىلسا، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئۇنىڭ زېمىن يۈزىدىكى ھاياتى تۈزىلىدۇ، ئاخىرەتتە اللەنىڭ رازىلىقى ۋە جەننىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، الله ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدە بارلىق

---

① سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

گۈزەل خىسلەتلەرگە، ياخشى ئەمەللەرگە، يامانلىقتىن يېنىشقا، ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرۈشكە، ئىشەنچلىك، راستچىل، ئادىل بولۇشقا ئادالەتنى بەرپا قىلغۇچى بولۇشقا، بەدىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، تۇيغۇلىرى، ھەرىكەتلىرى، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشلىرى ... پاك بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئەگەر ئۇ، اللەغا ئىبادەت قىلمىسا چوقۇم باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىدۇ. يەنى، ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇ ئىنسان ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسى بويىچە قانۇنلارنى تۈزۈپ ھالال ـ ھارام نەرسىلەرنى بەلگىلەپ بەرسە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ.

ياكى، ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنيا، جىنسى ھەۋەس ۋە ھوقۇق ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ئىبادەت قىلىدۇ.

ياكى، شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە شەيتان اللەنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلغۇچى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىبادەت ئوبيېكتىدۇر:

﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَنْ لا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ، وَأَنِ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ﴾

«سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): "ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر" دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟[①]»

يەر شارىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى دىنسىزلارنىڭ نېمىگە ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىغا، ئىبادىتىنىڭ ئۇلارنى نېمىلەرگە يۈزلەندۈرۈۋاتقانلىقىغا قاراپ باقايلى!

كوممۇنىستلار بولسا دۆلەتكە، كوممۇنىستىك تۈزۈمگە، ھۆكۈمران

① سۈرە ياسىن: 60 ـ 61 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پارتىيىگە ۋە داھىيلارغا چوقۇنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرەرسىگە قارشى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدۇ. ئەگەر بۇلارغا قارشى ئېغىز ئېچىپلا قالسا، ئۇنىڭ نېسىۋىسى ئۆلۈم بولىدۇ، خالاس. دېمەك، ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن بىر چىشلەم نان ئۈچۈن، ياشاش ئۈچۈن مۇشۇ تاغۇتلارغا بويسۇنىدۇ①.

غەربلىكلەر بولسا مال ـ دۇنيا ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە چوقۇنىدۇ. ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە پەقەتلا پۇل ـ مالدۇر. ئۇلار پەقەت ماددى مەنپەئەت ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىدۇ. پۇل ـ مال بولسا ئۇلار ئاساسلىنىدىغان قىممەت ئۆلچىمىدۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ئېرىشكەن پۇل ـ مىلىنىڭ مىقدارىغا قاراپ بولىدۇ.

الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر.②»

ئۇلار بولسا: «ئارىمىزدىكى ئەڭ باي ئادەم بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ بايلىقلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتىن، غەرب مۇستەملىكە قىلىۋالغان رايونلاردىكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاشتىن، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىۋاتقان، كاپىتالىستلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراۋاتقان، قان ـ تەرى ۋە ئەمگىكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىۋاتقان مىليونلىغان ئىشچىلارنىڭ قانلىرىنى شوراشتىن كەلگەن

① اللەغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇنكى، كوممۇنىستىك تۈزۈم يىمىرىلىپ تاشلاندى. لېكىن، ئۇنى قايتا تىرىلدۈرمەكچى بولغان غالچىلىرى ھېلىھەم مەۋجۇد.

② سۈرە ھۇجۇرات: 13 ـ ئايەت.

بولسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق.

ئۇلار مۇشۇنداق شەكىلدە توپلىغان ۋە ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇنىڭ قولىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى قەيەرگە سەرىپ قىلىدۇ؟

بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى ئىنساننى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغان تويماس جىسمانى ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ياكى زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان ۋەھشىيلەرچە توقۇنۇشلاردىكى ۋەيرانچىلىق ۋە خارابلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا سەرىپ قىلىدۇ.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن كېلىپ چىققان نەتىجىدۇر. ئۇلار قاچانمۇ ئالىي قىممەت قاراشلارنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭ دەۋەتلىرىگە ئاۋاز قوشاركىن؟

**2 ـ ئىنسان ھاياتىدىكى تەكپۇكلۇقنى بۇزۇش:**

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ، إِلا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ﴾

«بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دەۋزەخكە قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ.[1]»

ئىنسان اللەنىڭ يولىدىن يىراقلاشقان چاغدا، اللە ياراتقان «ئەڭ چىرايلىق شەكىل»دىكى ئەسلى تەبىئىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. بەلكى، ئۆز تەكپۇكلۇقىنى يوقۇتۇپ «ئەڭ تۆۋەن دەرىجە»گە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىمان ئىنساننى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى ئېلېمېنت ئوتتۇرىسىدىكى

[1] سۈرە تىن: 4 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەكەببۇرلۇقنى ساقلايدىغان نەرسىدۇر. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَراً مِنْ طِينٍ، فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: ”مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم ياراتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار“.[①]»

ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار زاتنىڭ بىزگە خەۋەر قىلغىنىدەك، ئىنسان بىر ئۇچۇم تۇپراقتىن ۋە اللە تەرەپتىن پۈۋلەنگەن روھتىن يارىتىلغان مەخلۇقتۇر.

ئەگەر، ئىنسان كاپىر ۋە دىنسىز بولۇپ كەتسە، نۇر قوبۇل قىلىدىغان ئىلاھىي كۆزنەكنى ئېتىۋەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا لايىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە تۇيغۇنىڭ دۆتلىكىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمايدۇ. يەنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ماددى ۋە ھېسسى نەرسىلەرلا ساقلىنىپ قالىدۇ. ئىنسان شۇلارغا تەلپۈنىدۇ، شۇلار ئۇچۇن تىرىشىدۇ، شۇلارنى ئاساس قىلىدۇ. مانا بۇ چاغدا تارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ھاياتى دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۇ ئىنساننى تارتىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇ مەنپەئەتلەر ئالدىدا ئۆز تەكەببۇرلىقىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. چۈنكى، ئىنساننى بۇ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلەر ئالدىدا ئۆز تەكەببۇرلۇقىنى ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدىغان، ئۇنى اللەغا باغلاپ، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۈرىدىغان، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدە ئاخىرەت كۈنىنى ئەسلىتىپ ئۇنى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ تۇرىدىغان نەرسە روھنىڭ ئازاتلىقىدۇر. ئەگەر، ئىنسان روھى ئازاتلىقنى يوقۇتۇپ قويسا،

---

① سۈرە ساد: 71 ـ 72 ـ ئايەت.

ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ يوقۇتۇپ قويىدۇ ۋە اللە خەۋەر بەرگەنىدەك ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

بىز ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە كۆرۈۋاتقان ئىشلار دەل ئاشۇ سۆزنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇنداقتا، كىشىلەر قايسى نىشان ئۈچۈن تىرىشىدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن ئۆز ـ ئارا توقۇنىشىدۇ؟ ئىنسان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەنىنىڭ تەلەپلىرى، تەنىنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە زېمىندىكى كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆز ئىنسانىيلىقىنى يوقۇتۇپ ھايۋانغا ئوخشاش، بەلكى، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ:

﴿أُولَئِكَ كَالأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾

«ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.[①]»

### 3 ـ ۋىجداننىڭ چەكلەش كۈچىنى يوقىتىش:

ۋىجدان دېگەن اللە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلغان «مالامەت قىلغۇچى نەفس»دۇر.

﴿ لا أُقْسِمُ بِيَوْمِ الْقِيَامَةِ ، وَلا أُقْسِمُ بِالنَّفْسِ اللَّوَّامَةِ﴾

«قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ.)[②]»

ئۇلۇغ اللە تەرىپىدىن قىلىنغان بۇ قەسەم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

---

① سۈرە ئەئراف: 179 ـ ئايەت.
② سۈرە قىيامەت: 1 ـ ئايەت

چۈنكى، ئۇلۇغ الله پەقەت كاتتا نەرسىلەر بىلەنلا قەسەم قىلىدۇ، الله تائالا ئىنسانىنىڭ يامان قىلىقىغا مالامەت قىلىدىغان، ياخشى ئىش قىلىشىغا ئۈندەيدىغان مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەم قىلغانىكەن، شەكسىزكى، مالامەت قىلغۇچى نەپسى اللەنىڭ مىزانىدا چوڭ ئورۇنغا ئىگە. ھەقىقەتەن شۇنداق، چۈنكى، مالامەت قىلغۇچى نەپسى ئىنسانىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىنىڭ ۋە ئالىي قىممەت قاراشلارنى قوغدىشىنىڭ، شۇنداقلا، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئىشلىرىنى تۈزىشىنىڭ ھەقىقى مەركىزىدۇر.

ئىنسان مالامەت قىلغۇچى نەپسىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئىنسان مالامەت قىلغۇچى نەپسىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا ئۇنىڭ نەپسى يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يامانلىق كېلىپ چىقىپ، زېمىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تارقىلىدۇ،

ئىنسانىنىڭ نەپسىنى پەقەت بۇلغىنىشتىن پاكلاپ اللەنىڭ رەھمىتىگە لايىقلاشتۇرىدىغان ئىمانلا ياخشىلاپ، ئۇنى مالامەت قىلغۇچى نەپس دەرىجىسىگە كۆتۈرەلەيدۇ.

﴿ إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّي﴾

«نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا».[①]

ئەمما، دىنسىزلىق ۋە كۇفرىلىق مالامەت قىلغۇچى نەپسىنى يوقىتىپ، يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسنىلا قالدۇرىدۇ.

يۈزەكى قاراپلا دىنسىز ياۋروپانى ۋىجدانلىق دەپ ئويلاپ قالىمىز،

① سۈرە يۈسۈف: 53 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

چـۈنكى ياۋرۇپـادا سـودىگەر ئالـدامچىلىق، يالغـانچىلىق قىلمايـدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، شەخسى مۇئامىلە ئىشلىرى راسـتچىللىق ۋە ئىشەنچ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بـۇ قارىماققا توغرىـدەك كۆرۈنسـىمۇ، ئەمىلىيەتـتە بولسـا ھەقىقـى مەنىـدىكى ئەخـلاق ئەمەس. بـۇلار پەقەت ئـۇزاق مـۇددەت خېرىـدارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ خېرىدارغا راستچىللىق، ئىشـەنچ ۋە دۇرۇسـلۇق بىـلەن مۇئـامىلە قىلىـپ، خېرىـدارغا يېقىنلىشـىدىغان ئەقىللىق سودىگەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

ئەمما ۋىجداننى ئۆلچەشنىڭ باشقا ساھەسى بار.

ئامېرىكىـدىكى، نېگىرلارغـا قوپـال ۋە رەھىمسـىزلىك بىـلەن مۇئـامىلە قىلىشـتا، ھەتتـا، ئـۇلارنى يـول ئۈسـتىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىشـتە ئۇلارنىـڭ ۋىجدانى قېنى؟

خەلقلەرنى مۇستەملىكە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تـالاڭ قىلىشـتا، ئـۇلارنى نـامراتلىق، بىلىمسـىزلىك، كېسـەللىك، ئـاجىزلىق ھالىتىدە قالدۇرۇپ قويۇشتا ئۇلارنىڭ ۋىجدانى قەيەرگە كەتتى؟

پەلەسـتىن مەسىلىسـىدە ۋە پەلەسـتىنلىكلەرنى يېقىنـدىلارغا ئايلانـدۇرۇپ قويۇشـتا بىرلەشـكەن دۆلەتـلەر تەشـكىلاتىنىڭ ۋىجـدانى قېنى؟

زېمىننىـڭ ھەرقايسـى رايۇنلىرىـدا مىليۇنلىغـان كىشـىلەر ئـاچلىقتىن جان تالىشىۋاتسا، بىر تال بۇغداي تاپالمايۋاتسا، بۇغـداينىڭ بـازاردىكى باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بەزى دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن ئاشلىقلارنى دەريالارغا ۋە دېڭىزلارغا تاشلىۋەتكەندە ئۇلارنىـڭ ۋىجـدانى قەيەرگە كەتتى؟

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىر قانچە مىڭ كىشى گىرىم بويۇملىرى، مودا كىيىملەر، فىلىملەر، شەھۋانى سۈرەتلەر، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن تىرىلىيونلىغان پايدا ئېلىشى ئۈچۈن، ئىنسانلارنى بۇزۇۋېتىلىقتا كەڭ كۆلەمدە كۈشكۈرتىشتە ئۇلارنىڭ ۋىجدانى قىنى؟

**4 ـ دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تىنچلىقىنى بۇزۇش:**

دۇنيانىڭ بۈگۈنكى كۆرۈنۈشى دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ ناچار كۆرۈنۈش بولىشى مۇمكىن.

بۇ ئاخىرقى ئەسىر (20 ـ ئەسىر)دىكىدەك تىنچلىقنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە قالايمىقانلىشىشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ياشلاردىن 10مىليون ئۆلتۈرۈلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بولسا 40 مىليون كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ئارىلىقىدا، ئالدى ـ كەينىدە ۋە ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ئەھۋالى تىنچلانمىدى.

يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا توقۇنۇش توختىماي ۋاتىدۇ. تىنچلىقتىن بەھرىلىنىۋاتقان جاينى ئاساسەن تاپقىلى بولمايدۇ.

بۇ توقۇنۇشنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟

زېمىندا ھەقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىقنى تارقىتىش ئۈچۈنمۇ؟

ياكى ئاجىزنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ۋە كۈچلۈكلەرنى ئاجىزلارغا تاجاۋۇز قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن بولىۋاتامدۇ؟

بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتلەر ئارىسىدا بولىۋاتقان ھەر تۈرلۈك توقۇنۇشلارنىڭ بىرەرسىمۇ ھەقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە زۇلۇمغا

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۈچىرىغۇچىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە بولىۋاتقىنى يوق. ئۇنىڭ ھەممىسى پەقەت، ئۆز ھوقۇقىنى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بولىۋاتقان توقۇنۇشتۇر. ئۆزىنى چوڭ دۆلەت دەپ ئاتايدىغان دۆلەتلەر ئولجا تالىشىۋاتقان بۆرىلەرگە ئوخشاش ئۇرۇشىدۇ. بۆرىلەر ئولجىنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ھەر بىرى ئولجىنى ئۆزەملا يەيمەن دەپ بىر-بىرىنى چىشلەيدۇ. توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئولجا ھامان يېيىلىدۇ.

ئورمان قانۇنى كىشىلەرگە اللەنىڭ قانۇنىدىن باشقا بىر قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئورمان قانۇنى: غەلىبە ھەق ئىگىسىگە ئەمەس، بەلكى، ئاجىزلارنى يەيدىغان كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ دەيدۇ. اللەنىڭ شەرىئىتى بولسا:

﴿ إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْأِحْسَانِ ﴾

« اللە ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ [1]» دەيدۇ.

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾

«ئى مۆئمىنلەر! اللەنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اللەدىن قورقۇڭلار، اللە

---

① سۈرە نەھل: 90 ـ ئايەت.

ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر[①].»

لېكىن، كاپىرلار ۋە دىنسىزلار اللەنىڭ قانۇنىنى ئۆزلىرىگە قانداقمۇ تەتبىقلىيالىسۇن؟ بەلكى، ئۇلار ئورمانلىقتىكى ياۋايى ھايۋانلار ئۆز ئارا مۇئامىلىدە ئاساس قىلىدىغان قانۇنىنى تەتبىقلىشى ئۇلارغا ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆزلىرىنىڭ اللە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقىتىپ قويغاچقا، ئىنسانىيلىقىنىمۇ يوقىتىپ، ئاشۇ ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش بولۇپ قالغان.

بىراق، ئىنسانلار كائىناتنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ رەببى بولغان اللە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا ئايرىلىپ قالىدىغان نەرسە خەلقئارا تېنچلىقلا ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتلىرىمۇ خاتىرجەملىكىنى يوقىتىدۇ.

پۈتۈن دۇنيانىڭ ستاتىستىكىلىرىدا: قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق جىنايەتلىرىنىڭ نىسبىتى كۆنسىرى ئېشىۋاتقانلىقى كۆرستىلىۋاتىدۇ.

ھەر يىلى زېمىننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يىغىنلار ئېچىلىدۇ. يىغىنلارغا قانۇنشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، پسىخولوگلار، جىنايەت ئانالىزچىلىرى ۋە باشقا ئالىملار قاتنىشىدۇ.

كېيىن يېڭى ستاتىستىكىلار چىقىپ: جىنايەت نىسبىتى داۋاملىق ئۆرلىمەكتە دەيدۇ.

بۇزۇلغان ۋە قالايمىقانلاشقان نەرسە خەلقئارا قالايمىقانچىلىقى ۋە جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقىلا بولماستىن بەلكى، روھى قالايمىقانچىلىق ۋە

---

[①] سۈرە مائىدە: 8 ـ ئايەت.

ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردۇر.

ستاتىستىكىلارغا قاراش بىزنى مۇشۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىدۇ.

ستاتىستىكىلار: كۆچىيىۋاتقىنى پەقەت جىنايەتنىڭ نىسبىتىلا بولماستىن، بەلكى، بىئاراملىق، ئېلىشىپ قېلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، روھىي ۋە نېرۋا جەھەتتە قالايمىقانلىشىشلارنىڭ نىسبىتىمۇ داۋاملىق ئېشىۋاتىدۇ دەيدۇ.

الله بىزگە روھىي خاتىرجەملىكنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى اللەنى ئەسلەش ۋە اللەغا باغلىنىش ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى:

﴿ الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾

«( تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.[1]»

ئىنسانلار اللەدىن يىراقلاشقان چاغدا، بەلكى، اللەنى ئەسلەشتىن سىقىلىش ھېس قىلغان چاغدا، ئۇلارغا قەيەردىمۇ قەلبى خاتىرجەملىكى بولسۇن؟

﴿ وَإِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَحْدَهُ اشْمَأَزَّتْ قُلُوبُ الَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ وَإِذَا ذُكِرَ الَّذِينَ مِنْ دُونِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ﴾

«يالغۇز اللە تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. اللەدىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ.[2]»

---

① سۈرە رەئد: 28 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇمەر: 45 ـ ئايەت.

**5 ـ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قىلىشى:**

بۈگۈنكى كۈندە، اللەدىن يىراقلىشىش ئىچىدە تۇرىۋاتقان ئىسانىيەتنى قورشىۋالغان بۇ قايىنامدا ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقى قەيەردە؟

چىچىنى چۈۋۈپ قويىۋەتكەن، ئىگىز پاشنىلىق ئاياغلارنى، بىلىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىۋالغان بۇ يىگىتنى ئەر كىشى دېگىلى بولامدۇ؟

تاماكا چېكىدىغان، ھاراق ئىچىدىغان، ئوغۇل بالىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىدىغان ۋە ئوغۇل باللار بىلەن ھەر يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىغان بۇ «خانىم»نى قىز بالا دېگىلى بولامدۇ؟

چوڭ كوچىدا، ئاممىۋى سورۇنلاردا بارلىق زىننەتلىرىنى، بەدەنلىرىنى شەھۋەتلىك قاراشلارغا كۆرگەزمە قىلىدىغان، كىيىم كىيگەن بولسىمۇ، يالىڭاچ، كىيىمگەن بىلەن ئوخشاش ھاياسىز كېيىنىۋالغان بۇ ئاياللارنى ئىنسان دېگىلى بولامدۇ؟

ئىپپەت ـ نومۇس ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئاياللىرىنىڭ، قىزلىرىنىڭ، ھەمشىرىلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىپپەت نومۇسىنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنىمۇ قوغدىمايدىغان بۇ ئەرلەردە ئادىمىيلىكتىن قىلچىلىك ئەسەر قالدىمۇ؟

بۇنىڭدىن باشقا ھايۋان دەرىجىسىگە، بەلكى، ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلار بۇ كىشىلەر «ئادەم» دېگەن شەرەپلىك نامغا لايىقمۇ؟

بۇزۇقچىلىق ئەخلاقنىڭ چەك ـ چېگرالىرىدىن ھالقىپ كەتتى:

﴿ أَفَمَنْ يَمْشِي مُكِبّاً عَلَى وَجْهِهِ أَهْدَى أَمَّنْ يَمْشِي سَوِيّاً عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ ﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

« زادى قايسى ئادەم يـول تاپالايـدۇ؟ بېشـىنى سـاڭگىلىتىپ ماڭغـان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟[1]» .

@ @ @ @ @

① سۈرە مۇلك: 22 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## مۇسۇلماننىڭ دىنسىزلىق مەسلىسىگە بولغان مەيدانى

بىز ئىلگىرى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياۋرۇپا ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە شۇ يەردە دىنسىزلىقنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەپ بولغان مۇئەييەن شارائىتلار بار.

بۇ شارائىتلار شۇ يەردە پەيدا بولغان كۈپرىنى ۋە كۈپرى بىلەن پەخىرلىنىشنى ئاقلىيالايدۇ دېمەيمىز. چۈنكى ھېچقانداق نەرسە اللهغا كاپىر بولۇشنى ئاقلىيالمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ بَلِ الْإِنْسَانُ عَلَى نَفْسِهِ بَصِيرَةٌ ، وَلَوْ أَلْقَى مَعَاذِيرَهُ﴾

«بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.)[1]»

الله پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەقىل بەرگىنىدەك، ياۋرۇپالىقلارغىمۇ ئەقىل بەردى ۋە ھەقنى بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى.

﴿ رُسُلاً مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزاً حَكِيماً﴾

«ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن اللەنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق

---

① سۈرە مۇلك: 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.①»

ئىنسانلار الله ئۇلارغا بەرگەن ئەقىللىرىنى ئىشلەتمىسە، اللەنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىسا ياكى ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى بۇرمىلىۋەتسە، ئۇلار قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ئالدىدا شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەقتىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز دېيىشى ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ.

﴿ وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: ”مەن سىلەرنىڭ پەرۋەدىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟“ دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: ”ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق“ دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: ”بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز“ دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر.②»

بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز، بۇ ئىشلار ياۋرۇپادىكى ئىنسانلارنى قورشاپ تۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دىنسىزلىقنىڭ تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەلى شارائىتلاردۇر.

ئۇنداقتا، مۇسۇلمانىنىڭ دىنسىزلىققا تۇتقان مەيدانى زادى قانداق

---

① سۈرە نىسا: 165 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەئراف: 172 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بولىدۇ؟

ئۇنىڭ مەيدانى تامامەن ئېنىق، ئۇ بۇ مەسىلىگە تۇپتىن قارشى تۇرىدۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي باتىل دەپ قارايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلماننىڭ دىنى ئاساسلىرىدا، تارىخىدا، ياۋرۇپالىقلاردا يۈز بەرگەن بۇزۇلۇشلارنىڭ قايسى بىرىگە سەۋەب بولىدىغان نەرسە يوق.

چۈنكى، اللە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى يوقلىشتىن ۋە بۇرمىلىنىشتىن ساقلاشقا كېپىل بولدى. اللە قۇرئان توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز[①]»

شۇنداقلا، اللە ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى (ھەدىسلىرىنى) يادلىغۇچى راۋىيلارنى، توپلىغۇچى ھەدىسشۇناسلارنى ۋە تەتقىقاتچى ئالىملارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇلار ھەدىسلەرنى يادلىدى، ئۇنىڭ رىۋايىتىنى تەكشۈردى. ھەدىسلەرنىڭ سەھىسى (ئىشەنچلىكى) بىلەن زەئىپ ۋە مەۋزۇئىنى (ئىشەنچسىز ۋە توقۇلمىلىرىنى) ئىنچىكىلىك بىلەن دەلىل ئىسپات ئاساسىدا ئايرىپ چىقتى.

مۇشۇ سەۋەپتىن ئەقىدىدە ئەھلى كىتاب ئەقىدىلىرىگە ئوخشاش بۇرمىلاش يۈز بەرمىدى. اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن چۈشۈرۈلگەن شەكلى بويىچە، ئەقىدە ۋە شەرىئەت ھالىتىدە تۇردى. مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارغا ئوخشاش دىنىنى بۆلۈپ، ئۇنى شەرىئەتتىن خالى ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىدى. ئىسلام نۇرغۇن ئەسىر زېمىن

---

① سۈرە ھىجر: 9ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يۈزىدە ئۆزىنىڭ مۇكەممەل شەكلى بويىچە داۋاملىشىپ، بەندىنىڭ پەرۋەردىگار بىلەن بولغان ئالاقىسىگە، ھۆكۈمرانىنىڭ پۇقرا بىلەن بولغان ئالاقىسىگە، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بولغان ئالاقىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدى. دىنىنىڭ بۆلەكلىرى ئۆز-ئارا بىر-بىرىدىن ئايرىلمىدى ۋە بۆلۈنمىدى.

ھەتتا، ئاخىرقى ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام ھەقىقىتىدىن ئېغىپ، دىنىنى دۆلەتتىن ئايرىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئىتائەت ۋە ئەگىشىش شېرىكىگە چۈشۈپ قالغان بىر ياكى ئىككى ئەسىرلىك خاتالىق مۇسۇلمانلار ئىسلام دېگەن ئەقىدە ۋە شەرىئەت دەپ تونۇپ كەلگەن ئون ئىككى ئەسىرلىك رېئاللىقنى يوققا چىقىرالمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ياۋروپادىكى خرىستىئانلاردا اللەنىڭ دىنى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل شەكلىدە تەتبىقلىنىپ باقمىدى.

ھەقىقەتەن، ئىسلامنىڭ ياۋروپادىكىگە ئوخشاش اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن دىنىنى بۇرمىلايدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان چىركاۋى يوق. ئىسلامدا سىر ساقلايدىغان، مۇشۇ دەۋا ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىنى ۋە ئەقلىنى كونترول قىلىدىغان «دىندارلار» ۋە «كاھىنلار»يوق. ئىسلامدا پەقەت پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە تۇراقلىق، ئۆزگەرمەس شەرىئەتتىن ئېلىنغان ھۆكۈملەرنى چىقىرىدىغان ئالىملار ۋە فەقىھلەر بار.

﴿ وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنْفِرُوا كَافَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾

«مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اللەدىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى[1]».

بۇ ئالىملار ۋە فەقىھلەر ئىجتىھاد قىلىدۇ، بەزىدە توغرىنى تاپىدۇ، بەزىدە خاتالىشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى كاھىنلارغا ئوخشاش مۇقەددەسلىككە ئىگە ئەمەس. ئۇلار خرىستىئان دىنى تارىخىدا يۈز بەرگىنىدەك، اللەنى قويۇپ ئۆز ئالدىغا ھالال ـ ھارام دېمەيدۇ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىلمىغا ۋە پەزىلىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنى قەدىرلەيدۇ، لېكىن، ئۇلارنى كىتاب ئەھلى ئۆزىنىڭ ئالىملىرىنى ۋە راھىبلىرىنى مەبۇد قىلىۋالغاندەك، مەبۇد قىلىۋالمايدۇ.

﴿ اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَاباً مِنْ دُونِ اللَّهِ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) اللەنى قويۇپ ئىلاھ تۇتىۋالدى[2]».

شۇنداقلا، ئىسلامدا ياۋرۇپادىكى خرىستىئانلار ھاياتىدا يۈز بەرگىنىدەك،دىن بىلەن ئىلىم ـ پەن، دىن بىلەن ھاياتنىڭ ئوتتۇرىسى ئايرىۋېتىلمەيدۇ.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە پۈتۈۋېتىلگەن دىندۇر، ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە دىن بىلەن ئىلىم ـ پەننى، دىن بىلەن ھاياتنى ئايرىۋېتىش مەۋجۇت ئەمەس.

ئىنسانىيەت روھىدا، اللە پىترەتتە ئورۇنلاشتۇرغان ياراتقۇچىغا يۈزلىنىش ۋە شۇ ياراتقۇچىغا ئىبادەت قىلىش ئىستىكى ھەم بىلىم ئۆگىنىش ۋە شۇ ئىلىملىرنى زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىش

[1] سۈرە تەۋبە: 122 ـ ئايەت

[2] سۈرە تەۋبە: 31 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىستىكى مەۋجۇت:

﴿ وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا﴾

«اللە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى[1]» دېدى.

﴿ هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى[2]»

﴿ وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ﴾

«اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى[3]»

نۇرمال پىترەتتە، پىترەتكە ئۇيغۇن بۇ ئىككى ئىستەك ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق يوق. ئىمان ئىستىكى بىلەن بىلىم ئىستىكى ياندىشقان ھالدا بىر يۆنىلىشتە ماڭىدۇ. بۈگۈنكى ياۋرۇپا جاھىلىيىتى پىترەتتىكى بۇ ئىككى ئىستەكنى ئايرىۋەتتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىپ قويدى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق تارىختا ئۆتكەن جاھىلىيەتلەرگە ئوخشاش كىشىلەرنى ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان ۋە بىلىم ئالغانسىرى اللەدىن يىراقلىشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. اللە تارىختا ئۆتكەن جاھىلىيەتلەرنى سۈپەتلەپ شۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلَمَّا جَاءَتْهُمْ رُسُلُهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَرِحُوا بِمَا عِنْدَهُمْ مِنَ الْعِلْمِ﴾

«ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە،

---

① سۈرە بەقەرە: 31 ـ ئايەت.

② سۈرە ھۇد: 61 ـ ئايەت.

③ سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى) ①»

گەرچە بۈگۈنكى جاھىلىيەت شۇنداق قىلىۋاتقان بولسىمۇ بىراق، ئىسلام بۇنداق ئايرىشنى ھەرگىز تونۇمايدۇ. اللەنىڭ كىتابى كىشىلەرگە بىلىم ئۆگىنىش، اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە ئويلىنىش، كائىناتنىڭ تۈزۈمى شۇلار بىلەن يۈرۈشىۋاتقان قانۇنىيەتلەرنى بايقاش ۋە شۇ قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەرگە تولغان. بىلىم ئېلىش توغرىسىدىكى ئەتراپلىق كۆرسەتمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ”ئوقۇغىن!“ دېگەن بۇ ئۇلۇغ سۆزنىڭ رەسۇلۇللاغا بېرىلگەن تۇنجى بۇيرۇق بولۇشى، ئاندىن الله ئۆز ئەلچىسىگە تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، دېگىن» دېيىشى دىن بىلەن پەننىڭ، ئىلىم بىلەن ئىماننىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى دەلىللەشتە ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر. اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىل بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

﴿ إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنْفَعُ النَّاسَ وَمَا أَنْزَلَ اللَّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِنْ مَاءٍ فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِنْ كُلِّ دَابَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ وَالسَّحَابِ الْمُسَخَّرِ بَيْنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، الله بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا

---

① سۈرە غافىر: 83 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بويسۇندۇرۇلغان بولۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر[1]»

ئۇلارغا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِتَبْتَغُوا فَضْلاً مِنْ رَبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ وَكُلَّ شَيْءٍ فَصَّلْنَاهُ تَفْصِيلاً﴾

«(كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئىي ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق[2]»

رەسۇلۇللا مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش پەرزدۇر[3]».

ئىسلامنىڭ رىئال تارىخى دىن بىلەن ئىلىم-پەن ئوتتۇرىسىدا پەيدا قىلىنغان شۇ بۆلۈنۈشنى تونۇمىدى. ئىسلام تارىخىدا دىن بىلەن ئىلىم-پەن ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ۋە توقۇنۇش بولۇپ باقمىدى. ئىسلامى ئىلىم-پەن ئەقىدە سايىسىدا گۈللەندى. بەلكى ئىلىم-پەن تۈنجى قېتىم ئەقىدىدىن ئۈنۈپ چىقىپ، ئەقىدە سايىسىدا داۋاملىق ئۆستى.

شۇنداقلا، ئىسلام تارىخىدا ئەقلى مەغرۇرلۇق ۋە بىلىمگە ئالدىنىپ، بىلىم ئىگەللىگەنسىرى اللەدىن يىراقلىشىش پەيدا بولۇپ باقمىدى.

---

① سۈرە بەقەرە: 164 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا: 12 ـ ئايەت.

③ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مۇسۇلماننىڭ ئىگىدا بىلىمنىڭ ئىشىشى كىشىنى اللهغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. چۈنكى، بىلىم اللهنىڭ سۈيۈنسىدۇر.

ئىلگىرى الله ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بىلىم ئۆگەتكەن:

﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا﴾

«الله پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى.①»

الله مۇنداق دىدى:

﴿ الرَّحْمَنُ ، عَلَّمَ الْقُرْآنَ ، خَلَقَ الْإِنْسَانَ ، عَلَّمَهُ الْبَيَانَ﴾

«مېھرىبان الله قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى يادلاشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى) ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى②.»

شۇڭا، مۇسۇلماننىڭ بىلىمى ئاشقانسىرى اللهغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ ۋە اللهنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تېخىمۇ بەكرەك شۈكرى قىلىدۇ.

﴿ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾

«اللهنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللهدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ③»

شۇنداقلا، ئىسلامدا دىن بىلەن هايات ئايرىۋېتىلمەيدۇ.

## ئىسلامدا رەھبانىيەت (راھىبلىق) يوق:

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ

① سۈرە بەقەرە: 31ـئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە رەھمان: 1ـ4ـئايەتلەر.
③ سۈرە فاتىر: 28ـئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىبـــادەتلىرىنى ســـورىدى. ئۇلارغـــا خەۋەر بېرىلىشۋـــدى، ئـــۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز دەپ قاراپ، مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا بىز قانچىلىك ئىدۇق. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈتىلگەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى دېدىكى: "مەن ھەر كېچە ناماز ئوقۇيمەن". يەنە بىرى:" مەن يىل بويى روزا تۇتىمەن، بىر كۈننىمۇ روزىسىز ئۆتكۈزمەيمەن" دېدى ۋە يەنە بىرى: "مەن ئاياللاردىن يىراق تۇرىمەن، مەڭگۈ توي قىلمايمەن" دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: « مۇنداق ـ مۇنداق دېگەنلەر سىلەرمۇ؟ اللە بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ اللەدىن ئەڭ بەك قورقىدىغىنىمەن. بىراق، مەن ( بەزىدە) روزا تۇتىمەن، (بەزىدە) روزا تۇتمايمەن. قىيامدا تۇرىمەن، ئۇخلايمەن، ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە مەندىن ئەمەس.[①]» دېدى.

ياۋرۇپا جاھىلىيتى دىن بىلەن ئىنسانىنىڭ ھاياتتىكى خىلمۇ ـ خىل پائالىيەتلىرىنى ئايرىپ تاشلىدى. اللە ئۇلارنىڭ رىزىقلىرىنى كەڭرى قىلغانلىرى ۋە زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغانلىرى اللەدىن تېخىمۇ يىراقلىشىدىغان روھى ۋە ئەقلى ھالەتنى پەيدا قىلىپ قويدى. نەتىجىدە اللە سۈپەتلىگەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئوخشاپ قالدى.

﴿ أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ آيَةً تَعْبَثُونَ، وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ تَخْلُدُونَ، وَإِذَا بَطَشْتُمْ بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ ، فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ ، وَاتَّقُوا الَّذِي أَمَدَّكُمْ بِمَا تَعْلَمُونَ ، أَمَدَّكُمْ بِأَنْعَامٍ وَبَنِينَ ، وَجَنَّاتٍ وَعُيُونٍ ، إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ، قَالُوا سَوَاءٌ عَلَيْنَا أَوَعَظْتَ أَمْ لَمْ تَكُنْ مِنَ الْوَاعِظِينَ ، إِنْ هَذَا إِلَّا خُلُقُ الْأَوَّلِينَ ، وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ﴾

«(گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر ئەگەر (بىراۋنى) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر. سىلەر اللەدىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت

---

① مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىڭلار  سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان اللەدىن قورقۇڭلار. ئۇ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى، بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن». ئۇلار ئېيتتى: ”نەسىھەت قىلامسەن، قىلمامسەن، بەرىبىر بىزگە ئوخشاش. بۇ (يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇش) پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت. بىز ھەرگىز جازالانمايمىز“[①]»

ياۋرۇپا جاھىلىيىتى شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام بۇنداق ئايرىشنى تونۇمايدۇ ۋە ئېتىراپ قىلمايدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا﴾

«يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار[②]»

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾

«ئېيتقىنكى، ”اللە بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟“ ئېيتقىنكى، ”ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر.“[③]».

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى

---

① سۈرە شۇئەرا: 128 ـ 138 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە ئەئراف: 31 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

③سۈرە ئەئراف: 32 ـ ئايەت.

زېمىندا تۇرغۇزدى.» ،يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا﴾

«اللە ساڭابەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن.[1]» .

﴿ هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ.﴾

«الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار[2]»

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئەقىدە سايىسىدا ئەقىدە بىلەن مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ۋە دۈشمەنلىك بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولدى. شۇ سەۋەپتىن ئىسلام مەدەنىيەت ھەرىكىتى تارىختىكى تەڭداشسىز مەدىنىيەتكە ئايلاندى. ئۇ زېمىننى ئاۋات قىلىدىغان، ئەتراپى ئالەمنى كېزىدىغان، زېمىننىڭ نامەلۇم جايلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان، دېھقانچىلىق، سانائەت ۋە سودا ـ سېتىق ئارقىلىق زېمىننىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىدىغان ھەرىكەت ئىدى. ئۇ ھەرىكەت مۇشۇنىڭ ھەممىسىدە اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئىسلام ئەقىدىسىنى كەڭەيتىش بىلەن زېمىنغا ئىلاھى نۇرنى تارقىتىدۇ. اللەنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاش بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىلاھى ئادىللىقنى بەرپا قىلىدۇ.

بۇ دىنىنىڭ ئاساسلىرىدا ۋە تارىخىدا ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن دىنسىزلىقنىڭ ۋە اللەنىڭ يولىدىن يىراقلىشىشىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بىرەر ئامىل يوق. ئىسلام باشتىلا ئىنسان قەلبىنى اللەغا باغلاش ۋە ھەر بىر ئەمەلدە ياكى ئۆي ـ پىكىردە، ياكى تۇيغۇدا مۇشۇ رىشتىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا مەۋجۇت بولىدۇ:

---

① سۈرە قەسەس: 77 ـ ئايەت.

② سۈرە مۇلك: 15 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿ قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ، لا شَرِيكَ لَهُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر“[1]»

ئىنسان قەلبىنى اللەغا باغلايدىغان مۇشۇ جانلىق رىشتە سەۋەبىدىن مۇسۇلمان بىلىم ئۆگىنىدۇ، اللەنىڭ يەرلىنى تەلەپ قىلىدۇ، زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرىدۇ، اللە تەرىپىدىن ئۆزىگە ھالال قىلىپ بېرىلگەن نېسىۋىسىنى ئىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا ”مەن زېمىندا خەلىپە بولۇش رولۇمنى ئۆتەۋاتىمەن“ دېگەن تونۇشتا بولىدۇ.

﴿ وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى[2]».

ھەم ئۆزىنىڭ زېمىنغا پەيدا بولۇش غايەم بولغان ”اللەغا خالىس ئىبادەت قىلىش“نى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىمەن دېگەن تونۇشتا بولىدۇ.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.[3]»

شۇنىڭ ئۈچۈن زېمىندىكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ دىنسىزلىققا يۈزلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

بەلكى، ئىنسانىيەتنى ئىمانغا، ھەقكە ۋە ئىلاھىي يولغا يېتەكلىگۈچىلەر بولۇشى بەلگىلەنگەن مۇسۇلمانلاردىن بۇنداق ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى، اللە ئۇلارغا ئىنئام قىلغان دىنىدىن ئايرىلىشى ئەڭ چوڭ بالا ـ قازادۇر. اللە مۇنداق دەيدۇ:

---

① سۈرە ئەنئام: 162 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 30 ـ ئايەت.
③ سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿ الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْأِسْلامَ دِيناً﴾

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.①»

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز جاھىلىيىتى ئىچىدىكى ياۋرۇپا گىرىپتار بولغان يامانلىقنى دورىشى، شۇ يەردە تارقالغان بۇزۇق پىكىرلەرنى قوللىشى، ئۇلارغا ئوخشاش دىنسىزلىقنى قوبۇل قىلىشى، ئەخلاقى چۈشكۈنلۈككە غەرق بولۇشى ۋە ئەخلاقى چۈشكۈنلۈككە چاقىرىشى چوڭ بالا ـ قازادۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ ئىشلار غەرب ئالدىدىكى ئۇلارنىڭ روھىغا يوشۇرۇنغان ئىچكى مەغلۇبىيەتتۇر. ئۇ ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق قارىغۇلارچە دوراشقا، قۇللارچە دوراشقا، مايمۇنلارچە دوراشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللادۇر.

مۇسۇلمان ئۇياقتا تۇرسۇن، تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى يوقاتمىغان، تەبىئىتى بۇزۇلمىغان ۋە روھى ساغلام، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بىر ئىنساننىڭ ئۆزى خالاپ بۇ خەتەرلىك ھاڭغا قەدەم بېسىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

@ @ @ @ @

① سۈرە مائىدە: 3 ـ ئايەت.

# ئىككىنچى باب

# پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

### پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى:

پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مۇسۇلماننىڭ ئىمانى پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، قۇرئان ـ ھەدىستە تەپسىلى بايان قىلىنغان پەرىشتىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ اللە ئۇلارنى تەكلىپ قىلغان خىزمەتلىرىگە ئىشەنگەن چاغدىلا تولۇق بولىدۇ.

پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىماننىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ نۇرغۇن تېكىستلىرىدە كەلگەن.

اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرى قۇرئاندا كەلگەن پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدىكى تېكىستلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

﴿ لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللەغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللەنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن پۇل ـ مال بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللەنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر[①]»

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالًا بَعِيداً﴾

«ئى مۇئمىنلەر! اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللە ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللە نى، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.[②]»

﴿ قُلْ مَنْ كَانَ عَدُوّاً لِجِبْرِيلَ فَإِنَّهُ نَزَّلَهُ عَلَى قَلْبِكَ بِإِذْنِ اللَّهِ مُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُدىً وَبُشْرَى لِلْمُؤْمِنِينَ ، مَنْ كَانَ عَدُوّاً لِلَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَرُسُلِهِ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَالَ فَإِنَّ اللَّهَ عَدُوٌّ لِلْكَافِرِينَ﴾

---

① سۈرە بەقەرە: 177 ـ ئايەت

② سۈرە نىسا: 136 ـ ئايەت.

«ئېيتقىنكى، ”جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (اللهغا دۈشمەندۇر)، چۈنكى ئۇ (يەنى جىبرىئىل) اللهنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆئمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى. كىمكى اللهنى، اللهنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن (اللهنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، الله كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ“[①]»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلدى:

«بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، بىز تەرەپكە بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ كىشىنىڭ كىيىملىرى ئاپئاق، چېچى قاپقارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن سەپەرنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنمەيتتى. ئارىمىزدىن ھېچكىم ئۇ كىشىنى تونومايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا چاپلىدى. ئىككى ئالقىنىنى ئۆزىنىڭ ئىككى يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: ”ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلام ھەققىدە خەۋەر بەرگىن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {الإِسْلاَمُ أَنْ تَشْهَدَ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ وَتُقِيمَ الصَّلاَةَ وَتُؤْتِيَ الزَّكَاةَ وَتَصُومَ رَمَضَانَ وَتَحُجَّ الْبَيْتَ إِنِ اسْتَطَعْتَ إِلَيْهِ سَبِيلاً} «ئىسلام دېگەن بىر اللهدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇشۇڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ۋە يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ ھەج قىلىشىڭدۇر» دېدى. ئۇ كىشى: ”راست ئېيتتىڭ“ دېدى. بىز ئۇنىڭ سوئال سوراپ يەنە سوئالنىڭ جاۋابىنى تەستىقلىغانلىقىدىن ئەجەبلەندۇق. ئۇ كىشى: ”ماڭا ئىمان

---

① سۈرە بەقەرە: 97ـ98ـئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھەققىدە خەۋەر بەرگىن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {أن تؤمن بالله وملائكته وكتبه ورسله واليوم الآخر وتؤمن بالقدر خيره وشره} «ئىمان دېگەن اللهغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر» دېدى. ئۇ كىشى: "راست ئېيتتىڭ" دېدى، ئاندىن: "ماڭا ئېھسان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {أن تعبد الله كأنك تراه، فإن لم تكن تراه فإنه يراك} «ئېھسان دېگەن اللهغا گويا سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ھالەتتە ئىبادەت قىلىشىڭ ياكى گەرچە مەن اللەنى كۆرمىسەمۇ، الله مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئىبادەت قىلىشىڭدۇر①» دېدى.

الله بىزگە پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ شەكلىنىڭ خىلمۇ ـ خىل بولىشى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان مۆجىزىلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ الْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَاعِلِ الْمَلائِكَةِ رُسُلاً أُولِي أَجْنِحَةٍ مَثْنَى وَثُلاثَ وَرُبَاعَ يَزِيدُ فِي الْخَلْقِ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى اللهغا خاستۇر! الله يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.②» .

اللەنىڭ مۆجىزىلىرىنى تونۇشىمىز اللهغا بولغان ئىمانىمىزنى كۈچەيتىدۇ. بىز اللەنى ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ۋە كۈچىنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق كېلىدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغلايمىز ۋە اللهغا ھەقىقى ئىبادەت

---

① مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
② سۈرە فاتىر: 1 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىمىز. اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارقىلىقلا ئۇنىڭ جەننىتىگە كىرەلەيمىز

بىزنىڭ ھېسسىي دۇنيايىمىزدا اللەنىڭ مۆجىزىۋى قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆپلىگەن مۆجىزىلەر بار. ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەر بىرى ئېنىق ئوچۇق بولغان كىشىنى اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىغا يېتەكلەشكە يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە بىزنى ئاگاھلىق بولۇشقا چاقىرىپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِلْمُوقِنِينَ ، وَفِي أَنْفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾

«زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا اللەغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن ( اللەنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر.[①]»

لېكىن، ھېسسىي ئالەملا اللە ياراتقان كائىناتنىڭ ھەممىسى ئەمەسلىكىنى، بەلكى، بىزگە كۆرۈنمەيدىغان باشقا ئالەملەرنىڭمۇ اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئالەملەردە بىزنىڭ ئىنسانى ئىقتىدارىمىزغا نىسبەتەن بىز ئۇلارنى چۈشىنىش تۇگۇل، ئويلاشتىنمۇ ئاجىز كېلىدىغان ئاجايىپ نەرسىلەر بارلىقىنى بىلگەن چېغىمىزدا اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ۋە اللەنىڭ مۆجىزىۋى قۇدرىتىگە بولغان ئىمانىمىزنىڭ كۈچىيىدىغانلىقى شەكسىزدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ قاناتلىرى بار ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىمىزدا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ۋە خىزمەتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، تۇيغۇمىز ئەسىر قىلىنىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ھېسسى دۇنيايىمىزدا بىزگە مەلۇم بولغان قاناتلىق مەخلۇقاتلار، قۇشلار ۋە ھاشاراتلار ئاسمان-زېمىندىكى بۈيۈك خىزمەتلەرنى ئۆتەۋاتقان بۇ

---

① سۈرە زارىيات: 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.

مەخلۇقاتلارغا تامامەن ئوخشىمايدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز قاناتلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچىدىغان بۇ كاتتا مەخلۇقاتلارنى بىلىشى شەكسىزكى ئۇنىڭ تۇيغۇسىنى تېترىتىدۇ. ئىنسان اللەنىڭ پەرىشتىلەرنى ياراتقان مۆجىزىۋى قۇدرىتىنى ھېس قىلغانسېرى اللە ئالدىدا ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىز، بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ-دە، اللەغا بولغان ئىمانى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ.

ئىنساننىڭ بىلىمى ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ، پەرىشتىلەرنىڭ قانات جەھەتتە بىر دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ ئىككى قاناتلىق، بەزىلىرىنىڭ ئۈچ قاناتلىق، بەزىلىرىنىڭ تۆت قاناتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىدا، يارىتىشتا خالىغان نەرسىنى ئارتۇق قىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ياراتقۇچىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلايدىغان بولىدۇ.

شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن پەرىشتىلەرنىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى چەكسىز بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى. جىنلار ئوت ئۇچقۇنىدىن يارىتىلدى، ئادەم سىلەرگە بايان قىلىنغان نەرسە (لاي)دىن يارىتىلدى.[1]»

نۇر بولسا ئىنسان ئۆزىنىڭ ھېسسى دۇنياسىدا كۆرۈۋاتقىنىدەك بوشلۇقتا تۈپتۈز ئىلگىرلەيدىغان يورۇقلۇقتۇر. ئەمما، مۇشۇ نۇردىن ھەرىكەت قىلالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، خىلمۇخىل شەكىللەرگە كىرەلەيدىغان، ئۆزىگە بۇيرۇلغان مۇئەييەن خىزمەتلەرنى ئورۇندىيالايدىغان مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىش بولسا ئىنسان زادىلا ئويلاپ

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

باقمىغان ئىشتۇر.

ھەقىقەتەن، اللەنىڭ ئىنسانىنى زېمىنىنىڭ لىيىدىن ياراتقانلىقى تۇيغۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىز كېلىدىغان ۋە گاڭگىراپ قالىدىغان كاتتا مۆجىزىدۇر. چۈنكى لاي بىلەن سەزگۈ ئەزالارغا، ئەقىل ـ ئىدراكقا، مەقسەتكە، ئىرادىگە، زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ۋە كائىناتتىكى ئۆزگە الله تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن بايلىقلارنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بۇ ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەقىقەتەن زور پەرقتۇر.

بىراق، بۇ چوڭ پەرق ئىنساننىڭ تۇيغۇسىغا نىسبەتەن پەرىشتىلەرنى نۇردىن يارىتىشقا قارىغاندا قوبۇل قىلىش ئاسانراقتۇر. لاي بولسا ھەر ھالدا كۆزلەرگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ماددا. ئەمما نۇر بولسا ماددا ئەمەس. ئۇنداقتا، نۇردىن ئۆزگىچە بىر مەخلۇقنى ياراتقان زاتنىڭ قۇدرىتى شۇ قەدەر چەكسىزكى، ئەقىل بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، قانداقمۇ تېگىگە يېتەلىسۇن؟!

ئىنسان ياراتقۇچى، ئىجاد قىلغۇچى بولغان اللەنىڭ قۇدرىتىنى ھەقىقى رەۋىشتە ھېس قىلالىغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ئۆز ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرىۋاتقان ۋە كائىناتقا تولۇپ كەتكەن بۇ مەخلۇقاتلارنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ.

ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا ئەتراپىمىدىكى بۇ كائىناتتا مەندىن باشقا ھېچنېمە يوق دېگەن تونۇشنىڭ بولۇشى بىلەن كائىنات ماڭا ئوخشىمايدىغان تىرىك جانلىقلار بىلەن ئاۋات دېگەن تونۇش بولۇشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار.

زېمىندىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلاردىن ئىبارەت جانلىق مەخلۇقاتلار ـ بولۇپمۇ ئىنسان بىلەن ئوخشاشلىق تەرەپلىرىمۇ ۋە ئوخشىماسلىق

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەرەپلىرىمۇ بار ھايۋانلار ـ ئىنسانغا ياقىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىنى خۇشال قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن يالغۇزسىراشنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۇلارنى ئويلىغاندا، سىغىنغاندا، ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى ئۇچراتقان چاغدا شادلىنىدىغان بولىدۇ.

مانا بۇ چەكلىك سىزىم دۇنياسىغا نىسبەتەن يۈز بېرىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭدا قاتتا، سىزىم دائىرىسىگە كىرىدىغان نەرسىلەرمۇ ۋە كىرمەيدىغان نەرسىلەرمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان چوڭ كائىناتقا نىسبەتەن شۇنداق بولىشى مۇقەررەردۇر.

لايىدىن يارىتىلغان بۇ مەخلۇقلار ئىنساننىڭ زېمىندىكى يالغۇزسىراشلىرىنى تۈگەتسە، ئاشۇ نۇردىن يارىتىلغان مەخلۇقلار ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان كەڭرى كائىناتتىكى يالغۇزسىراشلىرىنى تۈگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روھى جەھەتتە ئۆزىنى ماددا ۋە سىزىم دائىرىسىگە قاماپ قويغاندىن كۆپ خۇشال ۋە كۆپ ئەركىن بولىدۇ.

پەرىشتىلەر كېچە ـ كۈندۈز مۇقەددەس، ئۇلۇغ، يەككە ـ يېگانە، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى پادىشاھقا تەسبىھ ئېيتىش بىلەن مەشغۇل.

﴿ يُسَبِّحُونَ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لا يَفْتُرُونَ﴾

«ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.①»

بىز بۇنىڭدىن، ئۇلار ئۆتەيدىغان ئەڭ موھىم ۋەزىپە اللهغا تەسبىھ ئېيتىش، اللهنى ئۇلۇغلاش، اللهنى پاك دېيىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز. چۈنكى، الله ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان.

بۇ نىمىدېگەن گۈزەل كۆرۈنۈش ھە؟

① سۈرە ئەنبىيا: 20 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنسان كۈندۈزنىڭ ياكى كېچىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا اللەغا تەسبىھ ئېيتىشقا تىرىشسا چارچايدۇ، داۋاملىق تەسبىھ ئېيتىشقا كۈچى يەتمەيدۇ، چۈنكى، ئىنساننىڭ يېيىشنى، ئىچىشنى، ئارام ئېلىشنى ۋە ئۇخلاشنى خالايدىغان تېنى بار. دۇنيا ھاياتىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن توختىمايدىغان ئوي ـ خىيالى بار.

ئىنساننى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش داۋاملىق، كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىشقا تەكلىپ قىلمىغانلىقى اللەنىڭ ئىنسانغا قىلغان رەھمىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. اللە ئىنسانغا چارچايدىغان تەننى، تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىلنى بەردى. ئىنسانغا پەرىشتىلەرنىڭ ئىبادىتىدىن باشقا بىر شەكىلدىكى ئىبادەتنى بەلگىلىدى. بۇ ئىبادەت بولسا ئىنسان بىلەن پەرىشتىلەر ئورتاق ئادا قىلىدىغان تەسبىھ، ناماز ۋە ئىبادەت بەلگىلىمىلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە بىر خىل ئىبادەتتۇر. ئىنسان شۇلاردا اللەغا يۈزلەنگەن، اللە ئۇ ھەقتە چۈشۈرگەن پرىنسىپلارغا بويسۇنغانلا بولسا، ئۇنداقتا، اللە ئىنسان باللىرىغا رەھمەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ جىسمانى ۋە ئەقلى ھەرىكەتلىرىنى ئىبادەت ھېسابلىدى. مەسىلەن، ئىنساننىڭ رىزىق تەلەپ قىلىشى ئىبادەت. زېمىننى گۈللەندۈرۈشى ئىبادەت. يېمەك ـ ئىچمىكى، توي قىلىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشى، ئۇخلىشى ۋە قىيامدا تۇرۇشى ئىبادەت. ئۇ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدە اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغانلا بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولىدۇ. اللەنىڭ يارىتىشىدا مەخلۇقنىڭ كۈچى بىلەن اللە ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلغان ئىبادەت تۈرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىششچانلىق ئەنە شۇنداق ھاسىل بولىدۇ.

توغرا! ئەنە ئاشۇ اللەنىڭ ئىنسانغا قىلغان رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسان ھەمىشە كىچىك ـ كۈندۈز بوشاشماي اللەغا ئىبادەت قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغان پەرىشتىلەرگە ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز بوشاشماي اللەغا ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قادىر بولالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن، كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتقۇچى پەرىشتىلەرنىڭ بولغانلىقى ئىنساننى تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق اللەغا تېخىمۇ يېقىنلىششقا قىزىقتۇرىدۇ. ئىنسان ھەر ۋاقىت شۇنداق قىلىشقا تىرىشسا، ئۇنىڭ روھى تېخىمۇ سۈزۈكلىشىپ، پاك پەرىشتىلەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشالايدۇ.

ئىنسان، پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ۋە بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسان ماڭغان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدىغانلىقىنى، بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسان اللە تەرەپكە ماڭسا، اللەغا يۈزلەنسە ئىنسانغا خاتىرجەملىك ۋە ئارامچىلىق ئېلىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلگەن چاغدا، ئۇنىڭ پەرىشتىلەرگە بولغان مېھرى كۈچىيىدۇ.

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ ، نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ﴾

«شۈبھىسىزكى، ”پەرۋەردىگارىمىز اللەدۇر“ دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ”قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز“دەيدۇ[①]»

مۇسۇلمانلار بەدرىدە، پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە

① سۈرە فۇسسىلەت: 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر.

كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەقانلىقىنى كۆرگەنىدى.

﴿ إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن“ دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا چېپىڭلار.①».

﴿وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنْتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ، إِذْ تَقُولُ لِلْمُؤْمِنِينَ أَلَنْ يَكْفِيَكُمْ أَنْ يُمِدَّكُمْ رَبُّكُمْ بِثَلاثَةِ آلافٍ مِنَ الْمَلائِكَةِ مُنْزَلِينَ ، بَلَى إِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا وَيَأْتُوكُمْ مِنْ فَوْرِهِمْ هَذَا يُمْدِدْكُمْ رَبُّكُمْ بِخَمْسَةِ آلافٍ مِنَ الْمَلائِكَةِ مُسَوِّمِينَ ، وَمَا جَعَلَهُ اللَّهُ إِلَّا بُشْرَى لَكُمْ وَلِتَطْمَئِنَّ قُلُوبُكُمْ بِهِ وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ﴾

«اللە سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). اللەنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن اللەدىن قورقۇڭلار (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۇئمىنلەرگە: ”پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟“ دەيتتىڭ. شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (اللەدىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار)، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ. اللە ئۇنى (يەنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى) پەقەت سىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن (شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ سانىنىڭ

① سۈرە ئەنفال: 12 ـ ئايەت.

كۆپلۈكىدىن قورقمىسۇن) دەپ قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله تەرىپىدىندۇر.[1]»

پەرىشتىلەرنى كۆرۈش بولسا اللهنىڭ قوللىشى بىلەن زېمىندا ئىسلامنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرگەن، تارىخنىڭ ئەڭ شانلىق بەتلىرىدىن سەھىپىلەر يازغان بەدرى ئەھلىگە خاس بىر ئىش. ئەمما، گەرچە مۆئمىنلەر پەرىشتىلەرنى كۆرمىسىمۇ، پەرۋەردىگارىمىز الله دېگەندىن كېيىن شۇ سۆزىدە مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرنىڭ قېشىغا پەرىشتىلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى الله بىزگە خەۋەر قىلىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسا ئۇلار ھېس قىلغان ئارامچىلىق ۋە خاتىرجەملىكتۇر. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئۇلارغا «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار» دەپ چۈشىدۇ. شۇنداقلا، قەلبىنى تىنچىتىپ خاتىرجەم ۋە ئازادە قىلىدىغان «سىلەر ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خوش بېشارەت ئېلىڭلار» دېگەن خۇشخەۋەرنى ئېلىپ چۈشىدۇ.

شۇنداقلا، الله بىزگە پەرىشتىلەر رىزۋان بەيئىتىدە مۆئمىنلەرگە خاتىرجەملىك ئېلىپ چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿ هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوا إِيمَاناً مَعَ إِيمَانِهِمْ وَلِلَّهِ جُنُودُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيماً حَكِيماً﴾

«مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى اللهنىڭدۇر، الله (خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[2]»

---

① سۈرە ئال ئىمران: 123 ـ 126 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە فەتىھ: 4 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پەرىشتىلەرنىڭ قوللاشىنى، مۇستەھكەملەشىنى، خاتىرجەملىكنى ۋە خوشخەۋەرنى ئېلىپ چۈشىشى ئۇلۇغ بەدرى ئەھلىگىلا خاس ئەمەس. اللە بەدرى ئەھلىگە پەقەت پەرىشتىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش خۇسۇسىيىتىنى بەردى. مۇئمىن ئۆز نامىزىدا پاتىھەنى ئوقۇغان چاغدا پەرىشتىلەرنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا "ئامىن!" دەيدىغانلىقىنى بىلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ھېسسىياتى قانداق بولۇپ كېتەر؟! ئەنە شۇ ئىش ئۇنىڭ نامىزىم پەرىشتىلەر تەرىپىدىن كەلگەن نۇرانە ئورتاقلىقتا لايىق بولسۇن دېگەن مەقسەتتە، نامازنى اللەنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئوقۇشقا تۈرتكە بولمامدۇ؟

ئىنسان ئۆزىنى اللەغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەر بىر ئىبادەتنى، ئۆزى قىلغان ھەر بىر ئەمەلنى، سۆزلىگەن ھەر بىر ياخشى سۆزنى پەرىشتىلەر ئۇلۇغ، ھەممىدىن خەۋەردار اللەنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ سىنىڭ پالانى بەندەڭ ساڭا يېقىنلاشماقچى بولىۋاتىدۇ، پالانى بەندەڭ سېنى ئەسلەۋاتىدۇ، ساڭا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىۋاتىدۇ، ساڭا تەشەككۈر بىلدۈرۈۋاتىدۇ، پالانى بەندەڭ بەندىلىرىڭنىڭ بىرىگە ياخشىلىق قىلدى، پالانى بەندەڭنى شەيتان يامانلىققا چاقىرغان ئىدى، ئۇ شەيتانىنىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلمىدى دەيدىغانلىقىنى بىلگەن چاغدا... ئىنسان پەرىشتىلەرنىڭ اللەنىڭ ھوزۇرىدا ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى تېخىمۇ كۆپ سۆزلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى ئەمەل قىلغۇسى كەلمەمدۇ؟

**پەرىشتىلەرنىڭ بىر قىسىم ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىچە:**

ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمى جەھەتتىن بىلىشىمىز بىزنىڭ ئۇ مەخلۇقلارنى بىلىشىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

پەرىشتىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ھەق بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھېچبىر ناھەق نەرسە يوق. پەرىشتىلەردە ئىنسان ۋە

جىندا سادىر بولغاندەك بىر مىنۇتمۇ ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىش سادىر بولمايدۇ.

ئىنسان ۋە جىندىن گۇناھ ـ مەئسىيەت، كۇپىرلىق ۋە دىنسىزلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىغىشلار يۈز بېرىدۇ. (اللە ساقلىغاي!) ئەمما، پەرىشتىلەر بولسا ھەق ئۈچۈنلا ياشايدۇ، ھەقكە مۇناسىۋەتسىز بىرەر ئەمەلنىمۇ قىلمايدۇ.

**1 ـ ئۇلارنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ھارماي ـ تالماي، زېرىكمەي، غەپلەتتە قالماي كېچە ـ كۈندۈز اللەغا تەسبىھ ئېيتىش**، اللەغا دائىم ئىتائەت قىلىش، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا ئالدىراش ۋە اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدىكى ھەققى بولغان خالىس ئىبادەتنى بەجا كەلتۈرۈشتۇر.

چۈنكى، تەۋھىد ـ اللەغا خالىس ئىبادەت قىلىش بولۇپ، ئاسمان ـ زېمىن دەل ئاشۇ تەۋھىدنى نامايان قىلىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

اللە قۇرئاندا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ عِنْدَهُ لا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَلا يَسْتَحْسِرُونَ ، يُسَبِّحُونَ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لا يَفْتُرُونَ﴾

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) اللەنىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.[①]»

﴿فَإِنِ اسْتَكْبَرُوا فَالَّذِينَ عِنْدَ رَبِّكَ يُسَبِّحُونَ لَهُ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَهُمْ لا يَسْأَمُونَ﴾

---

① سۈرە ئەنبىيا: 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئەگەر كۇففارلار چوڭچىلىق قىلىپ (اللەغا سەجدە قىلىشتىن) باش تارتسا، پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) كېچە ـ كۈندۈز اللەغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مالال بولۇپ قالمايدۇ.①»

﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَلْ عِبَادٌ مُكْرَمُونَ  لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ  يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «اللەنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. اللە (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر اللەنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار اللەغا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار اللە رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللەنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.②»

شۇنداقلا، اللە ئۇلار توغۇرلۇق مۇنداق دەيدۇ.

﴿ لا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

«ئۇ پەرىشتىلەر اللەنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ③».

**2 ـ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئەلچىلەرگە ۋەھى يەتكۈزۈش:**

ھەقىقەتەن، اللە بۇ ئىشقا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى بەلگىلىدى ۋە ئۇنى قۇرئاندا ئىشەنچىلىك روھ دەپ سۈپەتلىدى. ۋەھى بولسا اللەنىڭ ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر يولى ئارقىلىق

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 38 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنبىيا: 26 ـ 28 ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە تەھرىم: 6 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن سۆزىدۇر.

﴿وَإِنَّهُ لَتَنزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ ، نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ ، عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنذِرِينَ ، بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُّبِينٍ﴾

« شۈبهىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلىدا (نازىل بولدى).①»

﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى عَلَّمَهُ شَدِيدُ الْقُوَى ذُو مِرَّةٍ فَاسْتَوَى وَهُوَ بِالْأُفُقِ الْأَعْلَى ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّى فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى فَأَوْحَى إِلَى عَبْدِهِ مَا أَوْحَى﴾

«پەيغەمبەر ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى. ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. الله بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيي قىلدى.②»

﴿ إِنَّهُ لَقَوْلُ رَسُولٍ كَرِيمٍ ذِي قُوَّةٍ عِنْدَ ذِي الْعَرْشِ مَكِينٍ مُطَاعٍ ثَمَّ أَمِينٍ وَمَا صَاحِبُكُمْ بِمَجْنُونٍ وَلَقَدْ رَآهُ بِالْأُفُقِ الْمُبِينِ﴾

«قۇرئان ھەقىقەتەن (اللەنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر. سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى

① سۈرە شۇئەرا: 192 ـ 195 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نەجم: 3 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) مەجنۇن ئەمەستۇر. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى.[1]»

**3 ـ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى اللەغا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە، اللەنىڭ دەرگاھىدا مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش:** بۇ بولسا توغرا توغرا رەۋىشتە مەغپىرەت تەلەپ قىلىش بولۇپ، پەرىشتىلەر مۇئمىن ئۈچۈنلا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، اللەنىڭ ئىزنى بېرىشى بىلەن بولىدۇ.

﴿الَّذِينَ يَحْمِلُونَ الْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ ، رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدتَّهُم وَمَن صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ، وَقِهِمُ السَّيِّئَاتِ وَمَن تَقِ السَّيِّئَاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾

«ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدۇ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) "پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان

---

[1] سۈرە تەكۋىر: 18 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر.»[①]

4 ـ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرسى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنى ساقلاش: ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار:

﴿إِذْ يَتَلَقَّى الْمُتَلَقِّيَانِ عَنِ الْيَمِينِ وَعَنِ الشِّمَالِ قَعِيدٌ ، مَا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾

«ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ[②]»

﴿وَإِنَّ عَلَيْكُمْ لَحَافِظِينَ ، كِرَامًا كَاتِبِينَ ، يَعْلَمُونَ مَا تَفْعَلُونَ﴾

«ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (اللەنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.[③]»

تۇنجى ئىنساندىن باشلاپ قىيامەت كۈنىگىچە بولغان زېمىن يۈزىدىكى ھەر بىر ئىنسانغا ئىككى پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنىدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرى ئوڭ تەرەپتە تۇرۇپ ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى خاتىرلەيدۇ، يەنە بىرى سول تەرەپتە تۇرۇپ ئىنساننىڭ يامان ئەمەللىرىنى خاتىرلەيدۇ.

---

① سۈرە غافىر: 6 ـ 9 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە قاف: 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە ئىنفىتار: 10 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

بۇ ياخشىلىقلار ۋە يامانلىقلار ئىنسان تىرىلىدىغان كۈن يېتىپ كەلگۈچە پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىدۇ. ئىنساندىن قىيامەت كۈنى خۇجايىنىنىڭ (اللەنىڭ) ئالدىدا خاتىرلەنگەن خاتىرە بويىچە ھېساپ ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى مۇئمىن بولسا الله خالىسا، يامان ئەمەللىرى سەۋەبىدىن جازالايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشى كاپىر بولسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختا مەڭگۈ قىلىشتۇر.

**5 ـ پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى الله بەلگىلىگەن ئەجەل توشقان چاغدا جاننى ئېلىش:**

﴿قُلْ يَتَوَفَّاكُم مَّلَكُ الْمَوْتِ الَّذِي وُكِّلَ بِكُمْ ثُمَّ إِلَى رَبِّكُمْ تُرْجَعُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، ”سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.“①»

﴿مَا كَانَ لِنَفْسٍ أَنْ تَمُوتَ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ كِتَاباً مُؤَجَّلاً﴾

«ھېچ كىشى اللەنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن②»

﴿ وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ حَفَظَةً حَتَّى إِذَا جَاءَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ تَوَفَّتْهُ رُسُلُنَا وَهُمْ لا يُفَرِّطُونَ﴾

. ﴿

«الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان ـ ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (اللەنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ.③»

---

① سۈرە سەجدە: 11 ـ ئايەت.

② سۈرە ئال ئىمران: 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە ئەنئام: 61 ـ ئايەت.

**6 ـ پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى اللەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى قېتىم سۇر چېلىش:**

بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا ئاسمان ـ زېمىندىكى اللە خالىغان كىشىدىن باشقا بارلىق جانلىقلار بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا ئۇلار ئارىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىلىشى ئۈچۈن ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ.

﴿ وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاء اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ ، وَأَشْرَقَتِ الْأَرْضُ بِنُورِ رَبِّهَا وَوُضِعَ الْكِتَابُ وَجِيءَ بِالنَّبِيِّينَ وَالشُّهَدَاء وَقُضِيَ بَيْنَهُم بِالْحَقِّ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ، وَوُفِّيَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ وَهُوَ أَعْلَمُ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾

«سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى اللە خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ. مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە ـ ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ[1]».

﴿وَتَرَى الْمَلَائِكَةَ حَافِّينَ مِنْ حَوْلِ الْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَقُضِيَ بَيْنَهُم بِالْحَقِّ وَقِيلَ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدى ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ چۆرىسىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ (مۆئمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ)، "جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى

---

① سۈرە زۇمەر: 68 ـ 70 ـ ئايەتلەر.

اللەغا خاستۇر! “ دېيىلىدۇ.①»

**7 ـ پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارقىلىق نىجاتلىق تاپقان مۇئمىنلەرنى جەننەتتە كۈتىۋېلىش، كاپىرلارنى دوزاختا ئازاپلاش:** مۇئمىنلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە كاپىرلارنى ئازاپلاشنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرا! الله بەندىلىرىگە ئەلچىلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ھەق بىلەن ياراتقانلىقىنى ۋە بۇ ھەقنىڭ تەقەززاسى بولسا دۇنيا ھاياتى ئاخىرقى نىشان بولۇپ قالماسلىق كېرەكلىكىنى خەۋەر قىلدى. چۈنكى، دۇنيادا ياخشىلىقلارغا ۋە يامانلىقلارغا جازا ـ مۇكاپات ئەمەللەشمەيدۇ. جازا ـ مۇكاپاتنىڭ ئەمەللىشىشى ئاخىرەت كۈنىدە تىرىلگەن چاغدا تاماملىنىدۇ. ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى ۋە يامان ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دوزاخقا كىرىشى بىلەن ھەق ئەمەللىشىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ مۇئمىنلەرنى كۈتىۋېلىش ۋە كاپىرلارنى ئازاپلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدۇر.

﴿جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالمَلاَئِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ ، سَلاَمٌ عَلَيْكُم بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ﴾

«ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) ”سەۋرىنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!“ دەيدۇ.②»

① سۈرە زۇمەر: 75 ـ ئايەت.
② سۈرە رەئد: 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿ وَسِيقَ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ إِلَى الْجَنَّةِ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا وَفُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَامٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَادْخُلُوهَا خَالِدِينَ﴾

«پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان هالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، هالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: "سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناهلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار" دەيدۇ.①»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللهنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.②»

﴿وَقَالَ الَّذِينَ فِي النَّارِ لِخَزَنَةِ جَهَنَّمَ ادْعُوا رَبَّكُمْ يُخَفِّفْ عَنَّا يَوْمًا مِّنَ الْعَذَابِ ، قَالُوا أَوَلَمْ تَكُ تَأْتِيكُمْ رُسُلُكُم بِالْبَيِّنَاتِ قَالُوا بَلَى قَالُوا فَادْعُوا وَمَا دُعَاء الْكَافِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَالٍ﴾

«دوزاختىكىلەر دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: "سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسە ئىكەن" دەيدۇ. ئۇلار (يەنى دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر): "پەيغەمبەرلىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟" دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كۇففارلار): "ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى" دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): "سىلەر دۇئا قىلىڭلار، (لېكىن) كاپىرلارنىڭ

① سۈرە زۇمەر: 73 ـ ئايەت.
② سۈرە تەھرىم: 6 ـ ئايەت.

دۇئاسى پايدىسىزدۇر" دەيدۇ.[1]»

﴿إِنَّ الْمُجْرِمِينَ فِي عَذَابِ جَهَنَّمَ خَالِدُونَ ، لَا يُفَتَّرُ عَنْهُمْ وَهُمْ فِيهِ مُبْلِسُونَ ، وَمَا ظَلَمْنَاهُمْ وَلَكِن كَانُوا هُمُ الظَّالِمِينَ ، وَنَادَوْا يَا مَالِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبُّكَ قَالَ إِنَّكُم مَّاكِثُونَ ، لَقَدْ جِئْنَاكُم بِالْحَقِّ وَلَكِنَّ أَكْثَرَكُمْ لِلْحَقِّ كَارِهُونَ﴾

‹گۇناھكارلار (يەنى كۇففارلار) ھەقىقەتەن دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار دوزاختا (ھەر قانداق ياخشىلىقتىن) ئۈمىدسىزلەردۇر. ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە): "ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن" دەپ توۋلايدۇ. مالىك: "سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر" دەيدۇ. بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن) نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن) نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر.[2]»

**8 ـ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرسى الله ئۇلارنى بۇيرۇيدىغان، لېكىن، قۇرئاندا تەپسىلى بايان قىلىنماستىن تىلغا ئېلىنغان باشقا ئىشلارنى قىلىش. الله مۇنداق دەيدۇ:**

﴿ وَالصَّافَّاتِ صَفًّا ، فَالزَّاجِرَاتِ زَجْرًا ، فَالتَّالِيَاتِ ذِكْرًا﴾

«سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان، دۈشمەنلەرگە قارشى ئات سېلىپ تۇرغان، (اللهدىن مەدەت تىلەپ) اللهنىڭ كالامىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان (غازات قىلغۇچى) قوشۇن بىلەن قەسەمكى[3].»

﴿وَالذَّارِيَاتِ ذَرْوًا ، فَالْحَامِلَاتِ وِقْرًا ، فَالْجَارِيَاتِ يُسْرًا ، فَالْمُقَسِّمَاتِ أَمْرًا﴾

«(تۇپراقنى) سورىغۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى، (يامغۇرلارنىڭ)

---

[1] سۈرە غافىر: 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە زۇخرۇف: 74 ـ 78 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە ساففات: 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن قەسەمكى، (سۇ ئۈستىدە) يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن قەسەمكى، ئىشنى (يەنى بەندىلەر ئارىسىدا رىزىقلارنى، يۇرتلار ئارىسىدا يامغۇرلارنى) تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى[1].»

﴿ وَالْمُرْسَلَاتِ عُرْفًا فَالْعَاصِفَاتِ عَصْفًا، وَالنَّاشِرَاتِ نَشْرًا فَالْفَارِقَاتِ فَرْقًا فَالْمُلْقِيَاتِ ذِكْرًا عُذْرًا أَوْ نُذْرًا﴾

«ئارقىمۇ ـ ئارقا چىقىدىغان (لەرزان) شامالار بىلەن قەسەمكى، قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى، (بۇلۇتلارنى اللە خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالار بىلەن قەسەمكى، (ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ) ئارىسىنى ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى.[2]»

﴿ وَالنَّازِعَاتِ غَرْقًا وَالنَّاشِطَاتِ نَشْطًا وَالسَّابِحَاتِ سَبْحًا فَالسَّابِقَاتِ سَبْقًا فَالْمُدَبِّرَاتِ أَمْرًا﴾

«(كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (اللەنىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە) ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (اللەنىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى.[3]»

**پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئىنسان ھاياتىغا بولغان تەسىرى:**

---

[1] سۈرە زارىيات: 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇرسەلات: 1 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە نازىئات: 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىز ئىلگىرى پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى بەزى تەسىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق ۋە تۆۋەندىكى ئىشلارنى بايان قىلدۇق:

1 ـ پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ــ ئىنسان قەلبىگە ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق ۋە تۆت قاناتلىق پەرىشتىلەرنى نۇردىن ياراتقان مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىلاھى قۇدرەتنىڭ كاتتىلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇرىدۇ.

2 ـ ۋەھيىنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرگە پەرىشتىلەر ئېلىپ چۈشىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىگە بولغان ئىماننى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

3 ـ كىشىلەرنىڭ اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن چارچاپ قالمايدىغان پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بولۇشى ئۈچۈن، ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق اللەغا يېقىن بولۇش قىزغىنلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

4 ـ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئەتراپىدىكى كەڭرى كائىناتقا بولغان سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتكە تولدۇرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان بۇ كائىنات ئاشۇ نۇردىن يارىتىلغان روھلار بىلەن ئاۋاتلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئاشۇ نۇردىن يارىتىلغان روھلار مۆئمىنگە ئارامچىلىق ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

5 ـ ئىنساننىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى خاتىرلەيدىغان پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلگەن چاغدا ياخشىلىققا يۈزلىنىدۇ ۋە يامان ئەمەللەردىن يىراقلىشىدۇ.

6 ـ اللە روھلارنى قەبزى قىلىدىغان ۋاقىتتا جانلارنى ئېلىشقا بۇيرۇلغان ئۆلۈم پەرىشتىلىرىنى ئىسىگە ئالغاندا ھاياتى دۇنيانىڭ داۋاملاشمايدىغانلىقى ۋە ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ-دە، دۇنيا ھاياتىنى دەپ ئاخىرەت ھاياتىدىن غەپلەتتە

قالمايدۇ ۋە دۇنيا ھاياتىدا الله يولغا قويۇپ بەرگەن ھالال ھەم پاكىز نەرسىلەر بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ.

7 ـ ئىنسان پەرىشتىلەرنىڭ مۇئمىنلەرنى جەننەتتە كۈتىۋالىدىغانلىقىنى ۋە كاپىرلارنى دوزاختا ئازاپلايدىغانلىقىنى ئەسلىسە ۋە ئۆزى الله ئۇلارغا ئۆز جەننىتىنى ۋە رازىلىقىنى ئىنئام قىلغان، ئۇلارنى دەرتلىك ئازاپتىن ساقلاپ قالغان كىشىلەردىن بولۇشنى ئويلىسا، ئاخىرەتتىكى ھېساپ ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ.

@ @ @ @ @

# ئۈچىنچى باب

## كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش

قۇرئاندا تارىخى رەت تەرتىپ بويىچە سۆزلەنگەن ساماۋى كىتابلار: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن سەھىپىلەر، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە قۇرئاندىن ئىبارەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ بايانىدا مۇنۇ ئايەتلەر كەلدى:

﴿ قَدْ أَفْلَحَ مَن تَزَكَّى ، وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّى ، بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا ، وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَى ، إِنَّ هَذَا لَفِي الصُّحُفِ الْأُولَى ، صُحُفِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى﴾

«(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى. سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر. بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك ـ شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا ـ ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ كىتابلىرىدا باردۇر.[①]»

﴿أَمْ لَمْ يُنَبَّأْ بِمَا فِي صُحُفِ مُوسَى ، وَإِبْرَاهِيمَ الَّذِي وَفَّى ، أَلَّا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى ، وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا

① سۈرە ئەئلا: 14 ـ 19 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

سَعَى ، وَأَنَّ سَعْيَهُ سَوْفَ يُرَى ، ثُمَّ يُجْزَاهُ الْجَزَاءَ الْأَوْفَى ، وَأَنَّ إِلَى رَبِّكَ الْمُنتَهَى﴾

«ئۇ مۇسانىڭ ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى سۆزدىن خەۋەردار بولمىدىمۇ؟ ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى، بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ). ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ). ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ. ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.①»

قۇرئاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تەۋرات تىلغا ئېلىنىدى. اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشاش:

﴿ إِنَّا أَنْزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدىً وَنُورٌ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ أَسْلَمُوا لِلَّذِينَ هَادُوا وَالرَّبَّانِيُّونَ وَالْأَحْبَارُ بِمَا اسْتُحْفِظُوا مِنْ كِتَابِ اللَّهِ وَكَانُوا عَلَيْهِ شُهَدَاءَ فَلا تَخْشَوُا النَّاسَ وَاخْشَوْنِ وَلا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَناً قَلِيلاً وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللەنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل ـ مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)،

---

① سۈرە نەجم: 36 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كىملەركى اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.[①]»

بەزى جايلاردا تەۋرات فۇرقان نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان:

﴿إِذْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَالْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق.[②]»

زەبۇرنىڭ باياندا مۇنداق كەلدى:

﴿إِنَّا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ كَمَا أَوْحَيْنَا إِلَى نُوحٍ وَالنَّبِيِّينَ مِنْ بَعْدِهِ وَأَوْحَيْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطِ وَعِيسَى وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَارُونَ وَسُلَيْمَانَ وَآتَيْنَا دَاوُدَ زَبُوراً ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.[③]»

﴿وَرَبُّكَ أَعْلَمُ بِمَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَقَدْ فَضَّلْنَا بَعْضَ النَّبِيِّينَ عَلَى بَعْضٍ وَآتَيْنَا دَاوُدَ زَبُوراً﴾

« پەرۋەردىگارىڭ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.[④]»

ئىنجىل قۇرئاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تىلغا ئېلىندى:

---

① سۈرە مائىدە: 44 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 53 ـ ئايەت.
③ سۈرە نىسا: 163 ـ ئايەت.
④ سۈرە ئىسرا: 55 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿وَقَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِمْ بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَآتَيْنَاهُ الْأِنْجِيلَ فِيهِ هُدىً وَنُورٌ وَمُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَهُدىً وَمَوْعِظَةً لِلْمُتَّقِينَ﴾

«ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبن مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند ـ نەسىھەتتۇر.[1]»

﴿ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِمْ بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَآتَيْنَاهُ الْأِنْجِيلَ وَجَعَلْنَا فِي قُلُوبِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ابْتِغَاءَ رِضْوَانِ اللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا فَآتَيْنَا الَّذِينَ آمَنُوا مِنْهُمْ أَجْرَهُمْ وَكَثِيرٌ مِنْهُمْ فَاسِقُونَ﴾

«ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.[2]»

شۇنداقلا، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئال ئىمران سۈرىسىدە بىللە تىلغا ئېلىندى.

---

[1] سۈرە مائىدە: 46ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەدىد: 27ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿الم ، اللهُ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ ، نَزَّلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَنزَلَ التَّوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ ، مِنْ قَبْلُ هُدىً لِلنَّاسِ﴾

«ئەلىف، لام، مىم. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (الله) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى، كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى.①»

قۇرئان كەرىمگە كەلسەك، ئۇنىڭ بايانى قۇرئان نامى بىلەن، ياكى فۇرقان نامى بىلەن، ياكى كىتاب نامى بىلەن، ياكى زىكرى نامى بىلەن نۇرغۇن ئايەتتە كەلدى.

﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ﴾

«قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن.②»

﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ قُرْآناً عَرَبِيّاً لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.③»

﴿تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرا﴾

«پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللەنىڭ بەرىكىتى

①سۈرە ئال ئىمران: 1ـ4ـ ئايەتلەر.
② سۈرە قاف: 1ـ ئايەت.
③ سۈرە يۈسۈف: 2ـ ئايەت.

بۇيۇكتۇر.[1]»

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَى عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَلْ لَهُ عِوَجًا﴾

«جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇركى، (اللە ئىنسانلارنى) ئۆز تەربىيەدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە ئوبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد)گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى.[2]»

﴿وَإِنْ يَكَادُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَارِهِمْ لَمَّا سَمِعُوا الذِّكْرَ وَيَقُولُونَ إِنَّهُ لَمَجْنُونٌ ، وَمَا هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ﴾

«كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ. سېنى: «شۈبھىسىز بىر مەجنۇن» دېيىشىدۇ. قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر.[3]»

ئىلگىرى، پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇق كەلگەندەك، اللە تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن بارلىق كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. شۇنداقلا، بۇ كىتابلارغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئىماننىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئەگەر ئىنسان بۇ كىتابلارغا ئىمان ئېيتمىسا ، ئۇنداقتا، بۇ خىل ئىماننىڭ اللە تەرەپتىن مەقبۇل بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئوپئوچۇق يوليۇرۇقلا كەلدى.

---

[1] سۈرە فۇرقان: 1ـ ئايەت.
[2] سۈرە كەھف: 1 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەلەم: 51ـ52ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

شۇنداقلا، ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ كىتاب چۈشۈرۈلگەنلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەسلى ھالىتىنىڭ ئاللىقاچان يوقالغانلىقى، شۇنىڭدەك، قۇرئان ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقى، ئاللاھ قۇرئاننى ھەر قانداق بۇرمىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلاشقا كېپىل بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بايانلار كەلدى.

## ساماۋى كىتابلارغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ۋاجىپلىقى:

ساماۋى كىتابلارغا ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى قۇرئاندا بەزىدە بۇيرۇق شەكلىدە، يەنە بەزىدە مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى شەكلىدە كەلدى. شۇنداقلا يەنە، بەزىدە ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىشەنمەسلىك ياكى بەزىسىگە ئىشىنىپ، يەنە بەزىسىگە ئىشەنمەسلىك كۇپرلىقنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلدى.

بۇيرۇقنىڭ مىساللىرىدىن بىرى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر:

﴿ قُولُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَمَا أُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

«ئېيتىڭلاركى، ”ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا

بويسۇنغۇچىلارمىز[①]"»

شۇنداقلا، سۈرە ئال ئىمراندىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە كەلدى:

﴿قُلْ آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنْزِلَ عَلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَالنَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "بىز اللهغا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا (يەنى قۇرئانغا)، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەنگە (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە (يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز اللهغا بويسۇنغۇچىلارمىز."[②]»

سۈرە نىسادا ئومۇمى بۇيرۇق شەكلىدە كېلىدۇ. الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشاش:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ﴾.

«ئى مۇئمىنلەر! اللهغا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار.[③]»

ئەمما، مۇئمىنلەرنىڭ اللهتالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۈپىتىمۇ مۇشۇ خىل شەكىلدە كېلىدۇ:

---

① سۈرە بەقەرە: 136 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 84 ـ ئايەت.
③ سۈرە نىسا: 136 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿ الم ، ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ ، الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ ، والَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ﴾

«ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ[1]».

ياكى اللەنىڭ مۇنۇ سۆزىدىكىدەك شەكىلدە كېلىدۇ:

﴿ آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ﴾

«پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەغا ۋە اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى.[2]»

كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتمايدىغان ياكى بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمايدىغان كىشىلەرنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى اللەنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

﴿ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالا بَعِيداً﴾

«كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.[3]»

---

① سۈرە بەقەرە: 1ـ4ـ ئايەتلەر.
② سۈرە بەقەرە: 285ـ ئايەت.
③ سۈرە نىسا: 136ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿بِئْسَمَا اشْتَرَوْاْ بِهِ أَنفُسَهُمْ أَن يَكْفُرُواْ بِمَا أنَزَلَ اللّهُ بَغْياً أَن يُنَزِّلُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ فَبَآؤُواْ بِغَضَبٍ عَلَى غَضَبٍ وَلِلْكَافِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ ، وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُواْ بِمَا أَنزَلَ اللّهُ قَالُواْ نُؤْمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَيَكْفُرونَ بِمَا وَرَاءهُ وَهُوَ الْحَقُّ مُصَدِّقاً لِّمَا مَعَهُمْ قُلْ فَلِمَ تَقْتُلُونَ أَنبِيَاء اللّهِ مِن قَبْلُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾

«يەھۇدىيلارنىڭ اللە نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى اللەنىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى (يەنى ئىمانىنى) كۇفرىغا سېتىشى ئەجەب يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى ـ ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا: ”اللە نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار“ دېيىلسە، ئۇلار: ”ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) ئىمان كەلتۈرىمىز“ دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇ (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارغا) ”سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟“ دېگىن.[①] »

بۇ ئايەتلەر ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ــ مەيلى بىۋاستە بۇيرۇق بولسۇن، ياكى مۇئمىنلەرنىڭ ياكى كاپىرلارنىڭ سۈپىتى بولسۇن ـ ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىش ئىنساننىڭ ئىمانى ئۇنىڭسىز مۇكەممەل بولمايدىغان زۆرۈر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇ ئىشلار مۇئمىنلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېنىق. مۇئمىن اللەغا ۋە اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشكەن ۋەھىينىڭ راستلىقىغا ئىمان ئېيتقان، اللەنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرگە كىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى

---

① سۈرە بەقەرە: 90 ـ 91 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

سۆزلىرىگە (ئايەتلىرىگە) ئىمان ئېيتقان ئىكەن، ئۇنداقتا، اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇ كىتابلارغا شەكسىز ئىمان ئېيتىدۇ ۋە ئۇ كىتابلارنىڭ اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ.

ئەگەر ئىنسان بۇ ھەقىقەتكە شەك قىلسا ياكى ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئۇ مۇئمىن بولالامدۇ؟

ئۇ اللە تەرىپىدىن ئۆزىگە كەلگەن خەۋەرنى يالغانغا چىقارسا ئۇ ئىنسان قانداقسىگە اللەغا ھەقىقى ئىمان ئېيتقان بولىدۇ؟! شۇنىڭدەك، ئۇ مەن بەزى كىتابلارنىڭ اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلارنىڭ اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىمەن ياكى گۇمانلىنىمەن دېسە، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى مەن مۇئمىن دەۋالسا، ئۇ اللەغا ھەقىقى ئىمان ئېيتقان بولامدۇ؟

### ساماۋى كىتابلارغا ئىشىنىش بولسا ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى:

ئىنسان اللە خەۋەر بەرگەن بىرەر ھەرپىنى يالغانغا چىقارسا ياكى اللە چۈشۈرگەن كىتابلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ باشقىلىرىغا ئىمان ئېيتمىسا، ئۇنىڭدا قانداقمۇ ئىمان تېپىلىدۇ؟ ئۇنىڭ مەن اللەغا ئىمان ئېيتتىم، دېگەن دەۋاسىنىڭ قىممىتى نېمە؟ بەلكى ئۇ يالغان دەۋادۇر. چۈنكى، ئەمەلى دەلىل ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ھەقىقەت بولسا يەككە ـ يىگانە بىر اللەغىلا ئىبادەت قىلىش.

ساماۋى كىتابلار ئوخشاش بولمىغان تىللاردا نازىل قىلىنغان. اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (اللەنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق.①»

بۇ كىتابلار ئوخشاش بولمىغان خەلقلەرگە نازىل قىلىنغان. شۇ سەۋەپتىن كىتابلارنىڭ تىلىمۇ ئوخشىمايدۇ.

شۇنىڭدەك، بۇ كىتابلار ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەرىئەتمۇ ئوخشاش بولمىغان. اللە بىزگە ئوخشاش بولمىغان شەرىئەتلەرنى چۈشۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنْكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجاً وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِنْ لِيَبْلُوَكُمْ فِي مَا آتَاكُمْ﴾

«(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر اللە خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن، اللە سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر ئارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى).②»

بىراق، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىدىكى ئاساسلىق مەسىلە ئەقىدە مەسىلىسى.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾

‹(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق.③»

---

① سۈرە ئىبراھىم: 4ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 48 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنبىيا: 25ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿ وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولاً أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: ”اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار“ دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.[1]»

﴿شَرَعَ لَكُمْ مِنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحاً وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ﴾

‹اللە سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار.[2]»

شۇنىڭدەك، بارلىق كىتابلار ئىنسانلارنى قىيامەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىندى.

﴿رَفِيعُ الدَّرَجَاتِ ذُو الْعَرْشِ يُلْقِي الرُّوحَ مِنْ أَمْرِهِ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ لِيُنذِرَ يَوْمَ التَّلَاقِ ، يَوْمَ هُم بَارِزُونَ لَا يَخْفَى عَلَى اللَّهِ مِنْهُمْ شَيْءٌ لِّمَنِ الْمُلْكُ الْيَوْمَ لِلَّهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ ، الْيَوْمَ تُجْزَى كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ لَا ظُلْمَ الْيَوْمَ إِنَّ اللَّهَ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾

«اللەنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، (اللە) ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، (خالايىق) مۇلاقات بولۇشىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، اللە ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيى چۈشۈرىدۇ. ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە اللەغا ئۇلاردىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن، ئەمەللىرىدىن، سىرلىرىدىن) ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب

---

① سۈرە نەھل: 36ـ ئايەت.

② سۈرە شۇرا: 13ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىر اللهغا خاستۇر. بۇگۈن ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ، بۇگۈن زۇلۇم يوقتۇر، الله ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.[1]»

ئىش شۇنداق بولغانىكەن، بارلىق كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش بىلەن بىر كىتابقا ئىمان ئېيتىش ئوپئوخشاشتۇر (يەنى ھەممە كىتابلارغا ئىمان ئېيتمىسا، كىتابلارغا ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ).

بۇ مەسىلە مۆئمىننىڭ نەزىرىدە ناھايىتى رۇشەن بولۇپ، مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلىيەتتە جېدەل ـ ماجرا ئەھلى كىتابلار (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار) تەرىپىدىن سادىر بولىدى. چۈنكى، ئۇلار قۇرئاننىڭ اللهنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشنى رەت قىلدى. بۇلاردىن ھېساپ ئېلىشقا الله ئىگە.

**ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ بۇرمىلانغانلىقى:**

الله بىزگە ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرگەن كىتابىدا ئەھلى كىتابنىڭ ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان كىتابلارنى بۇرمىلىغانلىقى، ئۇ كىتابلارنىڭ الله چۈشۈرگەن شەكلىدە بولماي قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

يەھۇدىيلار توغۇرلۇق مۇنداق كەلدى:

﴿مِنَ الَّذِينَ هَادُوا يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَنْ مَوَاضِعِهِ﴾

«يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار.[2]»

﴿فَبِمَا نَقْضِهِمْ مِيثَاقَهُمْ لَعَنَّاهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَاسِيَةً يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَنْ مَوَاضِعِهِ﴾

[1] سۈرە غافىر: 15 ـ 17 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە نىسا: 46 ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«ئەھـدىنى بۇزغـانلىقلىرى ئۈچـۈن ئـۇلارنى رەھمىتىمىـزدىن يىـراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىمـاننى قوبـۇل قىلىشقا يۇمشـمايدىغان دەرىجىـــدە) قـــاتتىق قىلـــدۇق، ئـــۇلار (تەۋراتنىـــڭ) ســـۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.①»

﴿يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ لا يَحْزُنْكَ الَّذِينَ يُسَارِعُونَ فِي الْكُفْرِ مِنَ الَّذِينَ قَالُوا آمَنَّا بِأَفْوَاهِهِمْ وَلَمْ تُؤْمِنْ قُلُوبُهُمْ وَمِنَ الَّذِينَ هَادُوا سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ سَمَّاعُونَ لِقَوْمٍ آخَرِينَ لَمْ يَأْتُوكَ يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ مِنْ بَعْدِ مَوَاضِعِهِ﴾

«ئـى پەيغەمـبەر! دىللىرىـدا ئىشـەنمەي، ئېغىزلىرىـدا: "ئىمـان ئېيتتۇق" دەپ قويىدىغانلار (يەنـى مۇنـاپىقلار) دىـن ۋە يەھـۇدىيلاردىن كۇفرىغـا (يۈرسـەت تاپسـىلا كـۇفرىنى ئىزهـار قىلىشقا) ئالدىرايـدىغان كىشىلەر سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار (ئەھبارلىرى ئوقۇغان) يالغانغا قـۇلاق سـالىدۇ، سـاڭا كەلمىـگەن (يەنـى ئۆچلـۈك قىلىـپ سـېنىڭ سـۆھبىتىڭگە هـازىر بولمىغـان) باشـقا بىـر قەۋمـگە (يەنـى خەيـبەر يەهۇدىيلىرىنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار (تەۋراتنىـڭ) سـۆزلىرىنى جايلىرىـدىن ئۆزگەرتىۋېتىـدۇ (يەنـى اللهنـىڭ ئەهكاملىرىنى باشـقىلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ.②».

خرىستىئانلار ھەققىدە مۇنداق كەلدى:

﴿ وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيقاً يَلْوُونَ أَلْسِنَتَهُمْ بِالْكِتَابِ لِتَحْسَبُوهُ مِنَ الْكِتَابِ وَمَا هُوَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

« ئۇلاردىن (يەنى خرىستىئانلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بـار ئـىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچـۈن، تىللىرىنى ئەگـرى ـ بـۈگرى قىلىـپ ئوقۇيـدۇ ۋە ئـۇنى اللـه تەرىپىـدىن نازىل بولغـان دەيـدۇ. هـالبۇكى، ئـۇ اللـه تەرىپىـدىن نازىـل بولغـان

① سۈرە مائىدە: 13ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 41ـ ئايەت.

ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ الله نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.[①]»

بىز بۇ ئىشنى ئويلانساق، بۇ يەردە ئەھلى كىتابنىڭ كىتابلىرىدا يۈز بەرگەن بۇرمىلىنىشنىڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قۇرئاندا بۇ ئۈچ تۈرنىڭ ھەر بىرسى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

**1 ـ تېكىستنى ئۆز پېتى قالدۇرۇپ مەنىسىنى بۇرمىلاش.**

**2 ـ ئۆزگەرتىش ۋە قوشۇش ئارقىلىق بۇرمىلاش.**

**3 ـ يوشۇرۇش ئارقىلىق بۇرمىلاش.**

*بىرىنچى خىلدىكى بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىشنىڭ مىسالى تۆۋەندىكىچە:*

الله ئۆز دەرگاھىدىن چۈشۈرگەن تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندىن ئىبارەت بارلىق كىتابتا بىردەك جازانىنى ھارام قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندىكى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتتا ـ گەرچە تەۋرات ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ـ ئۇنىڭدا ھازىرمۇ جازانىنىڭ ھاراملىقى ۋە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بار.

ھەممىگە مەلۇمكى، تەۋراتتا مۇشۇ خىل ھۆكۈملەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەھۇدىيلار خەلقئارادا جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇ ۋە جازانە يولى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ.

شۇ ئىش توغرىسىدا الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَبِظُلْمٍ مِنَ الَّذِينَ هَادُوا حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ طَيِّبَاتٍ أُحِلَّتْ لَهُمْ وَبِصَدِّهِمْ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ كَثِيراً ، وَأَخْذِهِمُ الرِّبَا وَقَدْ

---

① سۈرە ئال ئىمران: 78 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

نُهُوا عَنْهُ وَأَكْلِهِمْ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ مِنْهُمْ عَذَاباً أَلِيماً﴾

«يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى (يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى)، نۇرغۇن كىشىلەرنى اللەنىڭ يولىدىن (يەنى اللەنىڭ دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق.①»

ئۇلار ئۆز كىتابىدا بار تېكىستكە قانداق ھىيلە ئىشلەتتى؟

ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار كىشىلەر بىلەن جازانە ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى تارتىۋېلىشنى ئۆزلىرىگە ھالال قىلىش ئۈچۈن ئۇ تېكىستنى قانداق بۇرمىلىدى؟

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى مۇئامىلىدە جازانە ھارام. شۇنىڭدەك، يەھۇدىيلار ئۆز ـ ئارا مۇئامىلىدە ئىشەنچىلىك بولۇش زۆرۈر. ئەمما، سەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان كىشى يەھۇدىي بولماي، باشقا ئادەم بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆسۈم ئارقىلىق مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋالساڭ ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشىنى سۈرە ئال ئىمراننىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى مۇنداق بايان قىلدى:

﴿وَمِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ إِنْ تَأْمَنْهُ بِقِنْطَارٍ يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَنْ إِنْ تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لا يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ إِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَائِماً ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الْأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

«ئەھلى كىتابتىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ

① سۈرە نىسا: 160 ـ 161 ـ ئايەتلەر.

باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە (يەنى قايتا ـ قايتا سۈيلىمىگىچە) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: "ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس) " دېدى، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ اللە نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.[①]»

يەنى ئۇلار: «يەھۇدىيلاردىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئۆسۈم ئارقىلىق ئېلىۋالساق بىزگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ» دېدى.

ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشنىڭ اللەغا يالغاننى چاپلىغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، اللە بىزگە جازانە قىلىشنى رۇخسەت قىلدى دەيدۇ. ھەقىقەتەن، اللە ئۇلارغا جازانىنى شەرتسىز ھارام قىلدى. شۇنداقلا، بارلىق كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنىمۇ ھارام قىلدى.

*ئەمما، ئۆزگەرتىش ۋە قوشۇش ئارقىلىق بۇرمىلاشقا كەلسەك، ئۇنىڭ كۆپلىگەن مىساللىرى بار:*

يەھۇدىيلار تەۋراتقا بىر مۇنچە ئاساسسىز قىسسە ۋە سەپسەتىلەرنى قوشتى. ئۇ سەپسەتىلەرنىڭ بەزىسى پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە يامان سۆز ـ چۆچەك تارقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە گۇناھتىن پاك پەيغەمبەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاددى شەخسلەرگىمۇ لايىق كەلمەيدىغان بوھتانلارنى چاپلىدى. بەلكى، ئۇلار ئۇلۇھىيەت ماقامىغا تىل تەگكۈزۈشكىمۇ جۈرئەت قىلدى. ئۇلار اللە تەئەلا ھەققىدە مۇئمىننىڭ ئېغىزىدىن قەتئىي چىقمايدىغان ۋە

① سۈرە ئال ئىمران: 75 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مۇئمىنىنىڭ خىيالىغىمۇ كەچمەيدىغان سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرنى تاكى رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىغىچە تەكرارلاۋەردى. قۇرئانى كەرىم ئاز دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئىككى خاتالىقىنى بايان قىلدى:

﴿لَقَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ فَقِيرٌ وَنَحْنُ أَغْنِيَاءُ سَنَكْتُبُ مَا قَالُوا وَقَتْلَهُمُ الْأَنْبِيَاءَ بِغَيْرِ حَقٍّ وَنَقُولُ ذُوقُوا عَذَابَ الْحَرِيقِ ، ذَلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيدِ﴾

«اللە بولسا پېقىر، بىز بولساق باي دېگەن كىشىلەر، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ سۆزىنى اللە ھەقىقەتەن ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى خاتىرلەپ قويىمىز، يەنى نامە ـ ئەمالىغا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە بۇنى ئۇلارنىڭ نامە ئەمالىغا يېزىشنى بۇيرىيمىز ھەمدە ئاخىرەتتە پەرىشتىلەر تىلى ئارقىلىق كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار، دەيمىز. بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، اللە بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.[①]»

﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ يَدُ اللَّهِ مَغْلُولَةٌ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُوا بِمَا قَالُوا بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنْفِقُ كَيْفَ يَشَاءُ﴾

«يەھۇدىيلار: "اللەنىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (يەنى اللە بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر) " دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك اللەنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە اللەنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ.[②]».

تەۋراتتا اللە ھەققىدە، ئۇلارنى اللەغا نىسبەت بېرىشتىن مۇئمىنىنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتكۈدەك قەبىھ سۆزلەر بار.

ئەمما ئىنجىل پەسكەشلىك ۋە قەبىھلىكتە تەۋراتتىن كەم بولمىغان

---

① سۈرە ئال ئىمران: 181 ـ 182 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە مائىدە: 64 ـ ئايەت.

ئۆزگەرتىشلەرنى ۋە قوشۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزگەرتىشلەر باشقا بىر شەكىلدە بولۇپ، بۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ ۋە اللەنىڭ ئوغلى دېيىشتۇر.

﴿وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيقاً يَلْوُونَ أَلْسِنَتَهُمْ بِالْكِتَابِ لِتَحْسَبُوهُ مِنَ الْكِتَابِ وَمَا هُوَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ، مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَنْ يُؤْتِيَهُ اللَّهُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُوا عِبَاداً لِي مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلَكِنْ كُونُوا رَبَّانِيِّينَ بِمَا كُنْتُمْ تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ وَبِمَا كُنْتُمْ تَدْرُسُونَ ، وَلا يَأْمُرَكُمْ أَنْ تَتَّخِذُوا الْمَلائِكَةَ وَالنَّبِيِّينَ أَرْبَاباً أَيَأْمُرُكُمْ بِالْكُفْرِ بَعْدَ إِذْ أَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾

«ئۇلاردىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ اللە نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ. اللە بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: ”اللە نى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار“ دېيىشى لايىق بولمايدۇ (يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ) ۋە لېكىن (ئۇ): ”كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار“ (دەيدۇ). شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟.[①]»

ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ ۋە اللەنىڭ ئوغلى، ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت ئۈچى اللەدۇر دېگەن ئەپسانىلەرنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن ئىنجىلغا قوشۇلغان

① سۈرە ئال ئىمران: 78 ـ 80 ـ ئايەتلەر.

قۇشۇلمىلاردۇر. ئۇلار بۇ قوشۇلمىلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ، اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن دېدى.

قۇرئان ئۇلارغا كۆپلىگەن سۈرىلەردە قاتتىق رەددىيە بەردى ۋە تەۋھىد ھەقىقىتىنى بايان قىلدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت تەۋھىد كەلىمىسىنىلا ئېتىقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

﴿وَإِذْ قَالَ اللَّهُ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنْتَ قُلْتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَهَيْنِ مِنْ دُونِ اللَّهِ قَالَ سُبْحَانَكَ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أَقُولَ مَا لَيْسَ لِي بِحَقٍّ إِنْ كُنْتُ قُلْتُهُ فَقَدْ عَلِمْتَهُ تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلا أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ إِنَّكَ أَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ ، مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَا أَمَرْتَنِي بِهِ أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ وَكُنْتُ عَلَيْهِمْ شَهِيداً مَا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا اللە ئېيتتى: ”ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اللەنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟“ ئىسا ئېيتتى: ”(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن.“[①]»

لېكىن، ئۇلار ئاساسلىنىدىغان ئىنجىل مەرقۇس، ئىنجىل لۇقا، ئىنجىل مەتتا، ئىنجىل يۇھەننا دېگەن ئىنجىللار بۇ ھەقتە بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى كېلىدۇ. ئىنجىللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل زىددىيەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر مەنبەدىن كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، بەشىنچى بىر ئىنجىل بولۇپ، ئۇ بولسا ئىنجىل

① سۈرە مائىدە: 116 ـ117 ـ ئايەتلەر.

بەرنابادۇر. چىركاۋ ئىنجىل بەرنابانىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى چەكلىدى. ئىنجىل بەرنابانىڭ ئۆز قوللىرىغا چۈشكەن نۇسخىلىرىنى كۆيدۈرىۋەتتى. ئۆزلىرىچە، كىمدە ئىنجىل بەرنابا تېپىلىدىكەن ئۇ كىشىگە مەھرۇملۇق، يەنى اللەنىڭ رازىلىقى ۋە مەغپىرىتىدىن مەھرۇم بولۇش جازاسى بېكىتتىمىز، دەپ تەھدىت سالدى. چۈنكى، ئىنجىل بەرنابا ئىيسا ئىنساندۇر ۋە ئەلچىدۇركى، مەبۇد ياكى ئىلاھ ئەمەس، دەپ بايان قىلىدۇ ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن دەپ بايان قىلىدۇ.

*يوشۇرۇش ئارقىلىق بۇرمىلاش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:*

ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى يوشۇرۇش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىشارەتلەرنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىدۇ. گەرچە ئۇلار يوشۇرماسلىققا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ بۇيرۇققا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلىدۇ.

﴿وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلَا تَكْتُمُونَهُ فَنَبَذُوهُ وَرَاءَ ظُهُورِهِمْ وَاشْتَرَوْا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا، اللە كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى اللەنىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى، لېكىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ

ئالغىنى نېمىدېگەن يامان![1]»

﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ وَإِنَّ فَرِيقًا مِنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

«بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.[2]»

اللە ئۇلاردىن اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىلنى تەستىقلىغان ھالدا كېلىدىغان ھەر بىر ئەلچىگە ئىشىنىش توغرىسىدا ئەھدە ئالغانلىقىنى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقىنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى بايان قىلىدۇ:

﴿وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّينَ لَمَا آتَيْتُكُمْ مِنْ كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مُصَدِّقٌ لِمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ وَلَتَنْصُرُنَّهُ قَالَ أَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَى ذَلِكُمْ إِصْرِي قَالُوا أَقْرَرْنَا قَالَ فَاشْهَدُوا وَأَنَا مَعَكُمْ مِنَ الشَّاهِدِينَ، فَمَنْ تَوَلَّى بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدىلا اللە پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى). اللە: «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنە بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. اللە: «(ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ

---

① سۈرە ئال ئىمران: 187 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 146 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بولـۇڭلار، مەنمـۇ سـىلەر بىـلەن بىلـلە گـۇۋاھ بولغۇچىلاردىنـدۇرمەن» دېدى. كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئۆرۈسە (يەنـى ئەھـدىنى بۇزسا)، ئۇلار اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.[1]»

﴿وَإِذْ قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِنْ بَعْدِي اسْمُهُ أَحْمَدُ فَلَمَّا جَاءَهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ قَالُوا هَذَا سِحْرٌ مُبِينٌ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: ”ئـى ئىسـرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللە ئەۋەتكەن، مەندىن بـۇرۇن كەلـگەن تەۋراتنـى تەسـتىق قىلغـۇچى، مەنــدىن كېـيىن كېلىــدىغان ئەھـمەد ئىسـىملىك پەيغەمبەر بىلەن خـۇش خەۋەر بەرگـۈچى پەيغەمـبەرمەن“ دېـدى. ئىسا ئۇلارغـا روشــەن مـۆجىزىلەرنى ئېلىــپ كەلـگەن چاغــدا، ئـۇلار: ”بـۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر“.[2]»

﴿الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالْأَغْلَالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُوا بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّذِي أُنْزِلَ مَعَهُ أُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

«ئـــۇلار ئەلچىـــگە ـ ئـــۇممىي پەيغەمـــبەرگە (يەنـــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئـۆز ئىلكىـدىكى تەۋرات، ئىـنجىللاردا ئۇنىـڭ (سۈپىتىنىـڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىـدۇ. ئـۇ ئـۇلارنى ياخشـى ئىـش قىلىشـقا بۇيرۇيــدۇ، يامــان ئىــش قىلىشــتىن توســدۇ، ئۇلارغــا پــاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھـارام قىلىـدۇ، ئۇلارنىـڭ ئېغىــر يــۈكىنى يېنىكلىتىـــدۇ، ئــۇلارنى ســېلىنغان تاقــاق، كــويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنـى ئۇلارغـا يـۈكلەنگەن ئېغىـر ۋەزىپىلەرنـى ئېلىـپ تاشـلايدۇ)، ئۇنىڭغـا ئىمـان ئېيتقـانلار، ئـۇنى ھـۆرمەتلىگەنلەر،

---

① سۈرە ئال ئىمران: 81 ـ 82 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە سەف: 6 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.①»

مۇشۇ تەۋسىيلەرنىڭ ھەممىسى ئەھلى كىتابقا قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلدى ۋە كىشىلەرگە ئېلان قىلىشقا بۇيرۇلغان نەرسىنى يوشۇردى.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا زىنا قىلغان بىر يەھۇدىي ئەر بىلەن يەھۇدىي ئايال ئېلىپ كېلىنىدى. رەسۇلۇللاھ مېڭىپ، ھەتتا، يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا كېلىپ "قېنى ئېيتىڭلارچۇ؟ تەۋراتتا زىنا قىلغان كىشىگە قانداق جازا بەلگىلەنگەن؟" دەپ سورىۋېدى، ئۇلار: «ئۇ ئىككىسىنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئۇلاغقا تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، كوچىدا ئايلاندۇرۇلىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر راستچىل بولساڭلار تەۋراتنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ئۇلار تەۋراتنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئوقۇپ، چالما كېسەك قىلىش ئايىتىدىن ئۆتكەن چاغدا، تەۋراتنى ئوقۇغان يىگىت چالما كېسەك قىلىش ئايىتىگە قولىنى قويىۋېلىپ، ئۇ ئايەتنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئايەتنى ئوقۇدى. ئابدۇللا ئىبنى سالام رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: يىگىتكە ئېيتقىن، قولىنى كۆتۈرسۇن، دېدى. يىگىت قولىنى كۆتۈرۈۋېدى، ئۇنىڭ قولىنىڭ ئاستىدىكى چالما كېسەك قىلىش ھەققىدىكى ئايەت ئاشكارىلاندى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىككىسىنى چالما كېسەك قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار چالما كېسەك قىلىندى.②

ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق كۈچەيتىلگۈچى ئىكەنلىكىنى، ۋەھيى ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ۋە سۇيىقەستلىرىنى خەۋەر

① سۈرە ئەئراف: 157 ـ ئايەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى مۇشۇنداق ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىنكار قىلغان يەردە، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن ۋەھيى چۈشمەيدىغان ئادەتتىكى كىشلەر ئالدىدا قانداق ئىشلارنى قىلار ـ ھە؟! ئەمما، ئۇلارنىڭ رەسۇللاھنىڭ ئەۋەتىلىشىنى ئىنكار قىلىشىغا كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابىدىكى رەسۇلۇللاھ ھەققىدىكى ئوچۇق ئاشكارا سۆزلەرنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشتى ۋە ئۇنى ئىنسانلاردىن يوشۇردى. ئۇلار مۇشۇنداق پۈتۈن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق، تەۋرات ۋە ئىنجىلدا رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىشىگە قارىتىلغان دەپ تەپسىرلەشتىن باشقا بىر شەكىلدە تەپسىرلەش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشارەتلەر ساقلىنىپ قالدى.

تەۋراتنىڭ ئەشئىيا پارىسى يىگىرمە بىرىنچى ئايەتتە مۇنداق بىر سۆز بار: «ئەرەب يۇرتلىرىدىكى، يەنى ئەرەب يۇرتلىرىنىڭ ئوڭغۇل-دوڭغۇل جايىدىكى، ئىگىز بىر تەرەپتىن ۋەھيى كېلىدۇ. ئى دەدانلىكلەرنىڭ كارۋانلىرى! ئۇسسۇز كىشىگە ئۇچرىشىش ئۈچۈن سۇ ئېلىڭلار. ئى تەيما زېمىنىنىڭ ئاھالىسى! قاچقۇنغا ئۇنىڭ نېنىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار. ئۇ قىلىچلار ئالدىدىن، سۇغۇرۇلغان قىلىچلار ئالدىدىن، كېرىلگەن يا ئالدىدىن، شىددەتلىك ئۇرۇش ئالدىدىن قېچىپ كەلدى. شۇنىڭدەك ئىگەم ماڭا مۇنداق دېدى: ئۇ چوقۇم ئىشلەمچىنىڭ يىلىغا ئوخشاش بىر يىل ئىچىدە بارلىق ئۇلۇغلۇقلارنى ۋە مىراسلارنى يوقىتىدۇ. بەنى قەيدار باتۇرلىرىنىڭ ئوقيالىرىنىڭ سانى ئازىيىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئىسرائىلنىڭ ئىلاھي بولغان پەرۋەردىگار شۇنداق دېدى.[1]»

---

① «دەدانلىكلەر» بەزى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كونا نامى. «قەيدار» قۇرەيشنىڭ بىر بوۋىسىنىڭ ئىسمى. «تەيما زېمىنىنىڭ ئاھالىسى» مەدىنىلىكلەرگە ئىشارەت. «قاچقۇن» مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلاردۇر. پۈتۈن تېكىست ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ۋەھيى چۈشىدىغانلىقىغا، مۇئمىنلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىغا،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىنجىلدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېيىلىدى: «مەندىن كېيىن فاراقلىت كېلىدۇ».

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ھەمدۇ ئېيتىش» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەمدۇ دېگەن ئەھمەدتىن چىقىرىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نامى «ئەھمەد»دۇر.

ئۇلار ئىنجىلنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدا ئۇ سۆزنى تەرجىمە قىلمىدى. ئوقۇغان كىشىنىڭ بۇ سۆزنى چۈشىنەلمەسلىكى ۋە ئىسادىن كېيىن كېلىدىغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ سۆزنى مۇشۇ پېتى قالدۇرۇپ قويىدى.

زامان ئۆتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملا پەيغەمبەر بولۇپ كەلدى.

ھىجرىيە 1365 ـ يىلى، مىلادى 1945 ـ يىلى مىسىردا چىقىدىغان ئەلئىھرام گېزىتى ئۆزىنىڭ بىر سانىدا مۇنداق بىر خەۋەرنى تارقاتتى:

«سىينادىكى سانت كاترىن چىركاۋىدا تەۋراتنىڭ قەدىمى بىر نۇسخىسى تېپىلىدى. تەۋراتنىڭ ئۇ نۇسخىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان».

كېيىن، بۇ نۇسخا يوشۇرۇۋېلىندى ۋە قايتا ئاشكارىلانمىدى. بۇيۈك اللە ھەقىقەتەن راست ئېيتتى. ئۆز ۋاقتىدا اللە مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ وَإِنَّ فَرِيقًا مِنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

«بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى

---

ھىجرەتتىن بىر يىل كېيىن بەدرى ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ شان ـ شۆھرىتى يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن باتۇرلىرىنىڭ جەڭدە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

(يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.①»

الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر سىناقتا سىناپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ سىناقتىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلدى. ئۇ سىناق بولسا الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاشقا بۇيرىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى ۋە ئەمەلى ئىجرا قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله ئۇنىڭ ئورنىغا كاتتا قۇربانلىقنى (يەنى مالنى) بەردى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارغا يېتەكچى بولۇشقا تاللىدى.

﴿وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا قَالَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. الله ئۇنىڭغا: "سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىنىدا) پېشۋا قىلىمەن" دېدى، ئىبراھىم: "مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ" دېدى. الله: "مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ" دېدى.②»

ھۆرمەتلەش مىنۇتلىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بۇ ئەھدىسى ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىغىمۇ مەنسۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە «ئەۋلادلىرىمدىنمۇ» دەپ تىلىدى. الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە :«مىنىڭ ئەھدەم زالىملارغا يەتمەيدۇ» دېدى.

ئۇنىڭ مەنىسى، ئەھدە ھەمىشە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

① سۈرە بەقەرە: 146 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 124 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئەۋلاتلىرى ئىچىدە بولىدۇ. قاچانكى، ئۇلار زۇلۇم قىلسا ئەھدە ئۇلاردىن تارتىۋېلىنىدۇ دېگەنلىكىدۇر.

ئەھدە ئەمەلىيەتتە، بەنى ئىسرائىل ئىچىدە قىلىپ قالدى. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق يولى ئارقىلىق كەلگەن ئەۋلاتلىرىدۇر.

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ فَلا تَكُنْ فِي مِرْيَةٍ مِنْ لِقَائِهِ وَجَعَلْنَاهُ هُدىً لِبَنِي إِسْرائيلَ ، وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) سەن (مىراج كېچىسىدە، يا قىيامەت كۈنىدە) مۇساغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلەنمىگىن، بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق. ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق.[①]»

لېكىن، ئۇلار زۇلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن اللە ئۇلاردىن ئەھدىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن يەنە بىر گورۇھقا، يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىسى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرىغا بەردى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئۆچمەنلىككە تولدى. ئۇلار ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىسھاق ئەۋلادلىرىدىن بولىدۇ دەپ ئويلىغاچقا قۇرەيش كاپىرلىرىغا يېقىندا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا بىر پەيغەمبەر چىقىدۇ، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز، ئۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق تېخىمۇ غالىپ بولىمىز ۋە سىلەرنى بويسۇندۇرىمىز دەيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇرەيش كۇففارلىرى ئۇستىدىن

① سۈرە سەجدە: 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

غەلبە قىلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان پەيغەمبەر مەيدانغا كەلگەندە بولسا ئۇنى ئىنكار قىلدى.

﴿وَلَمَّا جَاءَهُمْ كِتَابٌ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ مُصَدِّقٌ لِمَا مَعَهُمْ وَكَانُوا مِنْ قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُوا فَلَمَّا جَاءَهُمْ مَا عَرَفُوا كَفَرُوا بِهِ فَلَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الْكَافِرِينَ ، بِئْسَمَا اشْتَرَوْا بِهِ أَنْفُسَهُمْ أَنْ يَكْفُرُوا بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ بَغْياً أَنْ يُنَزِّلَ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ عَلَى مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ فَبَاءُوا بِغَضَبٍ عَلَى غَضَبٍ وَلِلْكَافِرِينَ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾

«ئۇلارغا اللە تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات) نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى). ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. اللە كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ اللە نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى اللەنىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى (يەنى ئىمانىنى) كۇفرىغا سېتىشى ئەجەب يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى ـ ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ[①]»

**قۇرئاننىڭ ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقى:**

اللە ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ۋە ئۆزى چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى كىتابىنىڭ زېمىندا قىيامەت كۈنىگىچە ساقلىنىشىنى ئىرادە قىلدى.

ئىلگىرىكى ھەرقانداق پەيغەمبەر پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا ئەۋەتىلگەن

① سۈرە بەقەرە: 89ـ90ـ ئايەتلەر.

ئىدى. لېكىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى:

﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعاً الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللە تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، اللەغا ۋە اللەنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار."①»

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيراً وَنَذِيرا﴾

«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق②»

شۇنىڭدەك، ئىلگىرىكى كىتابلار مۇئەييەن قەۋملەرگە چۈشكەنىدى. ئەمما، قۇرئان بارلىق ئىنسانلارغا چۈشتى.

﴿وَمَا هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ﴾

«قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر③».

شۇنىڭ ئۈچۈن اللە ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مۇكەممەل كىتابنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى

① سۈرە ئەئراف: 158 ـ ئايەت.
② سۈرە سەبەئ: 28 ـ ئايەت.
③ سۈرە قەلەم: 52 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ۋە ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى كىتاب بولۇشىنى تەقدىر قىلدى:

﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ عَمَّا جَاءَكَ مِنَ الْحَقِّ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنْكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجاً وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِنْ لِيَبْلُوَكُمْ فِي مَا آتَاكُمْ فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ إِلَى اللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعاً فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ، وَأَنِ احْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ وَاحْذَرْهُمْ أَنْ يَفْتِنُوكَ عَنْ بَعْضِ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ إِلَيْكَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَاعْلَمْ أَنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُصِيبَهُمْ بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ وَإِنَّ كَثِيراً مِنَ النَّاسِ لَفَاسِقُونَ ، أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْماً لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۇممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر اللە خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۇممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن اللە سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر ئارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۇممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) اللە سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. (ئۇلار يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار (اللە ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن اللە ئۇلارنى

جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەقىقە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر). ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللەغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار.①»

**ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئەمەل قىلىپ قۇرئاننى رەت قىلىشى قوبۇل قىلىنمايدۇ:**

﴿ قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَسْتُمْ عَلَى شَيْءٍ حَتَّى تُقِيمُوا التَّوْرَاةَ وَالْإِنْجِيلَ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر.“②»

بۇ ئايەتتە، خىتاب قىلىنغان ئەھلى كىتابقا نىسبەتەن تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بەرپا قىلىشنىڭ مەنىسى بولسا اللەنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتۇر. چۈنكى، اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىل اللەنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى كەسكىن بىكىتىدۇ. لېكىن، ئەھلى كىتاب ئۇ ئىككىسىنى بۇرمىلىدى. ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئىش بولسا تەۋرات، ئىنجىلنى قايتىدىن بەرپا قىلىشتۇر، يەنى تەۋھىدنىڭ ئەسلىگە قايتىشتۇر. تەۋرات ۋە ئىنجىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئالدى ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرىدى. دېمەك، تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بەرپا قىلىشنىڭ مەنىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا

---

① سۈرە مائىدە: 48 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە مائىدە: 68 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا چۈشكەن ۋەھىيگە يەنى ئىسلامغا ئىمان ئېيتىشتۇر.

﴿إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلامُ﴾

«ھەقىقەتەن اللەنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.①»

﴿وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلامِ دِيناً فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾

«كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر②»

ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:«مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئادەم، يەنى ھەر بىر يەھۇدىي ۋە ھەر بىر ناسارا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىككە ئىمان ئېيتماي ئۆلۈپ كەتسە دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ③»

*شۇنىڭغا ئاساسەن مۇئمىننىڭ ئىلگىركى كىتابلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:*

1 ـ مۇئمىن قۇرئاندا ئۇنىڭ بايانى كەلگەن، تارىخى تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بولغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرى، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان دېگەن كىتابلارنى اللە چۈشۈرگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

---

① سۈرە ئال ئىمران: 19 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 85 ـ ئايەت.
③ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

2ـ بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يەككە ـ يىگانە شېرىكسىزدۇر، ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش، ئاللاھ بۇيرىغان ۋە توسقان ئىشلاردا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش كېرەك دېگەن بىرلا ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

3ـ قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىدى. چۈنكى، ئۇ كىتابلارنىڭ بەزىسى پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ ئىزناسى قالمىدى. مەسىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرىگە ئوخشاش. بەزىلىرى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلاندى. مەسىلەن، تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش... دەپ ئىشىنىش.

4ـ بۇرمىلاش كۆپىنچە ئۆزگەرتىش ياكى قوشۇش ياكى يوشۇرۇش ئارقىلىق بولىدى. قوشۇپ قويۇشنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك مىساللىرىنىڭ بىرى تەۋرات سەپسەتىلىرى، ئىسانى ئىلاھ تىكلەش ۋە ئىلاھنى ئۈچ قىلىش قىسسىسى. يوشۇرۇش ئارقىلىق بۇرمىلاشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يوشۇرۇش دەپ ئىشىنىش.

5ـ ئاللاھ ئىلگىرىكى يوقىلىپ كەتكەن ۋە بۇرمىلانغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قۇرئاننى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابنى تەستىقلىغۇچى، كونترول قىلغۇچى ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن بارلىق كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى قىلىپ چۈشۈردى دەپ ئىشىنىش.

**ئاللاھنىڭ قۇرئاننى ئۆزى قوغداشقا كېپىل بولغانلىقى:**

بىز بايىلا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئاللاھ قۇرئاننى ئىلگىرىكى كىتابلارنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى قىلىپ چۈشۈردى. ئاندىن الله ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىتابىنى ئىلگىرىكى كىتابلار دۇچ كەلگەن يوقۇلۇش ۋە بۇرمىلىنىشتىن ساقلاپ قېلىشقا كېپىل بولدى.

﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.[①]»

قۇرئان اللەنىڭ ئىرادە قىلغىنىدەك ئۇزۇن تۆت ئەسىردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلدى. بۇندىن كېيىن، الله ئۇنىڭ ساقلىنىشىنى خالىسلا، ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشقا ئۇچرىمىغان، الله ئۇنى ئۆز پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەندىكىدەك ئۇنىڭ بىرەر ھەرپىمۇ ئارتۇق ياكى كەم ـ بولمىغان ھالدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

الله بۇ ئۈممەتنى تارىختىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۈممەتكە ئېھسان قىلدى.

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

«(ئى مۆھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر[②]» .

الله بۇ ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ئېھسان قىلدى:

﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولاً مِنْ أَنْفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ

① سۈرە ھىجىر: 9ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ﴾

«اللە مۇئمىنلەرگە اللەنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى.①»

شۇنداقلا، اللە بۇ ئۇممەتكە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابنى قوغداش ۋە ئۇ كىتابنى زايا بولۇپ كېتىشتىن ۋە بۇرمىلىنىپ كېتىشتىن ساقلاش ئارقىلىق ئېھسان قىلدى.

تەۋراتقا اللەنىڭ غەزىپىگە يولۇققان قەۋم ئىگىدارچىلىق قىلدى. چۈنكى ئۇلار اللەغا كۇفۇرلۇق قىلدى، پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە زېمىندا بۇزۇقچىلىقلارنى تاراتتى.

﴿وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ وَبَاءُوا بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِ الْحَقِّ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ﴾

«ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. اللەنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ اللەغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى.②»

ئۇلار سۈپەتلەنگەن سۈپەتلەرنىڭ بىرى، ئۇلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن كىتابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۇ كىتابتىكى ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ماس كەلمىگەن ئايەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىش ۋە اللە ئۇنىڭغا

① سۈرە ئال ئىمران: 164 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 61 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پاكىت چۇشۇرمىگەن سەپسەتىلەرنى قوشۇشتۇر.

﴿فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَذَا مِنْ عِندِ اللهِ لِيَشْتَرُواْ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُمْ مِّمَّا يَكْسِبُونَ﴾

«كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) ئۈچۈن، بۇ الله تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن (هارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي.[1]».

ئەمما ئىنجىلغا كەلسەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلار رىم ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن زۇلۇم سەۋەبىدىن تارقىلىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىنجىلنى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغاندەك خاتىرىلىيەلمىدى. ئۇلار رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ جاسۇسلىرىدىن قورقۇپ، ئېسىدە قالغانلىرىنى مەخپىي ھالدا ئاغزاكى تارقىتىشتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام كۆتۈرۈلۈپ ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئىنجىل خاتىرىلىنىشكە باشلىدى. ئىنجىلنىڭ ئەسلىسى ئاللىقاچان يوقۇلۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭغا خرىستىئانلار ئاغزاكى تارقىتىۋاتقان سۆزلەر قوشۇلۇپ كەتتى. يەنە تېخى ھازىر مەۋجۇت بولغان ئىنجىللار شۇ ئىنجىللارنى يازغان كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن ئېيتقاندا، چۈشۈرۈلگەن كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستى ئەمەس، ئۇ ئىنجىللار پەقەت ھەر بىر ئاپتور ئۆز ئالدىغا يېزىپ چىققان شەخسى كۆز ـ قاراشلار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلگەن بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان.

---

[1] سۈرە بەقەرە: 79 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قۇرئانغا كەلسەك، اللە قۇرئانغا تامامەن ئوخشىمايدىغان شارائىتلارنى تەييارلىدى. قۇرئان لەۋھۇلمەھپۇزدا تۇرغان ۋاقىتتا اللە قۇرئانغا تەقدىر قىلغان ساقلىنىش شۇ شارائىتلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى.

**بۇ شارائىتلار تۆۋەندىكىچە:**

1 ـ اللە قۇرئان ئۈچۈن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان بىر ئۈممەتنى تەييارلىدى. ئەرەبلەر جاھىلىيەتتە، بىر قانچە مىڭ بېيىت شېئىرنى كىتابلارغا خاتىرىلىمەستىن رىۋايەت قىلالايتتى. ئۇلار ئۇ شېئىرلارنى پەقەت ئېسىدە ساقلىۋالاتتى ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا يەتكۈزەتتى.

2 ـ اللە قۇرئاننى يادلاشقا ئاسان قىلدى.

﴿ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْآنَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِنْ مُدَّكِرٍ﴾

«ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟①».

3 ـ اللە قۇرئان ئۈچۈن ياد ئېلىش ۋە خاتىرلەپ قالدۇرۇشقا تولۇق پۇرسىتى بار، زېمىندا ئۇستۇنلۇك قازانغان، خاتىرجەم، كۆڭلى جايىدا بىر ئۈممەتنى ھازىرلاپ بەردى. قۇرئاننى ياد ئالغۇچىلار قۇرئاننى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز قولىدا يادلايتتى. ياد ئالغانلىرىنى يېزىۋالاتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە كۆزىدىن كەچۈرەتتى.

4 ـ ئاخىردا قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا تىڭشىتىش پۇرسىتىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەرنى يادلىۋالاتتى. ئاندىن ئۇنى يىلدا بىر قېتىم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا تىڭشىتاتتى. ئاخىرقى يىلى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام

---

① سۈرە قەمەر: 17ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن قۇرئاننى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى.

5 ـ قۇرئاننى توپلاپ بولغاندىن كېيىن بېھۇدە ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئورنى قالمايدۇ. بەلكى قارىلار ئەسىرلەر داۋامىدا قۇرئاننىڭ كۆچۈرۈلگەن ھەربىر نۇسخىسىنى ئىنچىكە نازارەت قىلىپ كەلدى. قۇرئان كەرىم مەتبۇئاتتا بېسىلىدىغان دەۋىر كەلگەندە چوڭ قارىلار كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ بېسىلىشىغا رۇخسەت بېرىشتىن ئىلگىرى قۇرئاننىڭ ھەر بىر ھەرپلىرىگە قاراپ چىقىدۇ.

## قۇرئاننىڭ مۇئمىننىڭ كۆڭلىدىكى ئورنى:

مۇئمىننىڭ كۆڭلىدە قۇرئانغا نىسبەتەن، باشقا ھەرقانداق كىتابقا بېرىلمىگەن ئورۇن بار. قۇرئان اللەنىڭ ئۆز ئەلچىسىگە چۈشۈرگەن، ئۇنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىنىدىغان سۆزىدۇر. مۇئمىننىڭ قەلبىدە قۇرئان ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك.

مۇئمىن ئەڭ باشتا رەببىنى ئۇلۇغلايدۇ، يەنە رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى ئۇلۇغلايدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش، قەلبىنى، يولىنى نۇرلاندۇرۇش، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا باشلاش ئۈچۈن چۈشۈرگەن سۆزىنى قانداقمۇ ئۇلۇغلىمىسۇن؟

ئۆز ئورنىدا ھۆرمەتلىك بىر ئاپتورنىڭ قولۇمغا تەگكەن بىر كىتابىنىڭ مېنىڭ قارىشىمدىكى قىممىتى ئاشۇ ئاپتورنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى مەن بىلىدىغان ئورنىغا قاراپ بولىدۇ. ئۇنداقتا، ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىنى قانچىلىك ھۆرمەتلەرمەن ـ ھە؟

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ماڭا بىلىمنىڭ مەلۇم ساھەسىدە، كىچىككىنە مەلۇمات بېرىدىغان بىر كىتاب مېنىڭ نەزىرىمدە، مېنىڭ ئۇ كىتابتىن قانچىلىك پايدىلانغانلىقىمغا قاراپ ئۇنى قەدىرلەيمەن. ئۇنداقتا، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ھەممە ياخشىلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كىتابنى قانچىلىك قەدىرلەرمەن ـ ھە؟

مېنىڭ بىر كىتابنى ئوقۇشۇم ئۇنىڭ دوستلىرىم ئارىسىدا ئورنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ كىتاب مېنى قانچىلىك يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلسا، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ شۇنچىلىك ئەتىۋارلىق كىتاب بولىدۇ. ئۇنداقتا، پەرىشتىلەر ئىچىدىكى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نەزىرىدىكى ئورنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كىتاب ماڭا نىسبەتەن قانچىلىك ئەتىۋارلىق بولار ـ ھە؟

ئۇستازىم ماڭا بىر كىتاب سوۋغا قىلغان بولسا، مەن ئۇنى ئوقۇغانسېرى ئۇستازىمنىڭ نەزىرىدىكى ئورنۇمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرىلىدىغانلىقىنى بىلسەم، ئۇ كىتابنى ئوقۇشقا شۇنچىلىك ئامراق بولىمەن. ئۇنداقتا، ئۇنى تىلاۋەت قىلىش مېنىڭ اللەنىڭ دەرگاھىدىكى ئورنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كىتابقا قانچىلىك ئامراق بولارمەن ـ ھە؟

ئاسمان ـ زېمىندىكى ئەڭ ئالى سۈپەتلەر اللەغا خاستۇر.

پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆز ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىدە، قۇرئان مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلىدە ئورۇن ئالغانىدەك ئورۇن ئالغان كىتاب تېپىلمايدۇ.

شۇنداقلا، قۇرئانغا ئوخشاش يادلانغان ۋە ئوقۇلغان كىتاب تېپىلمايدۇ. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇنى «قۇرئان» دەپ ئاتىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. دېمەك، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز نامازدا ياكى زىكرىدە ياكى دەرس ئورۇنلىرىدا ياكى تىلاۋەتتە ئوقۇلىشتىن

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

توختىمايدىغان ئوقۇشلۇق كىتابتۇر.

بىز قۇرئاننى ئوقۇشتىن سىرىت، قۇرئاننىڭ مەنالىرىنى ئويلىنىشىمىز لازىم، چۈنكى،بۇ ئۇلۇغ كىتابتا اللە بىزنى شۇنىڭغا بۇيرىغان.

﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾

«(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر.[①]»

اللە قۇرئاننى ئويلانمايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلمايدىغان كىشىلەرنى تەنقىدلەيدۇ:

﴿ أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا﴾

«ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)[②]».

بىز قۇرئاننى ئويلانغان چېغىمىزدا، چۈشىنىشىمىزگە تىگىشلىك بولغان كۆپلىگەن مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىمىز:

**1 ـ قۇرئان ئىسلامنىڭ تەربىيە يولىدۇر:**

قۇرئان ياراتقۇچى اللە تەرەپتىن: «سىلەرئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەنگەن بۇ ئۇممەتنى تەربىيىلىگەن تەربىيە كىتابىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قۇرئان ياخشى تەربىيە ئامىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرئان ئىچىدىكى ھەر بىر سۆز

---

① سۈرە ساد: 29 ـ ئايەت.
② سۈرە مۇھەممەد: 24 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

مەيلى ئىبادەت ياكى ئەخلاقى يولىيۇرۇقلار بولسۇن ياكى كىشىلەرنى اللە رازى بولمايدىغان ئىشلاردىن توسۇش بولسۇن ياكى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن تۈزۈلگەن قانۇن ـ نىزاملار بولسۇن ياكى مۇئمىنلارنىڭ بىرەر قىسسىسى ياكى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى بولسۇن ياكى ئاخىرەت كۈنى توغۇرلۇق سۆزلەش ياكى ھىساب، ساۋاپ ۋە جازا كۆرۈنۈشلىرىنى سۈپەتلەش بولسۇن ياكى اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى ياكى ھاياتتىكى قانۇنىيىتىنى ئويلىنىش توغرىسىدىكى ئەقلى كۆرسەتمىلەر بولسۇن ھەممىسى «بۇ زېمىندا ياخشى ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ تەربىيىۋى كۆرسەتمىسىدۇر».

يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا تەربىيە ۋە كۆرسەتمە ئۈچۈن كەلدى. ئايەتلەرنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئويلىنىش ۋە ئۇلارنى كەسكىنلىك، جىددىيلىك بىلەن ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە مۇئمىنلەر ئىچىدىكى مۇشۇ تەڭداشسىز بىر ئەۋلاد ياكى اللەنىڭ مۇكەممەل دەپ سۈپەتلىشىگە لايىق بولغان ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۇممەتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى بىر ئەۋلاد بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى يېتىشىپ چىقتى.

**2 ـ قۇرئان شەرىئەت كىتابىدۇر:**

قۇرئان بولسا ئىنساننىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتىنى ئىنتىزاملاشتۇرىدىغان شەرىئەت كىتابىدۇر.

قۇرئان بولسا مۇكەممەل ھاياتلىق يولىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئىنسان ھاياتىنىڭ بىرەر تەرىپىنىمۇ چالا قويمىدى. بەلكى، ئىنساننىڭ رەببى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئىنساننىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسى، ھۆكۈمراننىڭ پۇقرا بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئائىلە ئالاقىسى، ئىككى جىنسنىڭ ئالاقىسى، ئىسلامى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

جەمئىيەت ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان پىرقىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئىسلامى دۆلەتنىڭ كۇپرى دۆلەت بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدە ئوچۇق قانۇنلارنى بايان قىلدى.

بۇ مۆجىزىۋى كىتاب ئىنسان ھاياتىدىكى ھەرقانداق ئىشنى تەپسىلى ياكى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ سىياسى، ياكى ئىقتىسادى، ياكى ئىجتىمائى، ياكى ئەخلاقى، ياكى پىكرى، ياكى روھى ھاياتىدىكى ئىشلاردا بۇ كىتابتىن باشقىغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ (بۇ كىتابنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى ۋە تەپسىلاتى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە بار). مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئىشلار ھەر قانچە يېڭىلانسىمۇ، ھېچقانداق بىر ئىش بۇ كىتابنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

اللە بۇ شەرىئەتنى قىيامەت كۈنىگىچە ئىنسانلار ھاياتىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چۈشۈردى. قەلبى كېسەل كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بۇ شەرىئەت ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى چۈشكەن بۈگۈنكى كۈندە تەدبىقلاشقا ماس كەلمەيدۇ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا (ئاللا كۇفۇرلۇقتىن پاناھلىق بەرسۇن) اللە بۇ شەرىئەتنى چۈشۈرگەن ۋاقتىدا ئۇزاق ئۆتمەي ئىنسانلار ھاياتىدا قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئىشلاردىن باشقا ئىشلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ياكى بۇ شەرىئەتنى كەمتۈك چۈشۈرگەن تۇرۇقلۇق، كىشىلەرگە بۇ شەرىئەتنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقنى پەرىز قىلغان ۋە بۇ شەرىئەتنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغانلارغا دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى بىلەن تەھدىد سالغان دېگەنلىك بولىدۇ. اللە ئۇنداق نۇقساندىن پاكتۇر.

تارىختىكى مۇسۇلمانلار پۈتۈن ھاياتىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى شەرىئەتتە بار. ھاياتىمىزدا بىرەر يېڭىلىق پەيدا بولغان چاغدا، ئاساسى

مۇستەھكەم شەرىئەتتىن ھۆكۈم ئېلىشىمىز لازىم دەپ بىلدى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەندىلىرىگە رەھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تېكىست كەلتۈرمەي قويغان ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇ ئىشلاردا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە قارشى چىقماستىن، ئىجتىھاد قىلىپ كىشىلەرگە پايدىلىق ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ.

**3 ـ بارلىق ئەھۋالدا اللەنىڭ شەرىئىتى ئىنسانلار ھاياتىغا ھۆكۈم قىلىدۇ:**

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾

«كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.①»

﴿ فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً﴾ «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى،ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتاللاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.②»

قۇرئان ھاياتلىق سەپىرىدىكى يولۇچىلارنىڭ يول باشلىغۇچىسى.

قۇرئان بىزگە ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ زېمىندىكى رولىنى ۋە يارىتىلىش مەقسىتىنى، كۈچ دائىرىسىنى، ئىنساننىڭ قەيەردىن

---

① سۈرە مائىدە: 44ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 65ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

كەلگەنلىكى ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قۇرئان ئىنسانىيەت سەپىرىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى.

سەپەرگە ماڭغۇچى سەپەرنىڭ قەيەردىن باشلىنىپ، قەيەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، يولدا قايسى نەرسىلەرنى ئۇچرىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەيەردە توختايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدىغان يول باشلىغۇچىغا مۇھتاج بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ يولباشچى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولمىسا، ئۇ قارىغۇلارچە، قالايمىقان ماڭىدۇ ۋە ئۇ ئاخىرى ھالاك بولىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك سەپىرى بۇ سەپەردە ماڭغۇچىغا يول بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يول باشلىغۇچىغا مۇھتاج.

ئىنسانىيەت جاھىلىيەت مەزگىللىرىدە يول باشلىغۇچىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا، قالايمىقان ھەرىكەت قىلىدۇ، گاڭگىراش، بىئاراملىق ۋە ئىزتىراپ چېكىشكە گىرىپتار بولىدۇ. خۇددى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى بىر شائىرنىڭ ئىپادىلىگىنىدەك:

قەيەردىن كەلگىنىمنى بىلمەيمەن، كەلدىم لېكىن،

مېڭىپ كەتتىم، ئالدىمدا بىر يولنى كۆرگەنلىكتىن.

ئازغۇنلۇقنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ئىپادىسى يوق. بۇ كىرىزىس تارىختىكى ھەر بىر جاھىلىيەتتە بىر خىل شەكىلدە ياكى ھەرخىل شەكىلدە تەكرارلاندى. لېكىن، بۇ تارىختا ئۇنىڭ ئوخشىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە بولۇۋاتقان كىرىزىسلارنىڭ پەقەت بىرسىدۇر.

ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەي، ئۆزىدىن مەن كىم؟ قەيەردىن كەلدىم؟

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئۆلگەندىن كېيىن قەيەرگە بارىمەن؟ قايسى نەرسە ئۈچۈن ياشايمەن؟ قايسى مەقسەتتە ياشايمەن؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ.

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە پەيدا بولىدىغان بۇ سوئاللارنىڭ سۈزۈك، روشەن جاۋابىنى تاپالمىسا بەختسىز بولۇپ قالىدۇ، ئازىدۇ، گاڭگىرايدۇ ۋە چۈشكۈنلۈككە پاتىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ روھىنى ياراتقان اللە ئىنسان تەبىئىتىدە مۇشۇ سوئاللارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ۋە جاۋابقا مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ھايات يولى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى مۇشۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب تاپالىغان ياكى تاپالمىغانلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا، اللە ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك كىتابىدا، ئىنسان ھاياتىدىكى ھەربىر نەرسە ئۇلارنىڭ جاۋابىغا قاراشلىق بولغان ئاشۇ سوئاللارغا، روشەن، تولۇق، مۇكەممەل جاۋابلارنى چۈشۈردى

اللە ئۇنىڭغا تۇنجى قىلىپ ئىنساننىڭ زېمىندىن ئېلىنغان بىر ئۇچۇم لايدىن ۋە اللەنىڭ روھىدىن پۈۋلەنگەن روھتىن يارىتىلغانلىقىنى تونۇتتى:

﴿إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَراً مِنْ طِينٍ ، فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار."①»

يەنە ئىنسانغا ئىنساننىڭ تەن ۋە روھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھاياتى

① سۈرە ساد: 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان جىسمانى ۋە روھى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى، پەقەت جىسمانى تەرەپكىلا ياكى روھى تەرەپكىلا بېرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى ۋە ئۇنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىنى بىلدۈردى:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى.[①]».

﴿ هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى.[②]»

(﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.[③]»

(﴿ قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ، لا شَرِيكَ لَهُ ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. اللهنىڭ شېرىكى يوقتۇر.“[④]»

الله زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن ئىنساننى بۇ زېمىننىڭ خەلىپىسى قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش غايىسىنىڭ

---

① سۈرە بەقەرە: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە ھۇد: 61 ـ ئايەت.
③ سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.
④ سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىبادەت بەلگىلىملىرىنى ئىجرا قىلىش، شۇنداقلا، پۈتۈن ھايات پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ مەنىدىكى ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى، يەنى بارلىق پائالىيەتتە اللەغا يۈزلىنىش ۋە ئۇ پائالىيەتلەردە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ تەلىۋى بويىچە مېڭىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىنسانغا ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ياشىشى كېرەك بولغان يولنى تونۇتتى:

﴿قُلْنَا اهْبِطُوا مِنْهَا جَمِيعاً فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ مِنِّي هُدىً فَمَنْ تَبِعَ هُدَايَ فَلا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾.

«(ئۇلارغا) "ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ" دېدۇق.①»

﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعاً الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللە تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، اللەغا ۋە اللەنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار"②»

اللە ئىنسانغا بۇ يولنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە بايان قىلىپ بەردى.

① سۈرە بەقەرە: 38ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 158 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

الله ئىنسانغا ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئاقىۋىتىنى تونۇتتى. دۇنيا ھاياتىدىكى بۇ بىر مەيداننىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ھايات ئاخىرلاشمايدۇ. ئەگەر بۇ مەيداننىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ھايات ئاخىرلاشسا، بۇ بىھۇدە ئىش بولۇپ قالىدۇ. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله بۇنداق بىھۇدە ئىشنى قىلمايدۇ.

﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثاً وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لا تُرْجَعُونَ ، فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ ﴾

«ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟. ھەق ـ پادىشاھ الله ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.[1]»

اللەنىڭ يارىتىشىدا بىھۇدىلىك بولماسلىقى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ياخشى بىلەن يامان ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قايتا تىرىلىش، ھېساب ئېلىش ۋە مۇكاپات ـ جازا بېرىلىش لازىمدۇر.

﴿وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاءَ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَاطِلاً ذَلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ ، أَمْ نَجْعَلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَالْمُفْسِدِينَ فِي الْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ الْمُتَّقِينَ كَالْفُجَّارِ﴾

«ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش

[1] سۈرە مۇئمىنۇن: 115ـ116ـ ئايەتلەر.

قىلامدۇق؟①»

ئىنسان ئاخىرەت ھاياتىدا، كىشىلەرنىڭ زېمىندىكى ھاياتىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۆلچەم بويىچە  ھېساب بېرىدۇ.

﴿فَمَنْ تَبِعَ هُدَايَ فَلا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلا هُمْ يَحْزَنُونَ ، وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ دېدۇق. كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.②»

ئاندىن، مۇكاپات ـ جازا جەننەتتە ياكى دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بولىدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَاراً كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُوداً غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَزِيزاً حَكِيماً ، وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَداً لَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَنُدْخِلُهُمْ ظِلاًّ ظَلِيلاً﴾

«شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىگە داخىل قىلىمىز.③»

① سۈرە ساد: 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە بەقەرە: 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە نىسا: 56 ـ 57 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

شۇنداق!. قۇرئان ئىنسانغا سەپەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە، سەپەر خەرىتىسىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە ئىنسانغا يول بەلگىلىرىنىڭ ھەربىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

### 4 ـ قۇرئان اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ:

قۇرئان اللەنىڭ ئاسمان، زېمىن، قۇياش، ئاي، تاغ ـ دەريا، ئۆسۈملۈك، ھايۋان ۋە دىققەت چۈشىدىغان ھەرقانداق مۆجىزىلىرىنى ئويلىنىشقا نەزىرىمىزنى قارىتىدۇ.

قۇرئان اللەنىڭ يارىتىشتىكى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۆجىزىلىك قۇدرىتىنى تونىشىمىز، اللەغا ئىمان ئېيتىشىمىز ۋە اللەغا ھەقىقى ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن كائىناتتىكى مۆجىزىلەرگە نەزىرىمىزنى قارىتىدۇ.

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالطَّيْرُ صَافَّاتٍ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلاتَهُ وَتَسْبِيحَهُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ ، وَلِلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَإِلَى اللَّهِ الْمَصِيرُ ، أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُزْجِي سَحَاباً ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُ ثُمَّ يَجْعَلُهُ رُكَاماً فَتَرَى الْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلالِهِ وَيُنَزِّلُ مِنَ السَّمَاءِ مِنْ جِبَالٍ فِيهَا مِنْ بَرَدٍ فَيُصِيبُ بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَيَصْرِفُهُ عَنْ مَنْ يَشَاءُ يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِ يَذْهَبُ بِالْأَبْصَارِ ، يُقَلِّبُ اللَّهُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لِأُولِي الْأَبْصَارِ ، وَاللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَابَّةٍ مِنْ مَاءٍ فَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى بَطْنِهِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى رِجْلَيْنِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى أَرْبَعٍ يَخْلُقُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ، لَقَدْ أَنْزَلْنَا آيَاتٍ مُبَيِّنَاتٍ وَاللَّهُ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾

« اللەغا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ اللە ھەر(مەخلۇق) نىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر، (خالايىقنىڭ) ئاخىر قايتىدىغان جايى اللەنىڭ دەرگاھىدۇر. كۆرمەمسەنكى، اللە بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن، اللە ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئۇنى اللە خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ئۇنىڭ (زىيىنىدىن) خالىغان ئادەمنى ساقلايدۇ، چاقماقنىڭ يورۇقى (قارىغۇچىلارنى) كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. اللە كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. اللە ھەر بىر جانلىقنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ، اللە خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. شۈبھىسىزكى، بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، اللە ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ.[①]»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، اللەنىڭ دەرگاھىدىن بىزگە بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن بايلىقلاردىن ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ۋە بۇ كائىناتنىڭ ئىنتىزامى ئۇلارنىڭ تەلپىگە بويىچە ماڭىدىغان ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنى تونۇشىمىز ئۈچۈن قۇرئان بىزنىڭ نەزىرىمىزنى شۇ مۆجىزىلەرگە قارىتىدۇ:

﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار.[②]»

---

① سۈرە نۇر: 41ـ46ـ ئايەتلەر.
② سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقاً لَكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْأَنْهَارَ ، خَّرَ لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَائِبَيْنِ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ﴾

«الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، الله سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى[①]»

تۇغرا، كائىناتتىكى بۇ بايلىقلار اللەنىڭ دەرگاھىدىن ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن. لېكىن، ئىنساننىڭ زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇشىدا ئۇلاردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىنسان ئۇ بايلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش قانۇنىيىتىنى بىلىشكە مۇھتاج.

قۇرئان بىزنى ئۆزىمىزگە بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن بۇ بايلىقلارنى ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان بۇ بىلىمگە يۈزلەندۈرىدۇ:

﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِتَبْتَغُوا فَضْلاً مِنْ رَبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ وَكُلَّ شَيْءٍ فَصَّلْنَاهُ تَفْصِيلاً﴾

«كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ

---

① سۈرە ئىبراھىم: 32 ـ 33 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئــالامەتنى يورۇقلــۇق قىلــدۇق، (دىنىــي ۋە دۇنيــاۋى) ئىشــلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق[①]»

(﴿ يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىــپ چوڭىيىــدىغانلىقى، ئانــدىن كىچىكلەيــدىغانلىقى) توغرۇلــۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر"[②]»

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾

«اللە سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار[③]».

{﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾

«تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قــوراللىرى ياســىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىــگە ئالغــان، تۆمــۈردە ئىنســانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، اللە اللە نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) اللەغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىــش) ئۈچــۈن (تۆمــۈرنى يــاراتتى)، الــلە ھەقىــقەتەن كۈچلۈكتــۇر، غالىبتۇر[④]».

اللەنىــڭ پەيغەمبىــرى داۋۇت ئەلەيھىســسالام ھەققىــدە الــلە مۇنــداق

---

① سۈرە ئىسرا: 12 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 189 ـ ئايەت.
③ سۈرە مۇلك: 15 ـ ئايەت.
④ سۈرە ھەدىد: 25ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

دەيدۇ :

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ مِنَّا فَضْلًا يَا جِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُ وَالطَّيْرَ وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ﴾ «بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق. ”ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار“ (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق [1]»

﴿وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَّكُمْ لِتُحْصِنَكُم مِّن بَأْسِكُمْ فَهَلْ أَنتُمْ شَاكِرُونَ﴾ «جەڭلەردە سىلەرنى (يارىدار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار)[2]»

بۇ كۆرسەتمىلەر ۋە قۇرئاندىكى ئۇنىڭدىن باشقا كۆرسەتمىلەر سەۋەبىدىن، مۇسۇلمانلار بۇ ئىلىم-پەنگە، بولۇپمۇ تەجرىبە پرىنسىپىغا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىلمى تەتقىقاتتا تەجرىبىنى ئاساس قىلىش ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈردى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەكتەپلىرىدە بىلىم ئالغاندىن كېيىنكى ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن ئىلىم-پەن جەھەتتىكى گۈللىنىش شۇ خىل ئاساستا بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلىم-پەن يۇنانلىقلارنىڭ قولىدا پۈتۈنلەي نەزەرىيە بولۇپ، چوڭ ئىلگىرىلەشلەرگە تۇرتكە بولالمايتتى.

**5 ـ قۇرئان ئىنسان ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قانۇنىيەتلەرنى ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ:**

شۇنىڭدەك، بۇ قانۇنىيەتلەرنى تونۇشىمىز، ھاياتىمىزنى ئۇلارنىڭ

---

① سۈرە سەبەئ: 10 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنبىيا: 80 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

تەقەززاسى بويىچە تۈزۈشىمىز ئۈچۈن، قۇرئان ئىنسانلارنىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتى شۇ بويىچە داۋام قىلىدىغان ئىلاھى قانۇنىيەتلەرگە نەزىرىمىزنى قارىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلاھى قانۇنىيەتلەر ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئالماشمايدىغان قانۇنىيەتلەردۇر.

﴿فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَبْدِيلاً وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَحْوِيلاً﴾

«اللەنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، اللە يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابىنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن.①»

مۇئمىنلەر اللەنىڭ بۇيرۇقى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرسا، اللەنىڭ ئۇلارنى ئىزباسار قىلىشى ۋە زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشى، ئۇلارغا تىنىچلىق، خاتىرجەملىكنى بېرىشى، شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بەرىكەت ئاتا قىلىشى مۇشۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً﴾

«اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.②»

﴿وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِنْ بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ﴾

---

① سۈرە فاتىر: 43 ـ ئايەت.
② سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق.[1]»

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ﴾

«(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق[2]»

بىراق، كاپىرلار زېمىندا ھۆكۈمرانلىققا ئىگە بولۇشتىن چەكلەنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىققا ئېرىشىشى باشقا بىر قانۇنىيەت ئاساسىدا بولىدۇ.

﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاءُ لِمَنْ نُرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُ جَهَنَّمَ يَصْلاهَا مَذْمُوماً مَدْحُوراً ، وَمَنْ أَرَادَ الْآخِرَةَ وَسَعَى لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ كَانَ سَعْيُهُمْ مَشْكُوراً ، كُلاًّ نُمِدُّ هَؤُلاءِ وَهَؤُلاءِ مِنْ عَطَاءِ رَبِّكَ وَمَا كَانَ عَطَاءُ رَبِّكَ مَحْظُوراً﴾

«بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، ( اللەنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (اللەنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ

---

[1] سۈرە ئەنبىيا: 105 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف: 96 ـ ئايەت.

ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ[1]»

﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لا يُبْخَسُونَ ، أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

« (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) هاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى(يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن هېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان(ياخشى) ئەمەللىرى هېسابقا ئېلىنمايدۇ[2]»

﴿ فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ هەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار هەسرەتتە قالدى[3]»

مۇئمىنلەر دۇنيادا زېمىننى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن هۆكۈمرانلىققا ئىگە بولىدۇ. يەنە ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت ئۇلارغا مەنسۇپ. ئۇلار نېئمەتلىك جەننەتلەرگە ۋە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ.

(﴿ الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾

---

① سۈرە ئىسرا: 18ـ20ـ ئايەتلەر.
② سۈرە هۇد: 15ـ16ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە ئەنئام: 44ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«اللەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللەغا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللەغا قايتىدۇ)[①]»

ئەمما، كاپىرلار سىنىلىش ۋە جازالىنىش سەۋەبىدىن ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇلار اللەدىن يىراقلاشقان چاغدا، ئۇلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، بەھرىمەنلىك ئىشىكلىرى ئېچىۋېتىلىدۇ، ئۇلارغا دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ اللەنىڭ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى، اللەنىڭ ئۇلارنى ناھايىتى قاتتىق جازالىشى ئۈچۈندۇر.

﴿حَتَّى إِذَا أَخَذَتِ الْأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَازَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَا أَنَّهُمْ قَادِرُونَ عَلَيْهَا أَتَاهَا أَمْرُنَا لَيْلاً أَوْ نَهَاراً فَجَعَلْنَاهَا حَصِيداً كَأَنْ لَمْ تَغْنَ بِالْأَمْسِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزم قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، (زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.[②]»

شۇنىڭغا ئوخشاش، مۆئمىنلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن كاپىرلارنىڭ ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشى ئوتتورىسىدا پەرىق بار. مۆئمىنلەرگە اللە «ئاسمان زېمىندىكى بەرىكەتلەرنى» بېرىدۇ. ئۇلار

---

① سۈرە ھەج: 41ـ ئايەت.

② سۈرە يۇنۇس: 24ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

خـاتىرجەم، كۆڭۈللـۈك ياشـايدۇ، شـۇنىڭ بىـلەن بىـر ۋاقىتتـا ئـۇلار بەرىكەت، ساغلاملىق، مال ـ دۇنيا ۋە ئەۋلاتـلار ئىچىـدە ياشـايدۇ. ئەممـا كاپىرلار، الله ئۇلارغا مـاددى رىـزىقتىن ھەمـمە نەرسـىنىڭ ئىشـىكلىرىنى ئېچىۋېتىــدۇ. لـېكىن، ئـۇ مـاددى رىزىـق بەركەتسـىز، خاتىرجەمسـىز ۋە ئىشەنچسـىزدۇر. چـۈنكى، خاتىرجەملىــك پەقەت اللهنــى ئەسلەشــتىن كېلىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار اللهنى ئەسلىمەيدۇ.

(﴿ الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾

«(تەۋبە قىلغـانلار) ئىمـان ئېيتقـانلار بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ دىللىـرى اللهنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركـى، دىـللار اللهنـى يـاد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.①»

شۇنىڭدەك، ئىنسانلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىـدىن ئـۆزگەرتىش مـۇمكىن بولمايـدىغان مـۇقەررەر نەتىجىــلەر كېلىــپ چىقىــدۇ. چـۈنكى اللهنىڭ قانۇنىيتى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئالماشمايدۇ .

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ لِيُذِيقَهُمْ بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

«ئىنسـانلارنىڭ قىلغـان گۇنـاھلىرى تۈپەيلىــدىن، قۇرۇقلۇقتـا ۋە دېڭىــزدا ئـــاپەت يـــۈزبەردى، الــله ئـــۇلارنى تەۋبە قىلســۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.②»

﴿وَإِذَا أَرَدْنَا أَنْ نُهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيراً﴾

«بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭـدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتـائەت قىلماي، پىسقى ـ پاسـات قىلىـدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئـازابىمىز تېگىشلىك

① سۈرە رئد: 28ـ ئايەت.
② سۈرە رۇم: 41ـ ئايەت.

بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز[1]».

﴿ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّراً نِعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَى قَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

«بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە اللە ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، اللە (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[2]»

﴿وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْماً غَيْرَكُمْ ثُمَّ لا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾

«ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللەغا ئىتائەت قىلىدۇ)[3]».

نەتىجىلەر اللەنىڭ تەقدىرى بويىچە چىقىدۇ. بىراق، اللە بىزگە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ زىمىنىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

@ @ @ @ @

① سۈرە ئىسرا: 16ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنفال: 53ـ ئايەت.
③ سۈرە مۇھەممەد: 38ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

## چوڭ تارىخى ھادىسىلەرنى بىلىش

بىز اللەنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تارىختىكى چوڭ ھادىسىلەرنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. شۇنداقلا، بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنىمىزنى تونۇپ يېتەلەيمىز ۋە كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنىشىمىزنى رېئاللىق تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ چىقالايمىز.

مۇسۇلمان ئۈممەت اللەنىڭ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىكى ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىلەرنى خەلىپە قىلىش ۋە ئۇستۇنلىككە ئېرىشتۈرۈش ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن اللەنىڭ بۇيرۇقى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان ۋاقىتلاردا، اللەنىڭ مۇسۇلمان ئۈممەتنى زېمىندا ئۇزاق مۇددەت، كەڭ رايونلاردا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگەنلىكى ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆزى ھۆكۈمران بولغان چاغدا زېمىننىڭ ھەر تەرىپىگە ياخشىلىقلارنى تارقاتقانلىقى ۋە ئىسلامى ئادالەتنى بەرپا قىلغانلىقى تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

يەنە شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلار اللە ئۇلارنى تەييارلىغان ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادى، ئىلمى ۋە مەدەنىيەت ساھەدىكى تەرەققىياتىنىڭ چېكىنىشى تارىختىكى ئەڭ چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بىرىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ئۆزلىرى اللەنىڭ بۇيرۇقى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئاندىن، ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە قوماندانلىرى بولۇشتۇر. ئۇلار اللەنىڭ يولىدىن ئېغىپ كەتكەن ۋە ھەقىقى ئىسلامدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدا اللەنىڭ ئۇلارغا بەلگىلىگەن قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە مۆئمىن قەۋمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقى ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

﴿قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَاماً قَالَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي قَالَ لا يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ﴾

«اللە ئۇنىڭغا: "سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. اللە: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ" دېدى.①»

اللەغا ۋە اللەنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتمايدىغان جاھىلىيەتتىكى مىللەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان ياۋرۇپانىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى، سىياسى، ھەربىي ۋە ئىلمى ئىشلاردا، مېخانىكا تەرەققىياتىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى تارىختىكى ئەڭ چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بىرىدۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر ياۋروپا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ ھۆكۈمرانلىقتىن، بۇ ئۈستۈنلۈكتىن ھەيران قالىدۇ ۋە بۇ ئىش اللەنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، اللەنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئويلىنىش بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، تارىختا يۈز بەرگەن ھېچقانداق ئىش اللەنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا يۈز بەرمەيدۇ ۋە ئۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ئىشلارنىڭ اللەنىڭ قانۇنىيىتىدىكى جاۋابىنى مۇنداق تەھلىل قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچى، جاھىلىيەتتىكى بۇ مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر مۇسۇلمان ئۈممەت ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تەرەپتىن سادىر بولغان ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويۇش نەتىجىسىدە ھاكىمىيەتكە ئېرىشتى.

---

① سۈرە بەقەرە: 124 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئىككىنچى، بۇ مىللەتلەر ئۆستۈنلۈككە ئىگە بولغان چاغدا، زېمىندا بۇزۇقچىلىق تارالدى (ئەلۋەتتە بۇ، ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى سەۋەبىدىن بولدى).

ئۈچىنچى، بۇ ئۈستۈنلۈكنى قۇرئان اللەنىڭ «بىز ئۇلارغا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋېتىمىز» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولۇپ، مۇئمىنلەر زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنغان چاغدا مۇئمىنلەرگىلا بېرىلىدىغان بەرىكەت ئۇنىڭدا مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ئۈستۈنلۈكتە اللەنى ئەسلەشتىن كېلىدىغان خاتىرجەملىك مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭدا پەقەت روھى كېسەللىك، نېرۋا كېسەللىك، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، جىنايەت، بىئاراملىق، روھى قالايمىقانچىلىق، گاڭگىراش ۋە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشلا مەۋجۇت.

بىراق، ئۇلارنىڭ ستاتىستىكىلىرىدا كۆرستىلىشىچە، بۇ خىل ھالەت كۈنسىرى ئېشىپ بارماقتا.

تۆتىنچى، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتچە مەدەنىيىتى اللەنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ۋەيران بولۇش يولىغا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ.

كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ماددى تەرەققىياتىنىڭ ئارقا كۆرنۈشىنى كۆرەلەيدىغان كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر بۇنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز مۇتەپەككۇرلىرىمۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ ۋەيران بولۇش بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا يۈز بەرمەيدۇ.

چۈنكى، اللە مۇنداق دەيدۇ :

﴿وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ وَلَنْ يُخْلِفَ اللَّهُ وَعْدَهُ وَإِنَّ يَوْماً عِنْدَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ مِمَّا تَعُدُّونَ ، وَكَأَيِّنْ مَنْ قَرْيَةٍ أَمْلَيْتُ لَهَا وَهِيَ ظَالِمَةٌ ثُمَّ أَخَذْتُهَا وَإِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

يۈزىسىدىن سەندىن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ)، اﷲ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. اﷲ بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر. نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ.①»

مانا بۇلار بىزنىڭ قۇرئان كەرىمدىن چۈشەنگەن ئىلاھى قانۇنىيەت كۆزنىكىدىن ئۆتمۈش ۋە ھازىرغا بولغان قارىشىمىزدۇر.

بىز يوقۇتۇپ قويغان كۈچ قۇۋۋەتنى، ئورۇنباسار بولۇشنى، ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشنى ۋە خاتىرجەملىكنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەلپۈنىمىز. بۇ ئىشلار بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، چۈنكى، اﷲ بۇ ئۇممەتنى خارلىق، ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىك ئۈچۈن چىقارغان ئەمەس .

﴿ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ﴾

«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، اﷲنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر②» .

﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾

---

① سۈرە ھەج: 47ـ48ـ ئايەتلەر.
②سۈرە ئەنفال: 60ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

« غەلىبە اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنى اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ①».

لېكىن، بۇ ئىشلار كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جىھاد قىلمىغۇچە قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ئىشقا ئاشمايدۇ.

﴿لَيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ يَعْمَلْ سُوءاً يُجْزَ بِهِ ﴾

«(اللە ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ.②»

﴿إِنَّ اللَّهَ لا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللە ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ).③»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ، إِلاّ تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَاباً أَلِيماً وَيَسْتَبْدِلْ قَوْماً غَيْرَكُمْ وَلا تَضُرُّوهُ شَيْئاً وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا

---

① سۈرە مۇناپىقۇن: 8ـ ئايەت.
②سۈرە نىسا: 123ـ ئايەت.
③ سۈرە رەئىد: 11ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھاياتىدىن بەھىرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، اللە سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر اللەغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر.①»

﴿الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُوا أَوْلِيَاءَ الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفاً﴾

«مۇئمىنلەر اللە يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.②»

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ يەر شارىدىكى تېگىشلىك ئورنىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، يول مانا مۇشۇ!

بىز بۇلارنى قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن ئىلاھىي قانۇنىيەتتىن ئەنە شۇنداق ئېنىق ۋە سۈزۈك كۆرۈپ يەتتۇق.

### قۇرئانغا ئىمان ئېيتىشنىڭ تەلەپلىرى:

بىرىنچى، قۇرئاننىڭ اللەنىڭ ئۆز ئەلچىسىگە چۈشۈرگەن سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش بىزنىڭ ھاياتىمىزدا قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىزنىڭ مۇئەييەن تەسىرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ تۇنجى تەلىپى بىزنىڭ قۇرئان بىلەن بىر گەۋدە بولىشىمىز، ئۇنى تىلاۋەت قىلىش ۋە يادلاش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشىمىزدۇر. چۈنكى،

① سۈرە تەۋبە: 38ـ39ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نىسا: 76 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قۇرئان باشقا ھەر قانداق ھەمراھ ياكى سىرداشتىنمۇ بەكرەك ھەمراھ ۋە سىرداش بولۇشقا ئەڭ لايىق.

مۇئمىن مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن اللەنىڭ مۇشۇ قۇرئان بىلەن ئۇنىڭغا خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى، اللەنىڭ ئۆز يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلىرىنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا، اللەنىڭ ئۇلارنى ھەرگىز زايا قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى بىكار تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى، بەلكى، اللەنىڭ ئۆز تەرىپىدىن ئۇلارغا ھىدايەت ۋە نۇرنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە ھېس قىلالىشى مۇئمىن ئۈچۈن يېتەرلىك بەختتۇر.

﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَكُمْ بُرْهَانٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكُمْ نُوراً مُبِيناً ، فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَاعْتَصَمُوا بِهِ فَسَيُدْخِلُهُمْ فِي رَحْمَةٍ مِنْهُ وَفَضْلٍ وَيَهْدِيهِمْ إِلَيْهِ صِرَاطاً مُسْتَقِيماً﴾

«ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. اللەغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئانغا) چىڭ يېپىشقانلارغا كەلسەك، اللە ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ۋە نېمىتىگە (يەنى جەننىتىگە) داخىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ①»

مۇئمىن ئۆزىنىڭ اللەنىڭ نازارىتىدە، ئۇنىڭ كۆيۈمچانلىقى ۋە مېھرىبانلىقى دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ھېس قىلالىشى ئوخشاشلا مۇئمىن ئۈچۈن يېتەرلىك بەختتۇر.

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾

① سۈرە نىسا: 174 ـ 175 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن[1]» .

مۇئمىننىڭ پەرۋەردىگارىغا ئەڭ بەك يېقىنلاشقان ۋاقتى ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدىكى قىيامدا ۋە سەجدىدە تۇرغان ھالىتىدۇ. شۇنداقلا، قۇرئاننى تەپەككۇر قىلغان ھالدا تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالىتىدۇر.

قۇرئان بىلەن بولغان ھايات ھېسنى ئويغىتىدۇ، قەلبنى ئاچىدۇ ۋە روھنى سۈزۈكلەشتۈرىدۇ. ئاندىن ئىنسان تەنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن يېنىكلىشىدۇ ۋە زېمىننىڭ ھالاۋەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتالايدۇ.

ئىككىنچى، قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش بىزدىن ئۆزىمىزنى قۇرئان ئارقىلىق تەربىيىلەپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

چۈنكى، قۇرئان بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەندەك «ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولغان» ئۈممەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئاممىباپ بولغان ئىسلامنىڭ تەربىيە كىتابى.

بىز ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا قۇرئاندىكى بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلارنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلاش ئۈچۈن ئوقۇيمىز.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغاندا ئۇ «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دېگەن. بۇ ئۆزى قىسقا، لېكىن، مەزمۇنى ناھايىتى مول جۈملە. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا كەلگەن ھەرقانداق بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلارنى ئۆز

[1] سۈرە بەقەرە: 186 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ھاياتىدا ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان تەرجىمان ئىدى.

ئىنسانلاردىن بىرەرسى ھەر قانچە تىرىشسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بولالمايدۇ. لېكىن، اللە بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈلگە ئېلىشقا بۇيرىدۇ:

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾

«سىلەرگە ـ اللەنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر[1]»

ئاندىن اللە بىزگە رەھمەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾

«تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار[2]»

ئۇنداقتا، بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە قۇرئاننى يادلاش ۋە ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قۇرئان ئارقىلىق تەربىيەلەپ چىقىش.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى قۇرئاندىكى ئەڭ ئاساسلىق تەربىيە ئاملى ئەقىدىدۇر.

مۇسىتەھكەم، توغرا ئەقىدە تارىختا تەڭداشسىز بولغان مۇشۇ ئۇممەتنى تەربىيىلەپ چىقىشتىكى تۈنجى قورال بولغان. قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئارقىلىق تەربىيەلەپ چىققان تۈنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلار پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى چوققىغا ئايلانغان.

---

① سۈرە ئەھزاب: 21 ـ ئايەت.
② سۈرە تەغابۇن: 16 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ئەقىدە دېگەن تىل بىلەن «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى» دەپ قويۇشلا ئەمەس. بەلكى، ئەقىدە دېگەن ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىدىغان سۆز ۋە ھاياتنىڭ مۇكەممەل پرىنسىپىدۇر... ئەقىدە دېگەن اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، زېمىن يۈزىدە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىنىدىغان مۇكەممەل ھاياتتۇر.

اللەنىڭ كىتابىدىكى ئەقىدە سۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ چوڭ ساھە بۇ سۆزنىڭ ئىغىزدىلا دېيىلىدىغان قۇرۇق «گەپ» بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، بەلكى، رېئال دۇنيادا كۆرۈنەرلىك ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى، تۈيغۇ ۋە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

﴿أَفَمَنْ يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ ، الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلا يَنْقُضُونَ الْمِيثَاقَ ، وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ ، وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرّاً وَعَلانِيَةً وَيَدْرَأُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُولَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللەنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ ئەھدىگە (يەنى اللە تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اللەنىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اللەدىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (اللە يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن ياماان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ[1].»

يەنە شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، اللەنىڭ كىتابىدىكى ئەقىدە مەسىلىسىنى بايان قىلىش ھەققىدە كەلگەن اللەنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئىسلام تارىخىدىكى ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ قىلغىنىدەك تالاش ـ تارتىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىشىمىز ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەر اللەنى تونۇشىمىز، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەستىن، بۇرمىلىماستىن، ئەينەن چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن. نەتىجىدە مۆمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ تاللانغان ساھابىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىسلام ھەقىقىتى ئاساسىدا تەربىيىلىنەلەيدۇ.

﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾

«اللە ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر[2]»

بۇ ئايەت بىزگە بىر تەرەپتىن رىزىق بېرىش ھېچكىم ئاڭا شېرىك بولالمايدىغان يېگانە بىر اللەغىلا خاس ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ بىزنى اللەدىن باشقا رىزىقنى زىيادە قىلىپ بېرەلەيدىغا ياكى ئۇنى كېمەيتىۋېتەلەيدىغان ياكى ئۇنى توسۇپ قويالايدىغان، ھەتتا رىزىقتىن قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە بولالايدىغان بىرەرسىنىڭ يوقلىقىغا بولغان ئىمان ھەقىقىتى ئاساسىدا تەربىيەلەپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق بولغان ئىكەن بىز رىزىق تەلەپ قىلىشتا اللەدىن

---

① سۈرە رەئد: 19 ـ 22 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە زارىيات: 58 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

باشقىغا يىلىنىشىمىز، رىزىقنى دەپ ھەقتىن تېيىلىپ كېتىشىمىز ياكى رىزقىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ زالىملارغا ئەگىشىپ كېتىشىمىز ھەرگىز توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. كۆرۈنۈشتە ئىنسان ئۇنى ـ بۇنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلار پەقەت اللەنىڭ تەقدىرى بىلەنلا بولىدۇ.

ئەقىدە ئاساسىدا تەربىيىلەش دېگەن پەقەت ئەقىدە ھەقىقەتلىرى توغرىسىدىكى نەزىرىيەلەرنى تونۇپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر سەن كىشىلەرگە يالغۇز اللەلا رىزىق بەرگۈچى دېسەڭ ئۇلار بۇنى تەستىقلاپ «ئەلۋەتتە شۇنداق» دەيدۇ. ئەمما ئۇ بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ياكى ئۇ رىزقى توغرىسىدا تەھدىتكە ئۇچرىسا ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇ ھەقىقەت تەۋرەپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقىقەت ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئورۇنلاشمىغان.

قۇرئاندا مۇشۇ شەكىلدە كەلگەن اللەھنىڭ بارلىق ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئۇلۇھىيەت ھەقىقىتىنى، رۇبۇبىيەت ھەقىقىتىنى ۋە اللەنىڭ زىيان يەتكۈزگۈچى، پايدا يەتكۈزگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، رىزىقنى كەڭرى قىلغۇچى ياكى تار قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن قەلبىمىزدە مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىشى، ئاندىن مۇشۇ ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان رىئال ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، بىز ئۆزىمىزنى خۇددى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار تەربىيىلەنگەندەك قۇرئاندا كەلگەن ئىمان ھەقىقەتلىرى ئاساسىدا تەربىيىلىگەن بولىمىز.

مانا بۇلار بىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمىزنىڭ، شۇنداقلا، ھاياتىمىزنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنىڭ ئىسلامى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنداقلا، بىزنىڭ خۇسۇسى ئىشلىرىمىزمۇ اللەنىڭ كىتابىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، توغرا بولۇش ئۈچۈن راستچىللىق، ئىشەنچ، پاكلىق

ۋە سەممىيەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.

﴿ قُلْ تَعَالَوْا أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ أَلَّا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَلا تَقْتُلُوا أَوْلادَكُمْ مِنْ إِمْلاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ وَلا تَقْرَبُوا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَلا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ، وَلا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّى يَبْلُغَ أَشُدَّهُ وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ لا نُكَلِّفُ نَفْساً إِلَّا وُسْعَهَا وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُوا وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَى وَبِعَهْدِ اللَّهِ أَوْفُوا ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ، وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيماً فَاتَّبِعُوهُ وَلا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، ”سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، اللە هارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر اللەغا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، اللەنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، اللەغا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ“. بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللەنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (اللەنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن)

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(1 ـ قىسىم)

ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ[1]»

شۇنداقلا، قۇرئان بىزنىڭ شەخسىي ھاياتىمىزنىڭ ئاساسى بولغىنىدەك ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭمۇ ئاساسى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئىسلام اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتا شەخس، جامائەت دەپ ئايرىمايدۇ.

دېمەك ھۆكۈم اللەنىڭ قانۇنى بىلەن بولۇشى كېرەك.

بىزنىڭ ئىقتىسادى مۇئامىلىمىز اللە ھالال قىلىپ بەرگەن دائىرىدە بولۇشى كېرەك.

بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىمىز مەيلى ئائىلىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، مەيلى ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ئەكسى ئەتسۇن، مەيلى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلەنسۇن بىردەك اللە بەلگىلىگەن پرىنسىپ دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك.

بىز ئۆگىنىۋاتقان ۋە تارقىتىۋاتقان ئىدىيىلەر ئىسلام چۈشەنچىسى ۋە ئىسلام يوليورۇقلىرى بىلەن بىردەك بولۇشى، اللە بىزگە ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك كىتابىدا پەرز قىلغان بىرەر ئىش بىلەن قارشى كېلىپ قالماسلىقى كېرەك.

بىز شۇنداق قىلغاندىلا، ھەقىقى قۇرئان ئۈممىتى بولالايمىز.

(اللەنىڭ ياردىمىدە بىرىنچى قىسىم تاماملاندى.)

@ @ @ @ @

---

[1] سۈرە ئەنئام: 151 ـ 153 ـ ئايەتلەر.